ISSN 1002-9044




ISSN 1002-9044
02>
9 771002 904009

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىجادىيەت ۋە مۇھاكىمە



«تارىم» ژۇرنىلى 1995-يىل 21-دېكابىر نەشرىي ئەسەرلەر ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە يىغىندىن كۆرۈ-نۈشلەر

يىغىن مەيدانى



3-قېتىملىق «تارىم ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن بىر قىسىم ئاپتورلار



يىغىندىن كېيىنكى خاتىرە

قېيۇم تۇرسۇن فوتوسى

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

46 - يىل نەشرى

2

1996


باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلىرى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، تۇبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس باراتى، ئىمىن تۇرسۇن.

www.uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


داۋۇتجان ساۋۇت ............... دوستۇمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى (ھېكايە) ......... 4
نۇرمۇھەممەت توختى ......... خوتەندىن خەت (ئەدەبىيات ئاخبارات) ......... 15
مەتسېلىم مەتقاسىم ........... باھار يەنە كېلىدۇ (پوۋېست) ................. 51
غوپۇر شاكىر ................. ھۇنەرۋەن (ھېكايە) ........................ 79
جاپپار قاسىم ................. غايىب بولغان يازغۇچى ...................... 82
تۇرسۇن يۈسۈپ ............... رازىيە (پوۋېست) ........................... 92


## شېئىرلار


مۇھەممەتجان راشىدىن ......... شۇ ئادەملەر ............................ 42
رەخىم قاسىم ................. رۇبائىيلار ............................. 45
ئابلەت ئابدۇللا .............. ۋىسال قۇچسام مۇبادا ........................ 47
مۇھەممەت روزى .............. ياشلىقىمنى تالاشما يىللار ..................... 47
نۇرمۇھەممەت زامان ........... دېڭىزدا سەھەر .......................... 48
مۇھەممەت ئىمىن .............. يېڭىش تۇيغۇلىرى ......................... 49
ياسىن زىلال ................. ساداقەت (داستان) ....................... 116


## ئۈمىد چېچەكلىرى (18)

(شېئىرلار)


ئىدرىس رۇسۇل تەمكىن ......... ئىككىنچى يوقىتىش ........................ 85
ئۆمەرجان سىدىق .............. باغرىمغا يېقىلغىن سۆيۈملۈك لالەم ............. 87
مۇھەممەت كامال .............. ياپراقتىكى شەبنەم جۇلاسى .................... 87
مۇرات ناسىر ................. شاراب غەۋغالىرى ......................... 88
تۇرغۇن ئۇبۇلقاسىم يىلتىز ........ پاشا، شىر ۋە ئىت ....................... 89
ئۆمەرجان شاۋۇدۇن ............ ئۈچ غەزەل ............................. 90

ئابلىمت مجت............ تەڭپۇڭلۇقتا ياشايدۇ جاھان................ 91


## ماقالىلەر


مەھەممەت شاۋۇدۇن............ نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرەيلى ........................124


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


مۇھەممەتجان سادىق............ شېئىرىيىتىمىزدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ... 131


## خاتىرە ۋە ئەسلىمە


ئابدۇكېرىم ھاشىم............ ئۇنتۇلماس كۈنلەر.............................. 153


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


« تارىم » ژۇرنىلىنىڭ نەسرىي ئەسەر ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.................. 158

خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن « يېڭى قاشتېشى » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈردى......................159

ئۇچۇرلار...................... 160


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ
مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن

www.uyghurkitap.com

داۋۇتجان ساۋۇت

# دوستۇمنىڭ سەرگۈزەشتلىرى

( هېكايە )

شەنبە كۈنى ئىدى. ئىشخانامنىڭ دېرىزىسىدىن كىرىۋاتقان باش كۈزنىڭ سالقىن شامىلى يۈزۈمگە ئۇرۇلۇپ، چاچلىرىمنى يەلپۈيتتى، بۈگۈن ئىمىشقىدۇر كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ئىدى. تۈرۈپلا ناخشا ئېيتقۇم، ۋارقىرىغۇم كېلەتتى. ئىشخانىنىڭ ئىچىنى پاكىز سۈپۈرۈپ-تازىلاپ، چايدانىدا قايناق سۇ ئېلىپ كىرىپ قويۇپ، ئورۇندۇققا چۆكتۈم-دە، ھۆججەت كۆرۈشكە باشلىدىم. ئارىدىن بىرەر سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن بىنانىڭ بىرىنچى قەۋەت كارىدورىدا بىرىنىڭ: «ئۇكام، ناسىر مەرۇپنىڭ ئىشخانىسى قايسى؟» دەپ سورىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆپ ئۆتمەي بىرەيلەن ئىشىكنى چەكمەيلا ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئاچچىقىم بىلەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ، تەقى-تۇرقىغا زەن سالدىم. كىرگۈچىنىڭ سىياقى كۆزۈمگە تونۇشتەك كۆرۈندىيۇ، لېكىن نەدە كۆرگەنلىكىمنى يادىمغا ئالالمىدىم. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا كۆك يوللۇق سارجىدىن تىكىلگەن كاستۇم-شىم، بېشىدا چەت ئەلنىڭ يازلىق شلەپىسى، ئايىغىدا قول بىخى قىلىپ تىكىلگەن يېڭى پاسوندىكى شىبلىت بار ئىدى. تاقىۋالغان قارا كۆزەينىكى ئۇنىڭ يۈزىنىڭ كۆپ قىسمىنى توسۇپ تۇراتتى. خىيالىمدا مەن ئۇنى، تاشقى پىرېۋوت تېگىشكىلى كەلگەن سودىگەر يا بولمىسا تاسادىپەن چەت ئەلگە چىقىشقا تەستىقلىنىپ قالغان ھۆكۈمەت خىزمەتچىسىمىكىن دەپ پەرەز قىلدىم، چۈنكى مېنى ئاشۇنداق كىشىلەر كۆپرەك ئىزدىشەتتى. شۇڭا مەن ئاغزىمنىڭ ئۇچىدىلا «قېنى ئولتۇرۇڭ، نېمە ئىش بىلەن كېلىۋىدىڭىز؟» دەپ سوراپ قويدۇم.

مېھمان ئۈنچىقماي يېنىمغىلا كېلىپ يالغۇز كىشىلىك سافاغا گۈپپىدە ئۆزىنى تاشلىدى-دە، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كۆزەينىكىنى قولىغا ئالدى.

— ۋاھ... ھوي بۇسەنمىدىڭ، سەن راستىنلا ئاشۇ ئۆمەر ياۋايىمۇ-ھە؟— خۇشاللىقىمدىن قاتتىق ۋارقىراپ كېتىپتىمەن. ئەسلىدە ئۇ مېنىڭ مازار ياغاچ مەھەل-

لىسىدىكى كونا خىزمەتدىشىم ۋە قەدىناس
ئاغىنەم ئۆمەر ئىكەن. ئارىدىن يىگىرمە
يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، شۇ كەمگىچە بىز
بىر-بىرىمىز بىلەن كۆرۈشمىگەنىدۇق. ئۆمەر
بۇرۇنقىدىن كۆپ سەمرىپ كېتىپتۇ، بويى
بولسا پاكارلاپ قالغاندەك ئىدى.

— ھە، ئەمدى تونۇدۇڭمۇ، مەن
كۆزۈڭگە يەنىلا ياۋايى بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىمەن-
ما؟ — مەن ئۆمەرنىڭ سۆزىگە جاۋاب
بەرمەي ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ
ئىككى مۈرىسىنى قاماللاپ تۇتۇپ سىلكىپلا
كەتتىم. بۇ بىزنىڭ ياش چېغىمىزدىكى
كۆرۈشۈش، سالاملىشىش ئادىتىمىز ئىدى.
ئۆمەرمۇ ئورنىدا ئولتۇرۇپلا قولۇمنى قايرىپ
مېنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى-دە، قولۇمنى
چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئەھۋاللاشتى، سۆز
ئارىسىدا ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ
بېشىنى چايقىغىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بولمايدۇ، بۇ دورەم مەن سېنى
ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. تۈنۈگۈن
يېرىم كۈن ئىزدەپ ئىدارەڭنى كۆرۈپ
قويۇپ چىقىپ كەتكەنىدىم، — دېدى.

— ئەمىسە مۇشۇ يەردىلا بىردەم
پاراڭلىشايلى، ئاندىن بىرەر ئاشخانىغا
چۈكەرمىز، — مەن سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ-
لا باسما چايدانىدىن بىر ئىستاكانغا قايناق
سۇ قويۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم.

— قويە شەھەرچىلىكىڭنى، ئەتىگەندە
قايناق سۇ ئىچىدىغانغا سەن خەققە
ئوخشاش جۇسەي يەپ كەلدى دەمسەن
مېنى؟ — ئۆمەر ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى
كۈلۈپ كونا ئادىتى بويىچە چاقچاقنى
باشلىۋەتتى. ئاندىن جىددىي قىياپەتكە
كېلىپ، ئورنىدىن تۇردى، — تۇرە، ۋاقتىنى
ئالما ناسىر، ئۆيۈڭدىكىلەرگە تېلېفون
بېرىۋەت، تەييارلىنىپ تۇرسۇن، تۆۋەندە
ماشىنا ساقلاپ تۇرىدۇ، ھازىرلا ئۇلارنى
ئالغىلى بارىمىز.

— ئاپلا ئاداش، ئۆيدىكىلەر ئۇرۇمچىدە
ئوقۇۋاتقان باللىرىمىزنى يوقلىغىلى كېتىۋىدى،
ئۆيدە ئوغلۇم ئىككىمىزلا قېلىۋىدۇق.

— ئۇنداقتا تېخى ياخشى، ئۆزۈڭ
بارسەن. چىقىپ ئىدارەڭدىن بىر كۈنلۈك
تالاق خېتىڭنى ئېلىپ چىق.

مەن كاتىپقا تېلېفون بېرىپ ئىشلارنى
ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇشۇمغا ئۆمەرمۇ كۆزەينەك-
نى تاقاپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن مەنمۇ چىقتىم، راست دېگەندەك
ئىدارىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قىزىل رەڭلىك
يېڭى بىر تاكسى تۇراتتى. مېڭىش ئالدىدا
مەن ئازراق ئىككىلىنىپ تۇرۇۋىدىم، ئۆمەر
مېنى ئىتتىرىپ دېگۈدەك ماشىنىغا كىرگۈزدى-
دە، شوپۇرغا ناھىيە بازىرىغا ھەيدەشنى
بۇيرۇدى. قىزىل ماشىنا دەرەخلەر سايە
تاشلاپ تۇرغان تۈپتۈز ئاسفالت يولدا ئاۋاز
چىقارماي، ئارىلاپ-ئارىلاپ قىسقا سىگنال
بېرىپ قويۇپ كېتىۋاتاتتى. مېنىڭ خىيالىم
قانات قېقىپ يىگىرمە يىل ئىلگىرىكى كۈنلەر-
گە كەتتى.

ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ باشلىرىدا ناھىيە-
لىك بانكا مېنى مازار ياغاچ يېزىلىق تىجارەت
پونكىتىغا مۇدىر قىلىپ يۆتكىدى. پونكىتتا
بىر قازاق، ئىككى ئۇيغۇر خىزمەتچى بار
ئىكەن. ئىككى ئۇيغۇرنىڭ بىرى مۇشۇ ئۆمەر
ئىدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى
پۈتتۈرۈپلا خىزمەتكە ئورۇنلاشقانىكەن. ئۇ

چاغلاردا ئۆمەر يىگىرمە ياشلاردا بولۇپ، بوي-بەستى ئېگىز، بۇغداي ئۆڭلۈك، قاڭشارلىق كەلگەن چىرايلىق يىگىت ئىدى. يەنە بىرى قېيۇم ئىسىملىك رەڭگى سېرىق، كۆزلىرى كۆك، قورايدەك ئورۇق ئادەم ئىدى. كىشىلەر ئۇنى قېيۇم قوتۇر دەپ ئاتىشاتتى. ئىككى ئاغىنىچە بىز بىر-بىرىمىزنىڭ ئىچ-سىرىنى بىلەلمەي ياتسىراپ ئۆتتۇق. كېيىن مەن ئۆيۈمنى كۆچۈرۈپ چىقتىم، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ رەسمىي «مازار ياغاچ»لىق بولۇپ قالدىم. بارا-بارا تونۇش-بىلىشلەرمۇ كۆپەيدى، ھەممىدىن بەكرەك ئۆمەر كۆڭلۈمگە يېقىپ قالدى. ئۇ شوخ بولغىنى بىلەن تۈزۈمگە قاتتىق بويسۇناتتى، خىزمەتكە قىزغىن ئىدى. كۆڭلى تۈز، قولىدىن ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ھۈنەرۋەن ئىدى. يېزا بويىچە دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتالايدىغانمۇ مۇشۇ ئۆمەر ئىدى. يېزىنىڭ توي-تۆكۈن، مەشرەپى ئۇنىڭسىز قىزىمايتتى. ئۇ كېچە-كېچىلەپ ئويۇن بىلەن بولغاندىمۇ خىزمەتتى زادىلا ئاقسىتىپ قويمايتتى. قېيۇم قوتۇرنىڭ شەخسىي ئىشى تۈگىمەيتتى، بىر كۈنى تۈگمەنگە ئۆگۈت ئاپىراتتىم، بىغىمغا سۇ تۇتاتتىم، دەپ رۇخسەت سورىسا، بىر كۈنى كالامنى ئاغقا ئېلىپ چىقاتتىم، ئېشىكىمنى تاقىلاتقۇزاتتىم، دەپ رۇخسەت سورايتتى. بازراقلا تەنقىدلەپ قويسام ئەتىسىلا باش-كۆزىنى ئاق-قارا لاتىلار بىلەن باغلاپ كېلىپ، ئاغرىپ كېتىۋاتىمەن، دەپ ئىشلىمەي تۇرۇۋالاتتى. شۇنداق كۈنلەردە ئۆمەر بوغالتىرلىقنىمۇ ئۈستىگە ئېلىپ، كېچە-كېچىلەپ ھېساب ئىشلەشتۈرۈپ دەپتەرلەرنى توغرىلاپ چىقاتتى. لېكىن ئۇ، خەقنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتىمەن، دەپ قىلچە زارلانمايتتى. ئۆمەر خىزمەتكە چىققان يىلى تۈل ئايال قوشنىسىنىڭ زىلەيۋى ئىسىملىك قىزى بىلەن چىقىشىپ قالغانىكەن.

بىر كۈنى ئۆمەر پۇتۇشكەن قىزىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ مېنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. زىلەيۋىنىڭ ئانىسى سوپىيەم ھەدە ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بولسىمۇ گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان، بېجىرىم، چاچلىرىغا ئاز-تولا ئاق ئارىلىغان سۆزمەن ئايال ئىكەن، ئەھۋاللىشىپ ئولتۇردۇق. بىردەمدىلا قازانغا پۆرە سېلىپ ئالدىمىزغا چاي قويدى.

— ھە، ئىسمىڭىزنى ئاڭلىۋىدۇق، ناسىر خاڭجاڭ دېگەن سىزئىكەنسىز-دە (ئۇ چاغلاردا تىجارەت پونكىت مۇدىرلىرىنىمۇ دېھقانلار خاڭجاڭ دەپ ئاتىشاتتى). مەن تېخى يېشى توختىغان ئادەم چېغى دېسەم كىچىككىنىلا بالا ئىكەنسىزغۇ، مانا قاراڭ، بۇ ئۆمەرجانمۇ ئۆز ئوغلۇمدەكلا بولۇپ قالدى. سىزگە ماختاپ بېرىۋاتقىنىم ئەمەس، يېزىمىزدىكى ياشلارنىڭ قاشقىسى دېسەكمۇ بولىدۇ. خېلى-خېلى ئادەملەرنىڭ بالا-ۋاقىسىنى كۆرۈۋاتىمىز — كۆزۈڭ قايسى دېسە بۇرنۇم ماۋۇ دەپ تۇرىدۇ، ئىشالام-سائەتنى بىلمەيدۇ. بىزنىڭ ئۆمەرجان باشقىچىلا بىر بالا. قارىڭا، ماۋۇ چىنە-قاچا ئىشكاپلىرى، ئورۇندۇقلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ بالام ئۆز قولى بىلەن ياسىغان. مال-ۋارانغا قاراش، قىشنىڭ ئوتۇن-ياغىچىنى غەملەش ئىشلىرىنى مۇشۇ ئۆمەرجان قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. خۇدايىم ئىنسابىنى، بەختىنى بېرەر.

شۇ چاغدا بىر قىز ئىگىشىپ ناخشا

www.uyghurkitap.com

ئېيتقىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ چاچلىرىنى بېشىنىڭ چوققىسىغا يۆگىۋالغان، تىزىنى ئارانلا يېپىپ تۇرىدىغان كالتە يوپكا كىيگەن، بوينىغا كەھرىۋا مارجان ئاسقان، بەللىرى تولغىنىپ تۇرىدىغان ئون توققۇز - يىگىرمە ياشلاردىكى زىلۋا بوي، چىرايلىق قىز ئىدى. قىز بىزدىن ئازراقمۇ ھېيىقماستىن خۇددى كونا تونۇشلاردەك:

— ھە، سىلەركەنسىلەردە، قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىلەرنى؟ بەزىدە ئىزدەپ قويسا قارىسىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەزىدە پۈتلىشىپ يۈرگەن... — دېدى.

مەن بۇ گەپلەر بەلكىم ئۆمەرگە تەنە قىلىپ دېيىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم-دە:

— مۇنداق دەڭ زىلەيىۋۋى، ئۆمەر ماڭا ھەر كۈنى بىر قېتىم دېگۈدەك بۇ ئۆيگە كېلىپ تۇرىمەن، دېۋىدى، يالغانكەن-دە؟ — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

— يالغان بولمايچۇ، — دېدى قىز ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — تۈنۈگۈن ناھىيە بازىرىغا كىنوغا ئاپىراي دەپ ئالداپ ئۆزى قېچىپ كەتتى. قىزلار بېرىپ كۆرۈپ كەپتۇ، بۈگۈن ھەممىسىنىڭلا ئېغىزىدا شۇ كىنو توغرۇلۇق گەپ...

ئۆمەرنىڭ تۈنۈگۈن كەچ سائەت ئون بىرگىچە ئىدارىدە ئاتچوت ئىشلىگەنلىكىنى بىلسەمۇ، مەن ئەتەي:

— بۇ ئىشىڭ بولماپتۇ ئۆمەر، ۋەدە بەرمەسلىك كېرەك، ۋەدە قىلغانىكەنسەن، ۋەدەڭدە تۇرۇشۇڭ كېرەك، — دېدىم قىزنى ياقلىغان بولۇپ. قىز ئۆزىنىڭ گېپىنى قوللاپ قويغىنىمغا خۇشال بولدىمۇ ياكى قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالغىنىغا خۇش بولدىمۇ، بىردەمدىلا ئېچىلىپ كەتتى. ئانىسىنىڭ قېشىدىلا ئۆمەرگە ئوچۇقتىن ئوچۇق: «تەييارلىقىڭىز تېخىچىلا پۈتمەيۋاتامدۇ؟ ئىست، ھېلىمۇ بانكىچى بولۇپ قالغىنىڭىز، ناۋادا دېھقان بولۇپ قالغان بولسىڭىز ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتەمتىڭىزكىنتاڭ» دېدى ئەركىلەپ.

ئۆمەر قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قىزىرىپ كەتتى. قىز ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ قاپقارا يوغان شەھلا كۆزلىرى، ئىلپىتەك تۈز بۇرنى، كىچىككىنە ئاغزى، ھەر كۈلگەندە يۈزىدە پەيدا بولىدىغان زىناقلىرى ئانىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، ئۆزىمۇ ئەركە چوڭ بولغان قىزمىكىن، بەكلا شوخ ئىدى. يېزا قىزلىرىغا خاس تارتىنچاقلىقتىن ئۇنىڭدا ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

— ئۆمەر ئاكا، — دېدى ئۇ بىر چاغدا ئەركىلەپ سۆزلەپ، — ئۆكتەبىر بايرىمىدا شەھەر دېگەنلەرنى كۆرگىلى بولارمۇ؟

— خۇدا بۇيرۇسا، — دېدى ئۆمەر ئارتۇقچە سۆز قىلغۇسى كەلمەي.

قىز ئۆمەرنىڭ گەپ قىلىشقا رايى يوقلۇقىنى سېزىپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتقانچە چىقىپ كەتتى. بىز خوشلىشىپ قايتتۇق. يولدا كېلىۋېتىپ مەن ئۆمەرگە، قىزىڭغۇ چۈغلۇق گۈلدەك چىرايلىق ئىكەن، گەپ ئۇنىڭ ۋاپاسىنىڭ بار-يوقلۇقىدا، دەپلا قويدۇم. ماڭا ئۇ قىزنىڭ بىر يېرى زادىلا ياقمىغاندەك قىلاتتى. ئۆمەر بولسا قىزنىڭ ئانىسىنى ماختاپ بىر تالاي گېپىنى قىلىپ بەردى.

www.uyghurkitap.com

قېيۇم قوتۇر تىجارەت پونكىتىنىڭ خېلى پېشقەدەم بوغالتىرى ئىكەن، يېزىدا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ھەدىسىنىڭ يولدىشى شۇ چاغلاردا يېزا باشلىقى ئىدى. يېزا باشلىقىنىڭ ئۆمەر بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئەكبەر ئىسىملىك ئوغلى بار ئىدى. ئاخىر ئەكبەر بىلەن ئۆمەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىز تالىشىپ ماجىرا چىقتى، بىر كۈنى ئۆمەر خاپا بولغان ھالدا ماڭا:

— ناسىر، ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ھېلىقى ئىتنىڭ بالىسى زىلەيىۋنى سۆرەپ «ناھىيە بازىرىغا كىنوغا بارىمىز» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. سوپىيەم ھەدەم ئارىغا چۈشۈپ «زىلەينى زورلىماڭ. سىز خىلىڭىزنى تېپىپ يۈرۈڭ، ئۇنىڭمۇ ئۆز خىلى بار» دېسىمۇ كۆنمەي، ئاغزىنى بۇزۇپ ئۇ ئايالنى تىللاۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قاپتىمەن، ھويلىغا كىرسەم ئەكبەر ماڭا: «ئۆمەر، ئۆز خىيالىڭدا زىلەي مېنىڭ دەپ يۈرەمسەن؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ ئۇ، يوتقىنىڭغا قاراپ پۇت سۇنۇپ يۈرگىن» دېمەمدۇ، ئاغزىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدىم. ئاغزى-بۇرنى قان ھالدا كېتىپ قالدى. مېنىڭ كالۋالقىمنى قارىمامسەن. مانا ئەمسە دەپ يۇملىتىپ يۈرۈپ راسا سالسام بولمامدۇ دەيمنا، — دېدى ھاسىرىغىنىچە.

— بولدى، قوي، گەپ ئاشۇ قىزدا. بەلكىم ئەكبەرنىڭ ئالدىدا تىلى قىسقا بولىدىغان يېرى بارمىكىن... — دېدىم مەن.

— نېمىدەپ قىسقا بولغۇدەك؟ زىلەينىڭ كىيىم-كېچەككە، ئويۇنغا ئامراقلىقى راست، لېكىن ئۇ ئىپلاسنىڭ دادىسىنىڭ ھوقۇقىغا تايىنىپ زورلۇق قىلىۋاتقىنىغا ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ.

بىر يىلى كۈزدە دېھقانلارغا كۈزلۈك تەقسىمات تارقىتىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئون مىڭ يۈەن پېچەتلىك پۇل ئېلىپ كېلىنگەنىدى. ئۆمەر تىجارەت قىلىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ توپ پېچەت پۇلنى ئۈستەل ئۈستىدىكى تۆمۈر ساندۇققا سېلىپ قويغانىكەن. شۇ چاغدا ئۇ قېيۇم بىلەن غىژىلداپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۈستەل تارتمىسىنى قۇلۇپلاپ، تۆمۈر ساندۇققا قۇلۇپ سالمايلا تالاغا چىقىپ بىر ئورام تاماكا چېكىپ قايتىپ كىرىپتۇ. قارىسا قېيۇم قوتۇر ئالاقزادىلىك ئىچىدە پۇتى بىلەن بىر نەرسىنى ئۈستەلنىڭ ئاستىغا ئىتتىرىۋاتقانىكەن. ئۇ ھەجىيىپ كۈلۈپ قويۇپ: «بۈگۈن ئانچە مىجەزىڭ يوقتەك تۇرىدۇ. پۇللىرىڭنى پولات ساندۇققا سېلىۋېتىپ، بىرەر ئاغىنەڭنى تېپىپ كۆڭۈل ئېچىپ كەل. چۈشتىن كېيىن ئاتچوت ئىشلەيمىز» دەپتۇ. ئۆمەرمۇ نېرى-بېرى ئىشلارغا دىققەت قىلماي، تۆمۈر ساندۇقنى قۇلۇپلاپ، خەزىنە ئۆيىدىكى پولات ساندۇققا سېلىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. چۈشتىن كېيىن كېلىپ، ئاتچوتنى ئىشلەپ بولۇپ، بالانس قىلىش ئۈچۈن پۇلنى سانىسا كاسسىدىن تۇپتوغرا ئىككى مىڭ سوم كەم چىقىپتۇ. ئۇ چاغلاردا ئىككى مىڭ سوم دېگەن راسا تۆت ئاتنىڭ پۇلى ئىدى. ئۇ كۈنلەردە مەن بىر دادۈيدە كۈزلۈك تەقسىمات خىزمىتىگە ياردەملىشىپ ئىشلەۋاتاتتىم. ئۇلار مېنىڭ يېنىمغا تېز قايتىپ كەلسۇن دەپ كىشى ئەۋەتىپتىكەن، قايتىپ كەلدىم. قېيۇم

ھېسابىنىڭ باش-ئايىغىنى كۆرۈپ چىققۇچىلا، ئەزۋەيلەپ سۆزلەپ كەتتى:

— مانا ئويۇندىن نېمە چىقتى؟ داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە يۈرگەننىڭ پايدىسى چىقتى. باغمۇباغ شورا ئاتلاپ قىز قوغلىغاننىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى بېسىش ئۈچۈن:

— بولدى قىلىڭ قېيۇمكا، ئاچچىق گەپ قىلغانغا يوقالغان پۇل تېپىلمايدۇ. بىر نەچچە كۈنلۈك ھېسابنى ئېنىقلاپ، ھەر قايسى ئورۇنلار بىلەن ھېساب سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، — دېدىم.

— بۇ دېگەن نەق پۇل، — دېدى قېيۇم دىمىغىنى قېقىپ، — نەق پۇل يوقالسا ھېسابتىن چىققان نەدە بار؟ بۇ پۇل ئاللىقاچان ناھىيە بازىرىنىڭ ئاشخانىلىرىغا، كىنوخانىلىرىغا، قىزلارنىڭ ئۈستىباشلىرىغا چىقىپ بولغان گەپ...

ئۆمەر ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى:

— قېيۇمكا، گېپىم بار دەپ ئاغزىڭغا كەلگەننى دەۋەرمە، مەن ئۆزۈمگە ئانامنىڭ سۈتىدەك ئاق. ئۆزۈم نان يەۋاتقان تاۋاققا ئولتۇرىدىغان نائەھلىلەردىن ئەمەسمەن، بۇ پۇلنىڭ يوقالغىنىغا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئالدىنقى شەنبە كۈنى كاسسىنى سانىغاندا توپتوغرا ئىدى. بەش كۈن ئۆتمەيلا يوقاپ كېتەمدۇ؟

— ئەمىسچۇ؟ سەن يوقاتمىساڭ، مەن ئالمىسام، پۇلنى سېنىڭ تارتمىڭدىن شەيتان ئېلىپ كېتەمدۇ-ھە؟ يېقىندىن بېرى تويغا تەييارلىق قىلىمەن دەپ بەكلا شاپاشلاپ كېتىۋىدىڭ، — دېدى قېيۇم قوتۇر ئۇنىڭ يېغىرىغا تۇز سېپىپ.

شۇ كۈنى قېيۇم قوتۇر ماڭا مەسلىھەت سالمايلا تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋالنى ناھىيىگە مەلۇم قىپتۇ. ئەتىسى ناھىيىلىك بانكىدىن ئادەم كېلىپ ھېسابنى قايتا تەكشۈردى. قايتىپ كېتىپ ھەپتە ئۆتمەيلا دېلونى ناھىيىلىك سوتقا چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن ئادەم كېلىپ ئۆمەرنى ئېلىپ كەتتى.

ئۆمەر قولغا ئېلىنىپ بىر ئاي ئۆتمەيلا يېزا باشلىقى زىلەيخۇنى ئوغلىغا ئېلىپ بەردى. يېزا باشلىقىنىڭ ئوغلى تويدىن كېيىنلا «شۆيخۇ» ماركىلىق يېپيېڭى موتسىكلىتنى تارتىلدىتىپ، زىلەيخۇنى مىنگەشتۈرۈپ، كوچىمۇ كوچا چېپىپ يۈردى. ئۇ بەزىلەرگە «بۇنى تويدا تاغام ئېلىپ بەردى» دېسە، يەنە بەزىلەرگە «رادىئو ئۇزۇلىغا ئالدۇق» دەپ يۈرۈپتۇ. بۇ ئىش مەندە گۇمان تۇغدۇردى. پۈتۈن يېزا بويىچە تۇنجى قېتىم موتسىكلىت مىنگەن كىشى مۇشۇ ئەكبەر ئىدى. مەن ھېچكىمگە تىنماي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بوغالتىرىدىن موتسىكلىتنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئۇ ماڭا: «ۋاھ، ناھىيە رادىئو ئۇزېلىغا ھەر ئايدا يىگىرمە-ئوتتۇز يۈەنلا خىراجەت بېرىدىغان تۇرسا ئۇلار قانداقمۇ موتسىكلىت ئالالايدۇ، ئۇنىڭ تاغام ئېلىپ بەردى دېگىنى راست، يېزا باشلىقى بىر كۈنى ماڭا: «قارىماسىز بۇ قېيۇمجاننى، تاز گۈل تاپسا قىسىدىغان يەر تاپالماپتۇ، دېگەندەك ئاز-تولا پۇللۇق بولۇپ قاپتىكەن، ئالىدىغان نەرسە تېپىلمىغاندەك، بىزنىڭ

uyghurkitap.com


ھارىمىغا موتىسكلىت ئېلىپ بېرىپ ئۇنى تېخىمۇ تېزگىنسىز قىلىپ قويىدى، دەپ ھالىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى» دېدى. مەن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ موتىسكلىتنى ساتقان ماگى-زىنىدىكىلەر بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇلار ئىسچوتلارنى ئاختۇرۇپ كۆرۈپ، «مانا مازار ياغاچ يېزىلىق بانكا بوغالتىرىنىڭ ھۆججىتى» دەپ قىيۇمنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان ھۆججىتىنى ئېلىپ كۆرسەتتى. بۇ ھۆججەتتە: ناھىيىلىك قىزىلبايراق ماگىزىنىدىن 2443 يۈەنلىك «شۇيخۇ» ماركىلىق بىر دانە موتىسكلىت ئالدىم، 2043 يۈەننى نەق تۆلەپ 400 يۈەنگە قەرز ھۆججىتى بەردىم، ئاي ئاخىرىغا قەدەر قايتۇرىمەن» دەپ يېزىلغانىدى. مەن ھۆججەتنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋېلىپ ئۇدۇل ناھىيىلىك بانكىغا كەلدىم-دە، گۇمانلىرىمنى باشلىققا ئېيتتىم، ئەكبەر بىلەن قىيۇمنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى، ئەكبەرنىڭ ئۆمەرنىڭ سۆزلە-شىپ قويغان قىزىنى تالىشىپ جېدەللىشىپ يۈرگەنلىكلىرىنى دېدىم. باشلىق سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەندىن: «قىيۇم مۇشۇ ئىككى-ئۈچ ئاي ئىچىدە بىرەر پۇللۇق نەرسە ساتتىمۇ» دەپ سورىدى. مەن بىلمەيمەن، دېدىم.

— سىز كۆچۈرۈپ كەلگەن ھۆججەتنى ماڭا بېرىڭ. قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇنى ھېچكىمگە تىنماڭ. بۇ دېلوغا ئۆزۈم ئارىلىشىپ كۆرەي، — دېدى. كۆپ ئۆتمەي قىيۇمنى تۇيۇقسىز ناھىيىگە چاقىرتىپ كەتتى. ناھىيىلىك بانكىدا ئۈچ كۈن تۇرۇپلا پۇلنى ئۆزىنىڭ ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلىپتۇ. كېيىن ئۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى قايتۇردى، بانكىدىنمۇ قوغلاندى. لېكىن، يېزا باشلىقى يەنە ئامال تېپىپ ئۇنى باغ پونكىتىغا تىقىپ قويدى. ئۆمەر شۇ چاغدىلا ئاقلانغان بولسىمۇ، ئۇنداق-بۇنداق گەپلەر بىلەن تۈرمىدە ئالتە ئايدىن كۆپرەك يېتىپ قالغانىدى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ناھىيىلىك سوت ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقارغان بولسىمۇ، ئۇ: «بانكا دېگەن يەرگە ئىككىنچى ئاياغ باسمايمەن» دەپ خىزمەت قىلىشقا ئۇنىمى-دى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ساقال-بۇرۇتىنىمۇ ئالماي، ھاراققا بېرىلىپ، باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ كەتتى. بىزگىمۇ ئارى-لاشمايدىغان بولۇۋالدى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. دادىسى ئۇنى جىق ئىزدەپ كەتتى. بىزمۇ ئىز-دې-رىكىنى ئالالمىدۇق. بەزىلەر ئۇنى ئىچكىرى-گە كىرىپ كېتىپتۇ دېسە، بەزىلەر چەتكە قېچىپتۇ دېيىشەتتى. ئىككىنچى يىلى قىشتا تاغقا ياغاچ كەسكىلى چىققانلار ئۇنى تۇساتتىن كۆرۈپ قاپتۇ. ئۆمەر تىرەكلىكساي دېگەن تاغدا تەڭنە، گۆرجەك چېپىپ يۈرگەنىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئىككىمىز تاغقا چىقىپ ئۇنى ئىزدەپ تاپتۇق. ئۆمەر تىرەكلىكسايىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئېگىز ئۆسكەن تېۋىلغىلىق ئارىسىغا كەمە كولاپ ئۆي ياسىۋالغانىكەن. ئۇن، چاي-تۇزنى يازچە مالچىلاردىن ئېلىپ جاھاندارچىلىق قىلىپتۇ. چاپقان تەڭنە، گۆرجەكلىرىنى ئىككى-ئۈچ ھەپتىدە بىر قېتىم ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ يەنە تاغقا قايتىپ كېتىدىكەن.

«مەھەللىگە قايتىپ كېتەيلى» دېگەن سۆزىمىزگە ئۇ زادىلا كۆنمىدى. ئۇنى سۆزگە كۆندۈرەلمەي، ئالغاچ بارغان نەرسىلەرنى تاشلاپ بېرىپ قايتىپ كەلدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەن شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتتىم. كېيىنچە شەھەرگە كىرگەنلەردىن ئۆمەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردۇم. ئۇ بەش-ئالتە قىشنى تاغدا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ناھىيە بازىرىدا تۇرۇشلۇق بىر ئايال بىلەن توي قىلىپ، شۇ يەرگە كېلىۋاپتۇ، دەپ ئاڭلىغان بولساممۇ، يوقلاپ بېرىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانىدىم.

ماشىنىنىڭ تۇيۇقسىز تورمۇزلىنىشى بىلەن خىيالىم ئۈزۈلدى. قارىسام يېشىل سىرلانغان قوش قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ توختاپتىمىز. ماشىنىدىن چۈشتۇق. ئۆمەر شوپۇرغا قاراپ:

— تاماق يەپ ماڭمەن دېسەڭ ماشىنىنى قورۇغا كىرگۈزۈپ قوي، ئالدىرايمەن دېسەڭ كېتىۋەرگىن، ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت نەق بەشتە مۇشۇ يەردە ھازىر بولسەن، ئۇقتۇڭمۇ، — دېدى. شوپۇر «ماقۇل» دېگىنىچە ماشىنىنى ئايلاندۇرۇپ قايتىپ كەتتى.

دەرۋازىنى ئېچىپ قورۇغا كىردۇق. ئۆيلەر كۈنگەيگە قارىتىپ پىششىق خىش بىلەن سېلىنغان بولۇپ، خېلى كۆركەم كۆرۈنەتتى. دەرۋازىدىن ئۆينىڭ سۇپىسىغا قەدەر خىش ياتقۇزۇپ يول ياسالغان. يولنىڭ ئىككى تەرىپى ھويپىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن چۆمكەلەگەنىدى. مەن ھويلىدىكى نەرسىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرغان چېغىمدا ئۆيدىن ئوتتۇرا ياشلىق، كېلىشكەن بىر ئايال چىقىپ سالام قىلدى. ئۇنىڭ گاز ياغلىقى ئىچىدىكى ساپسېرىق چاچلىرى كۈن نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. ئۇستىگە ئۇيما ياقىلىق پۈتۈن كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، كۆڭلىكىنىڭ رەڭگى ئۆزىگە خوپ ياراشقانىدى. كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى ئادەمگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ بېغىشلايتتى.

مەن ئايالدىن ئامانلىق سورىدىم، ئايال بولسا يۈزىنى تۆۋەن قىلىپ كۈلۈپلا تۇراتتى. مەن ئۇنى تونۇسىزمىدۇر، دەپ ئويلاپ سەل ئوڭايسىزلاندىم. ئۆمەر مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ:

— مانا زۇلپى، نەچچە يىلدىن بېرى ئىسمىنى زىكرى قىلىپ يۈرگەن ئاغىنەم، بۇرۇنقى رەھبىرىم، شەپقەتچىم مۇشۇ بولىدۇ، — دېدى. ئاندىن كېيىن ئايالىنى ماڭا تونۇشتۇردى، — ناسىر، مانا بۇ ئايالىم زۇلپى، مېنىڭ ئالتە يىللىق ياۋايىلىق ھاياتىمغا خاتىمە بەرگەن، ماڭا شەپقەت قولىنى سوزۇپ، ھاياتىمنى بەختكە ئېرىشتۈرگەن ئەڭ ئۆشتىرىم مۇشۇ.

ئايال بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇياتچانلىق ئۇنىڭغا تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلىغانىدى. ئەر-ئايال ئىككىسى مېنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن ساراي ئۆيگە باشلىدى، قىپقىزىل گىلەملەر ئۇستىگە قېيىن ياغىچىدىن گۈل چىقىرىپ ياسالغان ئۆي جاھازىلىرى قويۇلغانىدى. سارايىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى ئىككى بۇلۇڭغا قويۇلغان ئىككى تەشتەك پىكوس گۈلى ئۆينىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەنىدى. گۈللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تامدا ئۆمەرنىڭ دادىسى غولام

ئاكىنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇ چاغدىلا ئۆمەردىن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىمىغانلىقىم يادىمغا كېلىپ، خىجالەت بولدۇم. مېنىڭ رەسىمگە قاراپ قالغانلىقىمنى كۆرگەن ئۆمەر ئۆزىلا سۆز ئېچىپ:

— دادام ئون يىلنىڭ ئالدىدا تۈگەپ كەتكەن، ئاپام ئالدىنقى يىلى ئۆز قولۇمدا جان ئۈزدى. مانا ئەمدى تىكەندەك يالغۇز قالدىم ئاداش، — دېدى.

— ئايالىڭ بارئىكەنغۇ، قانداقچە سەن يالغۇز بولسەن؟ — دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم.

— گېپىڭغۇ راست، لېكىن ئون ئالتە يىلدىن بېرى بىز پەرزەنت كۆرمىدۇق. داۋالىنىپمۇ باقتۇق. ئۈنۈمى بولمىدى، — دېدى ئۆمەر ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ.

— ئۇنداقتا بىرەر بالا بېقىۋالغان بولساڭلار بوپتىكەن، قېرىغاندا ئەسقاتىپ قالار ئىدى، — دېدىم.

— زۇلپىمۇ شۇنداق دېگەنىدى، ئۆزۈم زادىلا قىزىقمىدىمغۇ تاڭ، — دېدى ئۆمەر بېشىنى چايقاپ.

ئۆمەرنىڭ ئايالى بىردەمدىلا داستىخان راستلاپ، ئۈستەلنى قەنت-گېزەك، مېۋە-چېۋىلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. بىز سىنچاي ئىچىپ ئولتۇرغان چاغدا ئايال تاۋاقلاردا سامسا، گۆشنان ۋە مەززىلىك پىشقان بىر ياپاش سېمىز قوي گۆشى ئەكىردى.

پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇپ تاماقنى يېدۇق. داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆمەر:

— ناسىر، بۈگۈن سەن كۆڭلۈڭ تارتقاننى بۇيرۇۋەرگىن، كەچتە بۇ يەردىكى ئاغىنىلەردىن بىر نەچچىنى چاقىرىپ قويايمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— ئۇبدان ئويلاپسەن، بىر تەرەپتىن تونۇشۇپ قالىمىز، بىر تەرەپتىن كۆڭۈل كۆتۈرىمىز، لېكىن ئۇلار بۇلۇتقا مىنىپ ئەرشكە چىقىدىغانلار ئەمەستۇ، — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

— ياق، ياق، ئۇنداقلار بىلەن مېنىڭمۇ خۇشۇم يوق.

— ماڭا قارا ئۆمەر، ئۆزۈڭ زادى نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— راست، بۇنى ساڭا دەپ بەرمەپتىمەن. ناھىيە بازىرىغا دەسلەپ كەلگەن چېغىمدا زۇلپىنىڭ كىچىككىنە ئاشخانىسى بار ئىكەن. بىز توي قىلغاندىن كېيىن بىر مەزگىل ئۇنى ماڭدۇرۇپ قارساق، خوجايىن كۆپىيىپ كەتتى. تاپقان پۇلىمىزنىڭ تايىنى يوق، ھەر كۈنى پۇل سوراپ كېلىدىغانلاردىن زېرىكىپ كەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن زۇلپى ئاشخانىنى تاشلاپ لەڭپۇڭچىلىق قىلدى، مەن مال بازىرىدا ئوقەت قىلدىم. كېيىنچە سىياسەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ، ھەممە ئادەم پۇل تېپىشقا كىرىشتى. شۇ چاغدا بىز بازارنىڭ مەركىزىدىكى ئۈستەڭ بويىغا بىر ئاشخانا ئاچتۇق. ئۈچ-تۆت شاگىرت ياللىدۇق. زۇلپى ئاشخانىنى قولىغا ئالدى، مەن تاغدىن مال ئەكېلىپ بورداپ ساتتىم. ئىلگىرى تاغدا يۈرگەن چېغىمدا قازاقلارنىڭ يەتمىش پۇشتىغىچە تونۇپ، بىلىپ كېتىپتىكەنمەن قارا، ھەر يىلى توخلا بولۇندىغان چاغدا، تاغقا چىقىۋېلىپ بەش-ئون كۈن تۇرىمەن، ئەللىك-ئاتمىش تۇياق

قوزنى ھەيدەپ چۈشۈپ، ئىككى-ئۈچ ئاي بېقىپلا بازارغا سالىمەن، ساتقىنىمنى سېتىپ، قالغىنىنى ئاشخانىغا سويۇپ بېرىمەن. ئاشخانىمىزمۇ ئوبدانلا روناق تېپىپ قالدى. كىرىمى خېلى ياخشى.

پاراڭ توختىغاندىن كېيىن ھەر ئىككىمىز پىۋا ئىچكەچ خىيال سۈرۈپ ئولتۇردۇق. بىردەمدىن كېيىن يېنىمىزغا زۇلپى كىرىپ كەلدى. ئۇ خۇددى ئارتىستەكلا ياسىنىۋالغان بولۇپ، كىيىملىرى بەكمۇ ياراشقانىدى. بويىندا ئالتۇن زەنجىر، قۇلىقىدا ئالتۇن ھالقا ۋالىلداپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرىم ئالچەكمەن بولۇپ كەتتى. لېكىن مەن كەلگەندىن بېرى بۇ ئايال بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانىدى. مەن ئۇنى گاچمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم. ياق، ئۇ گاچا ئەمەسكەن، ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق ئىكەن. ئۇ ئاۋاز چىقارماي مېڭىپ ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە: « بازارغا سودىغا چىقماقچىدىم، كىملەرنى چاقىرىدىغان بولدۇقكىن، ئېيتىپ قويغىلى ئادەم ئەۋەتەي دېگەنىدىم» دېدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا ئۈچ-تۆت ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى. ئايال چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆمەر مەندىن:

— ئاياللىم سەنچە قانداقراقكەن، بىر باھا بېرىپ باققىنا، — دەپ سورىدى.

— ئۆزۈڭگە يارىسا بولدىغۇ، « ئۆزىڭگە يارىغان خانىغا ياراپتۇ» دېگەن گەپ بار، — دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىگە يارىشا.

— مەن سېنى زۇلپىلەرنىڭ ئۆيىگە تۇنجى قېتىم باشلاپ بارغان چاغ ئېسىڭدىمۇ؟ شۇ چاغدا سەن « ھەي ئۆمەر، بۇ قىزغۇ چىرايلىق ئىكەن، بىراق ساڭا ۋاپا قىلماسمىكىن. كۆزلىرىدىن ھاياسىزلىق چىقىپ تۇرىدۇ» دېگەنىدىڭ. شۇ چاغدا تېخى سەندىن رەنجىپ يۈرۈپتىكەنمەن. كېيىن سەن دېگەندەك ئۇ مەندىن ئاسانلا يۈز ئۆرۈدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى پەقەت بىر قېتىملا كۆردۈم. ئۇ يىلنىڭ ئالدىدا تاغدىن بىر توپ قوينى ھەيدەپ كېلىۋاتسام مازار ياغاچنىڭ پاسىلىدا ئۇچراپ قالدى. بىر بالىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقانىكەن. قارىسام بۇرۇنقى زىلەي ئەمەس، قارىداپ، ئورۇقلاپ، بىر تېرە-بىر ئۇستىخانلا بولۇپ قاپتۇ. قورسىقىمنى كەك تۇتۇپ ئالدى بىلەن تىنچلىق سورىدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. ئانىسىمۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئەكبەر ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ قايتىپ كەلمەپتۇ، قېيىن ئاتىسى ئەكبەرگە ئاتاپ سالغان ئۆيىنى سېتىۋېتىپ، ئۆزى باشقا بىر يېزىغا يۆتكىلىپ كېتىپتۇ، زىلەي شۇ چاغدا ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قالغان تەئەللۇقاتلارنى سېتىپ يەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانكەن. يېشىنى ئېقىتىپ ماچىلداپ تۇرۇۋىدى يەنە چىدىمىدىم، بالىڭىزغا بېقىپ بېرىڭ، دەپ سېمىز پاقلاندىن بىرنى بېرىپ، بالىسىنىڭ قولىغا يۈز يۈەن تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىۋېدىم، شۇنىڭدىن بېرى كۆرمىدىم.

— ئوبدان قىلغانىكەنسەن، بىزدە « ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەركىشىنىڭ ئىشى» دېگەن گەپ بولىدىغان، قانداقلا قىلغان بىلەن ئۇ ئاجىز-دە، — دېدىم.

مەن شۇ كۈنى كەچتە جىق ئىچىپ قويۇپ، ئولتۇرۇش تازا قىزىغاندا ئۇخلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قايتمەن. ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئويغاندىم. سائەت توپتوغرا بەش بولغاندا، ھېلىقى قىزىل تاكسى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. مەن خوشلىشىپ قايتماقچى بولدۇم. زۇلپىيە بىر نەچچە مېتىر سارجىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ماڭا ئۇزاتتى.

— بۇنى ئايالىڭىزغا ئالغاچ بېرىڭ. سىزنى ياخشى كۈتەلمىدۇق، — دېدى ئۇ.

ئۆمەرمۇ ئويۇل-تويۇل قويۇن يانچۇقىدىن بىر كاللەك پۇلنى ئېلىپ:

— ئاداش، كۆڭۈلنى پۇل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. كۆڭلۈمدە يوغانراق بىر ئىش قىلىپ ساڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكچىدىم. كېيىنچە قىلۇۋالارمەن. يېقىندا يېزىمىزدىن بىر نەچچە ئاغىنەم كېلىپ، «ئۆمەر، يېزىمىزدىن ناھىيە بازىرىغا كېلىپ ئوقۇيدىغان بالىلار ياتاق، تاماقتىن قىينىلىۋېتىپتۇ. يېزىدىكىلەرمۇ ئازراق پۇل چىقىرىدىغان بولدى. قولۇڭدا بولسا سەنمۇ ئاز-تولا ياردەم قىلساڭ، شۇ بالىلارغا بىر نەچچە ئېغىز ياتاق، تاماق يەيدىغان ئورۇن ياساپ بەرگەن بولساق»، دېيىشتى، شۇررىدە ئېرىپ كەتتىم. ئۆزۈملا سېلىۋېتەي دەپ ئويلاپ قۇرۇلۇشنى باشلىۋەتكەن. ئۈستۈنكى قەۋەتنى ياتاق، ئاستىنقى قەۋەتلىرىنى ئاشخانا، قىرائەتخانا قىلىپ پىلانلاپ ئون نەچچە ئېغىز ئۆي سالدىم. پۈتەي دەپ قالدى. ئۆينى قولدىن چىقارغاندىن كېيىن سېنى خوتۇن-بالىلىرىڭ بىلەن قوشۇپ چاقىرىپ بىرەر ھەپتە ئويناتماقچىمەن. ھازىرچە بۇ پۇلنى يانچۇقۇڭغا سېلىپ قويغىن، — دېدى.

ئىختىيارسىز كۆزۈمدىن ئىككى تامچە ياش دوملاپ چۈشتى. مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مەن سەندىن رازى بولدۇم ئاداش، مەن قىلالمىغان ئىشقا سەن بەل باغلاپسەن. مەن سەندىن راستىنلا خۇشال بولۇۋاتىمەن. مۇشۇ پۇلنىمۇ شۇ خەيرلىك ئىشقا ئىشلەتكىن. كۆڭلۈڭ ئۇنىمسا، مېنىڭ نامىمدا قېتىپ قوي. زۇلپىيەنىڭ يوللۇقىنى قوبۇل قىلاي، بالا-چاقىلىرىمنى ئېلىپ مەن يەنە چىقىمەن. سىلەرمۇ ئۆيىمىزگە كىرىپ، ئىزدەپ تۇرۇڭلار، — دېدىم.

ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىمۇ نەملەشتى. ئامالسىز پۇلنى يانچۇقىغا سالدى.

مەن ماشىنىغا ئولتۇردۇم. يولدا كېتىۋېتىپ بىردىنلا قېيۇم قوتۇرنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ. كېيىنكى قېتىم كەلگىنىمدە چوقۇم ئۆمەردىن سوراپ بىلىۋالىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمۇھەممەت جۇمە



نۇرمەھەممەت توختى

# خوتەندىن خەت

(ئەدەبىي ئاخبارات) *

## 6. ئەل بىزار جەرىمانە

پىلىچىلىكتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر تۈردە خوتەن دېھقانلىرىدىن ئېلىنغان جەرىمانە قانچىلىك؟

دېھقانلار ۋە كادىرلار ئاپتورغا ئېتىز-ئېرىق قىرلىرىدىكى باشقا دەرەخلەرنى چىقىرىۋەتمىگۈچىلەردىن، ئۈنىڭ ئورنىغا ئۈجمە كۆچىتى سالمىغۇچىلاردىن، ئۈجمە كۆچىتىنى ئۆلاپ سورتىنى ياخشىلىمىغۇچىلاردىن، پىلە قۇرتى بېقىش ئۈچۈن مەخسۇس ئۆي — قۇرتخانا سالمىغۇچىلاردىن، قۇرتخانىنى ۋاقتىدا پۈتكۈزمىگۈچىلەردىن، قۇرتخانا ئىچىگە تېمپېراتۇرا تەڭشىگۈچى ئوچاق سالمىغۇچىلاردىن، سۆچەك ياساپ، ئۈستىگە سىچۋەندە توقۇلغان بامبۇك سېۋەت قويمىغۇچىلاردىن، بامبۇك سېۋەتنى تۆتتىن كەم سېتىۋالغۇچىلاردىن، قۇرتخانىغا خالىغانچە بورا ياكى يەرلىكتە ئىشلەنگەن سېۋەت قويغۇچىلاردىن، پىلە قۇرتىنى قۇرتخانىغا ئېلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى قۇرتخانا ئىچىدىكى توپىنى ئالماشتۇرمىغۇچىلاردىن، دېزىنفېكسىيە دورىسى تەييارلىمىغۇچىلاردىن، دېزىنفېكسىيە قىلمىغۇچىلاردىن، تېمپېراتۇرا تەڭشىگۈچى ئوچاققا ئوتۇن تەييارلىمىغۇچىلاردىن، تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچى سايمانلارنى سېتىۋالمىغۇچىلاردىن، پىلە قۇرتىدا ئۆلۈم-يېتىم سادىر قىلغۇچىلاردىن، پىلە مەھسۇلاتىنى «تۆمۈر مەھسۇلات» ئۆلچىمىدىن كەملەتكۈچىلەردىن، پىلىنى ۋاقتىدا ساتمىغۇچىلاردىن، بەلگۈلەنگەن زاۋۇتقا ساتمىغۇچىلاردىن، پىلە ساتقانلىق ھەققىدىكى تالون-ھۆججەتنى ۋاقتىدا يېزا باشلىقىغا تاپشۇرمىغۇچىلاردىن... جەرىمانە ئېلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

شۇنچىۋالا تۈردىن ئېلىنغان جەرىمانە زادى قانچىلىك؟ مەن بۇ يەردە خاتىرەمدىكى سان-سىفىرلارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. پەقەت خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى جۇرئەت مەتمىنىنىڭ 1994-يىل 18-دېكابىردا سۆزلىگەن «ئۈچ قالايمىقان» نى چەكلەش توغرىسىدىكى تېلېۋىزىيە نۇتقىدىن بىر مىسالنى نەقىل كەلتۈرىمەن.

«مەلۇم بىر ناھىيە، مەلۇم بىر كەنتتە خاس پىلىدىن ئىبارەت بىر تۈردىلا 189 مىڭ

---

* بېشى ئالدىنقى ساندا

www.uyghurkitap.com

يۈەن جەرىمانە ئېلىنغان. بۇ ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 448 يۈەندىن توغرا كەلگەن. بەزى دېھقانلار جەرىمانە تاپشۇرۇشقا پۇل تاپالمىغاندا، كەنت كادىرلىرى ئۇلارنىڭ قويلىرىنى مەجبۇرىي ساتقۇزۇپ جەرىمانە پۇلى ئالغان...»

بۇ مىسالغا مۇلاھىزە-تەھلىل لازىم ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بىز ئاشۇ كەنتتىكى ھەر بىر ئائىلىنىڭ پىلە سېتىشتىن تاپقان كىرىمى ئاشۇ 448 يۈەن جەرىمانىنىڭ يېرىمىغا تەڭلىشەمدۇ؟ ئاشۇ يېزىلاردا، ئاشۇ كەنتتە كىشلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 448 يۈەنگە يېتەمدۇ، دەپ سوئال قويماي تۇرالمايمىز.

ئاشۇ كۈنى مېنىڭ بىلەن بىللە تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ جۇرئەت ۋالىينىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقان بىر قوشنام «ھۇ، چوشقىنىڭ پوقىنى يېگەن ئەبلەخلەر!...» دەپ تىللىدى. مېنىڭ گال-بوغۇزۇم ئېچىشىپ، كۆز چاناقلىرىمغا ئىسسىق ياش تولدى. بىر ھازادىن كېيىن ھېلىقى قوشنامغا قارىسام، ئۇ ئۆپكىدەپ يىغلاۋېتىپتۇ، ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ كېتىپتۇ. كىم يىغلىمىسۇن؟ ئاشۇ 448 يۈەن جەرىمانىنىڭ سالمىقىنى چۈشەنگەن، دېھقانلارنىڭ ھالىغا ئېچىنغان ھەر بىر ئادەم چوقۇم ئاشۇ كۈنى ياش تۆكتى. ئويلاپ كۆرەيلى، بىز ئاشۇ دېھقانلارنىڭ جەرىمانە تۆلەشكە مەجبۇر بولغان چاغدىكى ئۈمىدسىز ھالىتىنى، غەملىك قاراشلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە كۆزىمىزگە ياش ئالماي قالمايمىز.

ئاشۇ مۇز تەلەت، باغرى تاش جەرىمانىچىلەر بىچارە دېھقانىنىڭ قوي-ئۆچكىسىنى، مىڭبىر جاپادا ئەتتۈرگەن كىگىز ۋە بوز گىلەمنى سۆرەپ ماڭغاندا، پەرزەنتلىرىگە كىيىم-كېچەك، دەپتەر-قەلەم ئېلىپ بېرىش، ئوقۇش پۇلىنى تۆلەش ئۈچۈن ئىچ يانچۇقىدا ساقلاۋاتقان ئازراق پۇلنى ئېلىۋالغاندا ئۇنىڭ قەلبى، يۈرەك باغرى نېمىلەر بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئاھ، يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق، جان تاتلىق، ئۆلۈم ئاچچىق...

مەركەز، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋە ۋىلايەت قايتا-قايتا ھۆججەت چىقىرىپ، سىياسەت جاكارلاپ «ئۈچ قالايمىقان» نى توسۇپ، چەكلەپ تۇرسا، يەنىلا يۇرتداشلىرىنى قالايمىقان، خالىغانچە جەرىمانە قويۇپ، ئۇلارنى قاڭغىر-قاقشاتقان ئاشۇ ئادەملەر ئەبلەخ بولماي زادى نېمە؟ ئۇلاردا ئېشەكچىلىك ئەقىل ۋە ئىنساب بارمۇ؟

بىز ئۆزىمىزنى سەل تۇتۇۋالايلى، ئۆزىمىزنى، غەزىپىمىزنى، نەپرەت-لەنەتلىرىمىزنى بېسىۋېلىپ ئويلاپ كۆرسەك، خوتەنلىكلەرنىڭ پىلىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر تۈردىلا تۆلىگەن جەرىمانىسىنى ھېسابلاپ چىقالايمىز.

جۇرئەت ۋالىي نەقىل كەلتۈرگەن ئاشۇ مىسالدىن 189 مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلىگەن ھېلىقى كەنتتە 421 دېھقان ئائىلىسى بارلىقىنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ.

ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ يەنە بىر ماتېرىيالىدا: «خوتەن ۋىلايىتىدە نۇقتىلىق يار-يۆلەك بولۇشقا تېگىشلىك 76 مىڭ 77 نامرات ئائىلە، 285 مىڭ 110 نەپەر نامرات كىشى بار، بۇ ئومۇمىي يېزا ئائىلىسىنىڭ ۋە نوپۇسىنىڭ 27 پىرسەنتىنى ۋە 24 پىرسەنتىنى

تەشكىل قىلىندۇ» دەپ كۆرسىتىلدى.

بىز بۇنىڭدىن خوتەن ۋىلايىتىدىكى دېھقان ئائىلىسى 281 مىڭ 766 ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىقالايمىز.

بىز ئەگەر جۇرئەت ۋالىي مىسالغا ئالغان ھېلىقى 448 يۈەن جەرىمانىنى خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئەڭ يۇقىرى جەرىمانە دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە سانىنى ئېلىپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىگە كۆپەيتسەك خوتەن دېھقانلىرى تۆلىگەن جەمئىي جەرىمانە پۇلىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ تۆۋەندىكى غايەت چوڭ سان: 63 مىليون 115 مىڭ 584 يۈەن!

1994-يىلدا پىلە قۇرتى بېقىپ 37 مىليون يۈەنگە پىلە غوزىكى ساتقان خوتەن دېھقانلىرى 63 مىليون 115 مىڭ 584 يۈەن جەرىمانە تۆلىگەن. پەقەت پىلە باققانلىقى ئۈچۈنلا!

پىلە غوزىكى ساتقان 37 مىليون يۈەننى جەرىمانىگە تۆلىگەندىن باشقا يەنە چۆنتىكىدىن 26 مىليون 155 مىڭ 584 يۈەن چىقىرىشقا مەجبۇر بولغان. پەقەت پىلە باققانلىقى ئۈچۈنلا!

ئەمدى بۇنىڭغا كۈلەمدۇق ياكى يىغلامدۇق؟!

بىز ئۆزىمىزنى «بەلكىم دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ يېرىمى جەرىمانە تۆلىمىگەندۇر» دېگەن گەپكە (گەرچە پىلىچىلىك تۈرىدە جەرىمانە تۆلىمىدىم، دېگەن بىرمۇ دېھقاننى ئۇچرىتىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان بولسامۇ) ئىشەندۇرۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭمۇ، ئۇلار تۆلىگەن جەرىمانىنىڭمۇ ئوتتۇرىچە سانىنى ئېلىپ، ھېسابلاپ كۆرسەكمۇ يەنىلا خوتەننىڭ سىرتىدىكى ئادەملەر ئىشەنمىگۈدەك زور سانغا ئېرىشىمىز: 31 مىليون 557 مىڭ 792 يۈەن!

1994-يىلى 3 مىليون 770 مىڭ كىلوگرام پىلە غوزىكى ئىشلەپ چىقارغان خوتەن دېھقانلىرىنى 37 مىليون يۈەنگە پىلى غوزىكى ساتتى، 175 مىڭ قۇتا پىلە قۇرتى ئۇرۇقىنى 20 يۈەن باھا بويىچە (ھەرقايسى ناھىيىلەر پىلە قۇرتى ئۇرۇقىنى پىلە ئۇرۇقچىلىق پونكىتىدىن 14 يۈەن 30 پۇڭدىن سېتىۋېلىپ، دېھقانلارغا 20 يۈەن، 21 يۈەن، 24 يۈەن، 28 يۈەندىن سېتىپ بېرىپتۇ، ئۇلارنىڭ پىلە قۇرتى ئۇرۇقىنىڭ باھاسىغا نېمە ئۈچۈن پۇل قوشۇۋالغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ) جەمئىي 3 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە سېتىۋالدى دەپ ھېسابلىساق، دېھقانلارنىڭ باشقا چىقىملىرىنى نەزەرگە ئالمىساق، خوتەن دېھقانلىرى بىر يىل پىلە بېقىپ ھېچنېمىگە ئېرىشمىگەن، دېھقانلارنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «مۇت»قا ئىشلىگەن بولىدۇ. ئەمدى بۇنىڭغا يىغلامدۇق ياكى كۈلەمدۇق؟

قاراپ باقايلى، 63 مىليون 115 مىڭ 584 يۈەن نەقەدەر چوڭ سان-ھە! بۇ بىر يېرىم مىليونلۇق خوتەن نوپۇسىغا 42 يۈەندىن ئارتۇقراقتىن توغرا كېلىدۇ! بۇ خوتەندىكى تېخى بۆشۈكتىن چىقمىغانلار ۋە تۆشۈككە يېقىنلاشقانلار قوشۇلۇپ ھەر بىر ئادەم 42 يۈەندىن

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇلىنىشى www.uyghurkitap.com



ئارتۇقراق جەرىمانە تۆلىدى دېگەن گەپ! پېشانىسىگە دېھقان بولۇش پۈتۈلگەن ھەر بىر ئائىلە 224 يۈەندىن جەرىمانە تۆلىدى دېگەن گەپ!

مانا بۇ پىلە-ئۈجمىچىلىكنى كەشىپ قىلغان، جاھانغا پىلە-يىپەكچىلىك مەدەنىيىتىنى تەقدىم قىلغان خوتەنلىكلەرنىڭ شۇنچە كۆپ پىلە غوزىكى ئىشلەپ چىقارغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنىلا نامرات پېتى قېلىۋەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبى! مانا جاھانغا قاتمۇ قات پايانداز سېلىشقا مۇمكىن بولغۇدەك نۇرغۇن زىلچا-گىلەم ئىشلەپ چىقارغان، جاھاندىكى بارلىق قىزلارنىڭ بوينىغا قاشتېشى زۈننار ئېسىشقا يەتكۈدەك نۇرغۇن قاشتېشى قازغان، «ئاشلىق مەھسۇلاتىنى، پاختا مەھسۇلاتىنى، مېۋە-چېۋە مەھسۇلاتىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرغان» خوتەنلىكلەرنىڭ نامرات پېتى قېلىۋەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبى!

3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن يېزىلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ يەرلەر ئائىلىلەرگىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندە، خوتەن دېھقانلىرىنىڭ شادلىقتىن گۈلقەقلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. «ئەمدى روناق تاپىدىغان بولدۇق» دەپ ئويلاپ پاختىسى تۆت چىشلىق بولغان ئىدى. ئەمما، ئارىدىن ئون يىل ئۆتمەي، 80-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خوتەن يېزىلىرىدا:

«موتو مىنگەننىڭ يېرى يوق،
تار يوپكا كيگەننىڭ ئېرى يوق»

دېگەن قوشاق چىقتى. بۇ يەر ئالمىغان، دېھقانچىلىق قىلمىغانلار بىپىپ موتىسكلىت مىنگۈدەك بولدى دېگەن گەپ. دېھقانچىلىق قىلغانلار راستىنلا بېيىيالمىدى. ئۇلارنى بېيىغىلى، روناق تاپقىلى قويمىغىنى ئەنە شۇ جەرىمانە!

يەنە ئويلاپ كۆرەيلى، ئەگەر پىلىچىلىكتىن ئىبارەت بىر تۈردىلا شۇنچە جىق جەرىمانە تۆلىگەن خوتەن دېھقانلىرى پاختىچىلىق تۈرىدە، ئاشلىق ئىشلەپ چىقىرىش تۈرىدە ۋە باشقا تۈرلەردە يەنە قانچىلىك جەرىمانە تۆلەشكە مەجبۇر بولغاندۇ؟ جەرىمانە ئۈستىگە جەرىمانە قاتلىنىپ تۇرسا، بىچارە بېيىيالامدۇ؟ خۇداغا شۈكۈر، ھۆكۈمەت گۆش ۋە باشقا چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىپ ياخشى قىلغانىكەن، بولمىسا، بۇ تۈرگە كېلىدىغان جەرىمانە دېھقاننىڭ تېرىسىنىمۇ شۇلۇۋالار ئىكەن.

خوتەن ناھىيىسىدىكى دېھقان روزى ئىسمايىل: «دېھقان دېگەن بىدىگە ئوخشايدىكەن، سەل ئۆسۈپ كەتسە ئورۇۋېدىكەن، يەنە ئۆسسە يەنە ئورۇۋېدىكەن...» دېدى. خوتەن شەھىرىدىكى كۆكتاتچى دېھقان مەتمىن توختى: «دېھقان دېگەن كۆدىگە (جۇسەيگە) ئوخشايدىكەن، سەل ئۆسسە ئورۇۋېدىكەن، يەنە ئۆسسە يەنە ئورۇۋېدىكەن...» دېدى.

نېمىدېگەن ئوبرازلىق، نېمىدېگەن ھەسرەتلىك ئوخشىتىش-ھە!؟ دېھقاننى ئۆسكىلى قويمىغىنى، ئەتلەنگىلى قويمىغىنى، بېيىپ-روناق تاپقىلى قويمىغىنى ئەنە شۇ ئەل بىزار

جەرىمانە!

خوتەننىڭ پىلە-ئۈجمىچىلىك ئىشلىرىنى قانچە پىششىق بىلگەنسېرى، قانچە چوڭقۇر چۈشەنگەنسېرى كىشىدە «تۆمۈر مەھسۇلات» ئۆلچىمى پەقەت جەرىمانە ئېلىش ئۈچۈنلا تۈزۈلگەنمىدىكىن، پىلىچىلىك تۈرى پىلە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جەرىمانە ئېلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغانمىدىكىن، دېگەن تەسىرات پەيدا بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق خاتا تەسىراتنى ئاشۇ جەرىمانىچىلەر پەيدا قىلغانلىقىنى ئەستە تۇتۇش لازىم.

ئۇنداقتا ھەممە ناھىيە، ھەممە يېزا ئوخشاشلا جەرىمانىچىلىك بىلەن شۇغۇللاندىمۇ؟ بۇ يەردە ئادىل گەپ قىلىش كېرەك، لوپ ناھىيىسى 94-يىللىق پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا «تۆمۈر مەھسۇلات» ئۆلچىمىگە يېتەلمىگەنلەردىن ئېلىنىدىغان 5 يۈەن جەرىمانىنى ئالماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئادەم ئەۋەتىپ يېزا-كەنتلەرنىڭ جەرىمانە ئالغان-ئالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ تۇردى. جەرىمانە ئالغان يېزا-كەنتلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. لوپ ناھىيىسى 1994-يىلى ناھىيىلىك ئىدارە-جەمئىيەتلەردىن پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇشقا 278 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ، ھەر بىر كەنتكە بىردىن كادىرنى مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى. بۇلاردىن پەقەت 24 ئادەم تۇرغان كەنتنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىلا ناھىيىنىڭ «تۆمۈر مەھسۇلات» ئۆلچىمىگە تەگلەشكەن ياكى ئاشقان (لوپ ناھىيىسى ئاشۇ 24 نەپەر كادىرنىڭ كاماندىروپكا راسخوتىنى بەرگەن. قالغان 234 ئادەم كەنتنىڭ پىلە بىرلىك مەھسۇلاتىنى «تۆمۈر مەھسۇلات» ئۆلچىمىگە يەتكۈزەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كاماندىروپكا راسخوتى ئالالمىغان. مەن كېيىنرەك ئۇلارنى ئۆلچەمنى 24 كىلو 200 گىرامغا چۈشۈرۈپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، لېكىن راست-يالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە پۇرسەت بولمىدى)، ئۇلار ئېھتىمال مانا شۇ پاكىتنى — پىلە بىرلىك مەھسۇلاتنى 25 كىلوگىرامغا يەتكۈزۈش ياكى ئاشۇرۇشنىڭ تەسلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئېتىراپ قىلغان بولسا كېرەك. لوپ ناھىيىسىنىڭ جەرىمانىچىلىكنى توسۇش تىرىشچانلىقىنىڭ قانچىلىك ئۈنۈم بەرگەنلىكىدىن، يېزا-كەنتلەردە ئېلىنغان جەرىمانە پۇلىدىن قانچىلىكىنى دېھقانلارغا قايتۇرغان-قايتۇرمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، لوپ ناھىيىسىنىڭ بۇ ئىشنى ياخشى ئىش دېمەي بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، شۇ ناھىيىنىڭ ئايرىم يېزا-كەنتلىرىنىڭ پىلە مەھسۇلاتىنى «تۆمۈر» ئۆلچەمدىن كەملەتكەن ئائىلىلەرنى باشقا جايلاردىن قىممەت باھادا پىلە ئالغۇزۇپ ۋەزىپىسىنى ئورۇندا تقۇزغانلىقى — بۇ باشقا ئىش.

بۇ يەردە يەنە كىچىككىنە قىستۇرما قوشۇپ كېتەيلى.

سەن «تۆمۈر مەھسۇلات» بەلگىلەپ، خەلقتىن خالىغانچە جەرىمانە ئالماقچى بولساڭ، خەلقمۇ خىلمۇ خىل چارە-ئاماللارنى تېپىپ ساڭا تاقابىل تۇرىدۇ. 1994-يىلى كۈزدە قارىقاش ناھىيىسىدە بىرقانچە ئالدامچى يىپەكچىلىك فابرىكىسىنىڭ پىلە غوزىكى سېتىۋېلىش تالونىنى كۆپەيتىپ باستۇرۇپ، تامغا ياساپ، دېھقانلارغا سېتىپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت غەلىتە دېلو پاش بولدى. دېھقانلار بۇنىڭ ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تۇرسىمۇ، يەنىلا سېتىۋېلىپ، خالىغان ساندىكى پىلە كىلوگرام سانىنى تولدۇرۇپ، يېزا باشلىقلىرىنىڭ ھېسابلاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا تاپشۇرغان. تاغاردىكىگە ئەمەس ھېساباتىكىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان يېزا باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ پىلە مەھسۇلاتىنى پالان كىلوگرام، پۇستان ھەسسە ئاشۇرغانلىقى توغرىسىدا پو ئېتىپ، داۋراڭ كۆتۈرۈشكەن. ئاخىرىدا ئامباردىكى پىلە ھېساباتىكىدىن نەچچە ئون ھەسسە ئاز ئىكەنلىكى ئاشكارا بولۇپ، كۆلكىگە قالغان. بۇ ئىشتىن قارىقاش ناھىيىسىدىكىلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ئوغىسى قايىنغان بولسا كېرەك، ئۇلار غەزىپىنى باسالماي تالون بېسىپ بەرگەن باسما زاۋۇتىنىڭ باشلىقىنىمۇ ھەپتە سولاپ سوراق قىلدى.

بۇ ئىشتا يالغان تالون ئۆتكۈزۈپسەن دەپ دېھقانلارنى ئەيىبلىگىلى بولامدۇ؟ سەن جەرىمانە ئېلىشقا يەڭ شىمايلاپ تۇرساڭ، ئۇلار قانداق قىلسۇن؟ ئەگەر سەن جەرىمانە ئېلىشنى داۋاملاشتۇرساڭ، بۇنداق ئىش كېيىنكى يىلى يەنە پەيدا بولىدۇ. سەن سېزەلمىگۈدەك، تەكشۈرۈپ تاپالمىغۇدەك دەرىجىدىكى نازۇك يوللار ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ...

بەزى دېھقانلارنىڭ تاقابىل تۇرۇش چارىسى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىچارە، ياۋاش ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى.

دېھقان روزاخۇن ماكا: «ئەسلى ۋەزىپەم يەتتە مىسقال پىلە قۇرتى بېقىش ئىدى. مەن ئون مىسقال باقتىم، مەقسىتىم ئون مىسقال قۇرتتىن ئېرىشكەن مەھسۇلاتنى يەتتە مىسقال ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ، جەرىمانىدىن ساقلىنىش ۋە ئىزا-ئاھانەت ئاڭلىماسلىق...» دېدى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ ھەممە ئادەمگە مۇۋاپىق كېلىۋېرىدىغان تاقابىل تۇرۇش چارىسى ئەمەس. ئۈجمە يوپۇرمىقى يېتىشمەسلىك، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك، پىلە قۇرتى ئۇرۇقى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشى كۆپ بېقىپ ئاز ھېسابىغا ئۆتكۈزۈش شارائىتىغا ئىگە بولالمايدۇ.

دېھقانلارنىڭ ئۈچىنچى تاقابىل تۇرۇش چارىسى بىرەر ئامال تېپىپ پىلە قۇرتى باقماسلىقتىن ئىبارەت. بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشىدىغانلارمۇ ئىنتايىن ئاز ساندا. ئۇلار پەقەت كەنت سېكرېتارى، كەنت باشلىقى، يېزا كادىرلىرىنىڭ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ياكى ئازراق پۇلى بار، يولى بارلاردىن ئىبارەت.

لوپ ناھىيە جىيا يېزا X كەنتىدە كەنت كادىرلىرىنىڭ بىرىمۇ پىلە قۇرتى باقماپتۇ.

خوتەن ناھىيە تەۋەككۇل يېزا يەكشەنبە بازار كەنتىدىكى تۇرسۇنباقى ئاخۇنغا بىر قۇتا پىلە بېقىش ۋەزىپىسى كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئاشۇ بىر قۇتا ئۇرۇقتىن ئېلىش بەلگىلەنگەن ھەر بىر كىلوگرام پىلە ئۈچۈن بەش يۈەندىن جەرىمانە ھېسابلاپ ۋە ئۆزىنىڭ يوپۇرماقلىرىنىمۇ قوشۇپ، قوشنىسىغا بېقىشقا بېرىۋېتىپتۇ. مەن نېمىشقا ئۇنداق قىلغانلىقىنى سورىغىنىمدا «بىرىنچىدىن، پىلە بېقىش جاپاسىدىن قۇتۇلۇپ قالىمەن، ئىككىنچىدىن، بەرىبىر جەرىمانە تۆلەيدىغان بولغانلىقتىن ئەگەر ئامىتى كېلىپ قالسا

قوشنىلارغا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ جەرىمانىنى جەرىمانىچىلەرگە بەرگۈچە قوشنىلىرىغا بېرىشنى ئەۋزەل كۆرۈپتۇ...

بىچارە دېھقانلار يۇقىرىدىكى پاسسىپ چارىلەرنى قوللىنىپ باققان. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە ئامالى بولسۇن؟ جەرىمانىچىلىك ھەققەتەنمۇ خوتەنلىكلەرنىڭ يىلىكىنى شورايدىغان زۇلۇككە، قېنىنى شورايدىغان يىلان-چايانغا، تۈگىمەس ئەلەم-كۈلپەت كەلتۈرىدىغان ئاپەتكە ئايلاندى.

خوتەنگە كېلىپ باقمىغان، خوتەننىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان ۋە چۈشەنمەيدىغان كىتابخانلار «شۇنچە جىق جەرىمانە تۆلەپ يۈرگۈچە پىلە قۇرتىنى باقمايلا قويسا بولدى ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا خەنزۇ خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى «قاتتىق سىياسەت يولۋاستىن يامان» دېگەن ئىدىيوم جاۋاب بولالايدۇ. يەنىمۇ تەپسىلىي جاۋابنى «تۆمۈر ۋەزىپە»دىكى پاكىتلاردىن تاپقىلى بولىدۇ.

## 7. «تۆمۈر ۋەزىپە» توغرىسىدىكى پاراڭ

«تۆمۈر ۋەزىپە» نىڭ ئالاھىدىكى مۇنداق:

ئۈجمە ۋە ئۈجمە يوپۇرمىقىنىڭ بار-يوقلۇقىدىن، بىر قۇتا پىلە بېقىشقا يېتىش-يەتمەسلىكىدىن، قۇرتخانىسى بار-يوقلۇقىدىن، ئەمگەك كۈچى يېتىش-يەتمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر ھەر بىر دېھقان ئائىلىسى بىر قۇتا ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق پىلە قۇرتى بېقىشى ۋە ئۇنىڭدىن «تۆمۈر مەھسۇلات» ئېلىشى كېرەك.. بىر قۇتا مەجبۇرىي، ئۇنىڭدىن ئارتۇقى قىسمەن ئىختىيارىي.

مانا بۇ ــ ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىدىن ئۆتكۈزۈلگەن-ئۆتكۈزۈلمىگەنلىكىدىن، يېزىق-ھۆججەت ئارقىلىق ئېلان قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولغان، ھەممە ئادەم بىلىدىغان پولاتتەك قاتتىق يەرلىك سىياسەت.

بۇ سىياسەتنىڭ يەنە ھەر قايسى جايلاردا يولغا قويۇلۇشى ئوخشىمايدىغانلىقى مەلۇم. بەزى ناھىيىلەردە دېھقان ئائىلىلىرى باقىدىغان پىلە قۇرتىنىڭ مىقدارى شۇ دېھقان ئىگىلىگەن يەرنىڭ كۆلىمىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن، كۆپ يېرى بارلار كۆپ بېقىش، يېرى ئازلار ئاز بېقىش، يېرى يوقلار باقماسلىق پرىنسىپى ئىجرا قىلىنغان. بەزى ناھىيىلەردە ئائىلىدىكى نوپۇسقا ئاساسەن بەلگىلەنگەن. نوپۇسى كۆپ ئائىلىلەردە كۆپ بېقىش، نوپۇسى ئاز ئائىلىلەردە ئاز بېقىش پرىنسىپى يۈرگۈزۈلگەن. بەزى كادىرلار بۇنى تېخى «پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغانلارغا ئېتىبار بېرىش» دەپ ئاتىۋالغان. يەنە بەزى ناھىيىلەردە چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئائىلىگىلا تەقسىم قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلغان. ئەمگەك كۈچى يېتىش-يەتمەسلىكى ھېسابقا ئېلىنمىغان.

www.uyghurkitap.com

بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن خوتەن ۋىلايىتى 1994-يىلى باققان قۇرتنىڭ 175 مىڭ قۇتا ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ، يېزا ئائىلىسى دەپ قارالغان 281 مىڭ 766 ئائىلىدىن قاراقۇرۇمغا جايلاشقان يېزىلاردىكى چارۋىچى ئائىلىلەرنى، يېزا نوپۇسىدا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شەھەر-بازارلارغا كۆچۈپ كەتكەن ئائىلىلەرنى، ئۆيى يېزىدا بولسىمۇ يەرنى تاشلاپ بېرىپ ئۈچىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئائىلىلەرنى، شۇنداقلا پىلە باقمايدىغان سېكرىتار، كەنت باشلىقى، يېزا كادىرلىرىنىڭ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، پۇلى بار-يولى بار ئائىلىلەرنى چىقىرىۋېتىپ قاراپ باقىدىغان بولساق، ئومۇمىي پىلە قۇرتىنىڭ ھەقىقىي دېھقان ئائىلىلىرىگە راستىنلا بىر قۇتىدىن توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«تۆمۈر ۋەزىپە» سىياسىتىنىڭ يەنە ھەر بىر دېھقان ئائىلىسى باھار پىلىسى بېقىشى كېرەك، باھار پىلىسى باقمىغانلار ۋە باھار پىلىسى بېقىپ «تۆمۈر مەھسۇلات» ئۆلچىمىگە توشقۇزالمىغانلار كۈزلۈك پىلە بېقىشى كېرەك، ناھىيە بويىچە پالان قۇتا پىلە بېقىپ پۈستان كىلوگرام مەھسۇلات ئېلىش كېرەك، پوكۇن يېزا پالان قۇتا پىلە قۇرتى بېقىپ پۈستان كىلوگرام مەھسۇلات ئېلىشى كېرەك دېگەن ماددىلىرىمۇ بار.

ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا شۇ يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش ۋە كېلەر يىللىق خىزمەت پىلانىنى تۈزۈش ئۈچۈن ۋىلايەت ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىدۇ. بۇ يىغىن بەزى يىللىرى يىل ئاخىرىدا ئەمەس يىل بېشىدا ئېچىلىدۇ. يىل بېشىدا ئېچىلسا ئالدىنقى يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش، يېڭى يىللىق خىزمەتلەرنى پىلانلاش يىغىنى بولىدۇ. ئاشۇ يىغىندا بىر يىللىق مۆقام بەلگىلىنىدۇ. ۋىلايەت تۈزگەن مەھسۇلات كۆرسەتكۈچى توختامنامىسىگە ۋىلايەت ۋە ناھىيە رەھبەرلىرى ئىمزا قويۇشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار تەرتىپى بويىچە ماڭىدۇ. ناھىيىلەر يىغىن چاقىرىدۇ. ناھىيىلەر تۈزگەن مەھسۇلات كۆرسەتكۈچى توختامنامىسىگە ناھىيە ۋە يېزا رەھبەرلىرى ئىمزا قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلار يىغىن ئاچىدۇ. يېزىلار تۈزگەن مەھسۇلات كۆرسەتكۈچى توختامنامىسىگە يېزا رەھبەرلىرى ئىمزا (ئۇلار ھەر ھالدا خەت تونۇيالايدۇ ۋە يازالايدۇ)، كەنت رەھبەرلىرى قول قويىدۇ. ئاخىرىدا كەنتلەر تۈزگەن مەھسۇلات كۆرسەتكۈچى توختامنامىسىغا (بۇنى كەنت سېكرىتارى ئېغىزچە ئېيتىپ بېرىپ، تېخى يېقىندىلا تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن، ساۋاتسىزغا ئايلىنىشقا ئۈلگۈرمىگەن بىر ياش بالا يېزىپ چىقىدۇ) كەنت سېكرىتارى بىلەن دېھقانلار قول باسىدۇ. ھېچكىمنىڭ توختاملارغا ئىمزا قويماسلىقىغا، قول باسماسلىقىغا، ئىجرا قىلماسلىقىغا ھەققى يوق.

بۇنداق توختاملارنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ئالدىدا، گېنېرالدەك گەدىيىپ يۈرىدىغان ناھىيە رەھبەرلىرىمۇ، چاپانلىرىنىڭ يېڭىنى ساپماي تەلەتىدىن مۇز ياغدۇرۇپ يۈرىدىغان يەرلىك خاقان — يېزا رەھبەرلىرىمۇ، دائىم يېزا رەھبەرلىرى بىلەن يۇرتداشلىرى ئارىسىدا تەڭقىسلىقتا قېلىپ، تەنقىد ۋە تاپا-تەنە ئاڭلاپ يۈرىدىغان كەنت رەھبەرلىرىمۇ

غىڭ قىلالمايدۇ. غىڭ قىلسا «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۇلۇغ قۇرۇلۇشى»غا توسقۇنلۇق قىلغان ھېسابلىنىدۇ. تەنقىد قىلىنىدۇ، ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ، ھەتتا ئاشۇ جەرىمانىچىلەرنىڭ ئۆزىگىمۇ جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئەگەر دېھقانلار غىدىڭ-پىدىڭ قىلسا، ئەھۋال تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھويلىسىدا قىيامەت قايىم بولىدۇ. ئۆيىگە «قاراقچى» تېگىپ، گىلەم، كىگىز، ئاشلىقلىرىنى سۆرەپ ماڭىدۇ. قوتىنىغا بۆرە تېگىپ قوي-ئۆچكىلىرىنى ھەيدەپ كېتىدۇ. «ئۆيۈڭنى بۇزۇپ كۆچۈپ كەت!» دېگەن دەھشەتلىك سادا قۇلاقلىرىغا مۇزدەك ئاڭلىنىپ، كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش ئاققۇزىدۇ... بەزى دېھقانلار باھار پىلىسى باققان بولسىمۇ، يەنىلا كۆزلۈك پىلە بېقىشقا مەجبۇر قىلىنىدۇ. رەت قىلسا بىچارە دېھقان زىيان تارتىدۇ.

ھېكايە

1994-يىل ئاۋغۇستتا، خوتەن ناھىيە تەۋەككۇل يېزا دۆڭئېرىق كەنتىدە كۆزلۈك پىلە قۇرتى ئائىلىلەرگە تەخسىم قىلىنىۋاتاتتى. دېھقانلار ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان پىلە قۇرت لىچىنكىلىرىنى غەلۋىرگە، سېۋەتكە ئېلىپ بىر-بىرلەپ ئېلىپ كېتىشتى. پەقەت دېھقان رامۇق ئاخۇن شامالغا تەقسىم قىلىنغان قۇرتلارلا قالدى. كىچىككىنە، ئاق چۈمۈلىدەك پىلە قۇرت لىچىنكىلىرى غەلۋىرنىڭ ئىچىدە مىغىلدايتتى. ھەر يان تولغىنىپ ئوزۇق ئىزدەيتتى. رامۇق ئاخۇننى چاقىرىپ كېلىشتى.

— سىزگە تەقسىم قىلىنغان قۇرتنى ئېلىپ كېتىڭ.

— مەن باقمايمەن.

— نېمىشقا باقمايمەن دەيسىز، رامۇق ئاكا؟

— مەن يازلىق پىلە باقتىم، ئەمدى كۆزلۈك پىلە بېقىش ۋەزىپەم يوق.

— بۇنى بىز كەنت پارتىيە ياچېيكىسى سىزگە تەقسىم قىلدۇق...

— تەقسىم قىلغان بولساڭلارمۇ باقمايمەن، كىم باقسا باقسۇن...

— ئۇنداق دېمەڭ دەيمەن.

— ئاشۇنداق دەيمەن.

— جاھىللىق قىلماڭ، پايدا ئالالمايسىز.

— باقمايمەن دېدىممۇ باقمايمەن.

رامۇق ئاخۇن بىلەن سېكرېتار تالاشتى، مۇنازىرىلەشتى، ۋارقىراشتى. دوق قىلىش، قورقۇتۇش، ھەيۋە قىلىش كارغا كەلمىدى. رامۇق ئاخۇننىڭ جاھىللىقى تۇتۇپ، توقۇمنى قارىنىغا ئالغانلىقى مانا مەن دەپ تۇراتتى. سېكرېتارمۇ بوش كېلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. «ئۇ باقمىسا كىم باقىدۇ؟ مەن باقايمۇ؟ تۇغقانلىرىم باقسۇنمۇ؟ ياق، چوقۇم ئۇنىڭغا باققۇزىمەن، ئۇنىڭ گەدەنكەشلىك قىلىپ، بويۇن تولغىشىغا يول قويمايمەن...» سېكرېتار شۇنداق ئويلىدى-دە، قۇرت سېلىنغان غەلۋىرنى ئېلىپلا رامۇق ئاخۇنغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ــ باقسىڭىزمۇ باقىسىز، باقمىسىڭىزمۇ باقىسىز...

ــ باقمايمەن دېدىم، باقمايمەن.

راموق ئاخۇن غەلۋىرنى كەنت باشلىقىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، ئورۇلۇپلا سىرتقا قاراپ ماڭدى. سېكرېتار غەلۋىرنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقتى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا، سۇ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭدىكى كۆۋرۈك ئۈستىدە غەلۋىرنى يەنە راموق ئاخۇنغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ــ ھەي، جاھىل قېرى، ئۆز گەپ قىلسام ئاڭلىمايسىنا، باقمىغىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي قېنى، ئالە...

راموق ئاخۇن غەلۋىرنى تۇتۇپ، كۆۋرۈك ئۈستىدە بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. كاللىسىدا مىڭبىر ئويلار كېزەتتى: «قارا ماۋۇ شۇمتەكنى، مەن دادىسىدەك ئادەم تۇرسام يەنە تىللايدىيا، سەنلەيدىيا، ئاشۇ ئەدەبسىز ئاغزىغا ئۇرايمۇ؟ كۈچۈم يېتەرمۇ؟ ھەي... مەيلى دەپلا قۇرتنى باقايمۇيا؟ يەنە جەرىمانە تۆلەيدىغان، جاپا چېكىدىغان گەپ، قايسى پۇلنى تۆلەيمەن؟ ئاھ خۇدا... نېمە قىلساڭ، قىلشىمامسەن...»

ــ باقمايمەن دېدىممۇ باقمايمەن. قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا...

راموق ئاخۇننىڭ قەھرلىك ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ چىقتى. ئارقىدىنلا قۇرتلارنىڭ ئۆستەڭدىكى سۇ يۈزىگە شالاقلاپ چۈشكىنى ئاڭلاندى. سېكرېتار ۋە باشقا كەنت كادىرلىرى يۈگۈرۈشۈپ چىققاندا قۇرتلار سۇ ئۈستىدە مىغىلداپ، بىرى چۆكۈپ، بىرى لەيلەپ خېلىلا يىراققا ئېقىپ كەتكەنىدى.

راموق ئاخۇن شامالنىڭ پىلە قۇرتنى ئۆستەڭگە تۆكۈۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بىردەمدىلا تەۋەككۇل يېزىسىغا پۇر كەتتى. دۆڭئېرىق كەنتىگە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلىرى، يېزىلىق ساقچى پونكىتىنىڭ ساقچىلىرى، يېزىلىق سوتنىڭ سوراقچىلىرى يېغىپ كەتتى. راموق ئاخۇن بىلەن يېزا ساقچىلىرى ئارىسىدا قانداق سوئال-سوراق بولدى؟ راموق ئاخۇننىڭ نەچچە تال ساقىلى يۇلۇندىلىپ، نەچچە تال چىشى تۆكۈلدى؟ بېقىنغا نەچچە مۇشت، سۆڭگەكگە نەچچە تېپىك تەگدى؟ بۇلارنى ھېچكىم بىلمىدى. چۈنكى، يېزا ساقچىلىرى ئىشنى يەككىمۇ يەككە، گۇۋاھچىسىز بىر تەرەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئاخىرىدا يەنىلا «راموق ئاخۇن مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەپتىمىش. يېزىلىق ھۆكۈمەت تىنچلەر قويلىرنى ھەيدەپ ئەكېتىپتىمىش...» دېگەن گەپ تارقالدى.

ئىش ئاشۇنداق. دېھقانلارنىڭ «تۆمۈر ۋەزىپە»نى رەت قىلىشمۇ، رەت قىلىپ پايدا ئالالىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

مەلۇم بىر كادىر ماڭا: «پىلە بېقىشتىن چۈشكەن بېسىم شۇنچىلىك ئېغىركى، ئەگەر دېھقاننىڭ روھى جىسمانىي ئومۇرتقىسىغا ئوخشاش سۆڭەكتىن پۈتكەن بولسا، قارسىدە سۇنۇپ كەتكەن بولاتتى...» دېدى. مەلۇم بىر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى: ھەممىزگە بېسىم بار، بۇ بېسىمنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى

بولمايدۇ...» دېدى. ھاكىممۇ، كادىرمۇ، دېھقانمۇ بېسىم ھېس قىلسا، بۇ بېسىم زادى نەدىن كەلدى؟ راستىنلا بىلگىلى بولمامدۇ؟ ياق. بىلگىلى بولىدۇ. بۇ بېسىملار ئاشۇ يۇقىرى-تۆۋەن، تەرتىپ بويىچە ئىمزالانغان توختاملاردىن كەلگەن. ناھىيەمۇ ناھىيە، بەس-بەستە قۇرۇلغان يېپەكچىلىك فابرىكىلىرىنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش تەقەززاسىدىن كەلگەن. پىلە، ئۈجمىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى يۇقىرى سۈرئەتتىن كەلگەن. خوتەن دېھقانلىرى يەنىلا نامرات پېتى قېلىۋەرمىسۇن دېگەن ياخشى نىيەتتىن كەلگەن.

قاتلاممۇ قاتلام توختام ئىمزالاپ، پىلانلىق-نىشانلىق ئىشلەش، بەس-بەس بىلەن فابرىكا قۇرۇپ، يۇقىرى سۈرئەت پەيدا قىلىشنى يامان ئىش دېگىلى بولمايدۇ. «دېھقانلار يەنىلا نامرات پېتى قېلىۋەرمىسۇن» دېگەن ياخشى نىيەتنى بولسا، ئەلۋەتتە ئالقىشلاش كېرەك. لېكىن، ياخشى نىيەتتىن دائىم ياخشى نەتىجە چىقىۋەرمەسلىكىمۇ ئەمەلىيەتتە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىش.

دېھقانلار پىلىچىلىك ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلالىدىمۇ؟ ئاشۇ ياخشى نىيەت كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلىدىمۇ؟

× ناھىيە × يېزىدىكى جەرىمانچى × نېمىشقىدۇر بىر ئېغىز راست گەپ قىلدى: «پىلە بېقىپ بېيىغان ئادەم يوق. تۇرمۇش سەۋىيىسىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى...»

بۇ ھەقىقەتەنمۇ راست گەپ. ئەگەر بىز دېھقانلارنىڭ پىلە ساتقان پۇلدىن ئارتۇقراق جەرىمانە تۆلەۋاتقانلىقىنى ئەسكە ئالساقلا، بۇنىڭ راست شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلەيمىز. بۇ يەردە يەنە پېشانىسى ئوڭ ئايرىم دېھقانلارنىڭ جەرىمانىگە قارىغاندا كىرىمىنىڭ ئارتۇق بولغانلىقىنى، تۇرمۇش سەۋىيىسىدە مەلۇم يۈكسىلىش بولغانلىقىنى (پىلە ئارقىلىق) نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. خوتەن دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقان غايەت زور ياخشىلىنىشتا پىلىچىلىكنىڭ ھەسسىسى يوق دېيەرلىك. ھېچ بولمىغاندىمۇ ئېغىزغا ئالغۇدەك چوڭ ئەمەس. نېمىشقا شۇنداق؟ ئاشۇ قېتىملىق سۆھبەتتە ھېلىقى جەرىمانچى: «ئۆز ئىختىيارىغا قويسا، ھازىرقى ئەھۋالدا دېھقانلاردىن پىلە باقىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمايدۇ. چۈنكى، پىلىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بەك تۆۋەن، پىلىنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلسە، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىلىشى مۇمكىن...» دېگەن گەپنىمۇ قىلغان.

پىلىكار دېھقانلارنىڭ بېيىپ روناق تاپالماسلىقىدىكى سەۋەب ئاساسلىقى جەرىمانچىلىكتە. لېكىن پىلىنىڭ باھاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى مۇھىم بىر ئامىل دەپ قارىماي بولمايدۇ. چۈنكى، باھا مېھنەتنىڭ قىممىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟! بىز بۇ ھەقتە كېيىنكى باپتا توختىلايلى.

www.uyghurkitap.com

## 8. « تۆمۈر باھا» توغرىسىدا پاراڭ

« تۆمۈر قۇرت» ، « تۆمۈر ئۇجمە » ، « تۆمۈر ۋەزىپە » ، « تۆمۈر مەھسۇلات» بار ئىكەن، « تۆمۈر باھا » بولماي قالارمۇ؟

ئەسلىدە بىز بۇ ئاتالغۇنى « تۆمۈر باھا » دېمەي، « تۆۋەن باھا » دەپ ئالساقمۇ بولاتتى. بۇنداقتا ئەسلى مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەتتى. لېكىن، يۇقىرىقى بابلارغا پار كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنىلا « تۆمۈر باھا » دەپ ئالدۇق. چۈنكى، پىلە باھاسىنىڭ « تۆمۈر »لۈك تەرىپىمۇ بار. بۇ تەرىپى شۇكى، سودىلىشىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنداقتا بۇ « تۆمۈر باھا » بىرەر قانۇن چىقىرىش ئورگىنى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنمۇ؟ ياق. بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن چىقىرىلغان باھامۇ؟ ياق. ئەمگەك قىممىتىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن باھامۇ؟ ياق. ئاڭلىشىمچە، « تۆمۈر باھا »نى پىلە سېتىۋالغۇچى فابرىكا تەرەپ بەلگىلەپ، قايسىبىر شۆجىغا تەستىقلاتقانمىش. بۇ — قانۇن، بەلگىلىمە چىقىرىش، باھا بېكىتىش تەرتىپىگە ئۇيغۇنمۇ؟ — ھېچقانداق بىر پىلىكار بۇ سوئالنى قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. سوئال ئوتتۇرىغا قويۇپ جاۋابمۇ ئالالمايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن خوتەن پىلىچىلىكىدە « تۆمۈر باھا » نىڭ مەۋجۇتلۇقى پاكىت.

ھاجىم ئېيتقان ھېكايە

1994 - يىلى يازدا خوتەن شەھەر ئىلچى يېزا شامالباغ كەنتىدىن روزى توختى ھاجىم يېڭىلا تېرىۋېلىنغان ئون يەتتە كىلوگرام پىلە غوزىكىنى چوڭ خالتىغا قاچىلاپ، ھارۋىغا بېسىپ لاسكۇيدىكى خوتەن يىپەكچىلىك فابرىكىسىغا ساتقىلى ئېلىپ ماڭدى. ھارۋىغا قاتقان سۇر ھاڭگا چوڭ-كىچىك ئاپتوموبىللار مۈكىدەك ئۆتۈشۈۋاتقان ئاسفالت يولنىڭ ياقىسىنى بويلاپ بىر خىل تېزلىكتە يورغىلاپ باراتتى. ھارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىدە پىلە قاچىلانغان خالتىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالغان روزى توختى ھاجىم خىيالغا پاتقانىدى. ئۇ باققان بىر قۇتا پىلە قۇرتىدىن 17 كىلوگرام پىلە غوزىكى چىققان. « تۆمۈر مەھسۇلات» ئۆلچىمىگە يەنە 13 كىلوگرام كەملەپ قالغانىدى. ئاشۇ كەملىگەن 13 كىلوگرام پىلە ئۈچۈن 65 يۈەن جەرىمانە تۆلەيدىغانلىقى ئۇنى رەللە قىلاتتى. ئۇ: 17 كىلوگرام غوزەكنى ئون يۈەندىن ئالسا، 170 يۈەن بولىدۇ، جەرىمانىنى تۆلىسەم ماڭا ئاران 105 يۈەن ئاشىدىكەن، ھەي، مەيلىلا... سەدىقە ھېسابىدا بولار، پەقەت سېتىۋېلىش پونكىتىدا ئادەم ئازراق بولسا، سېتىۋېتىپ تېزرەك يانسام، ناماز پېشىننى ئۆيدىلا ئۆتىسەم... دەپ ئويلايتتى... ھارۋا « بوستان يولى » نىڭ دوقمۇشىدىن ئۆتۈپ، « سېمونت ئۆستەڭ » نىڭ كۆۋرۈكىگە يېقىنلاشقاندا، يول بويىدا تۇرغان ناتونۇش بىر ئادەم بىردىنلا ھارۋىغا ياندىشىپ كەلدى.

— نېمە بۇ؟ — ئۇ خالتىنى سىرتىدىن تۇتۇپ باقتى، — پىلە ساتقىلى ماڭغان

ئوخشىمامدىلا؟ توختىسلا، پىلىنى مەن ئالاي...

— ياق، سىلىگە ساتمايمەن، زاۋۇتقا ساتىمەن.

— توختىسلا دەيمەن، چىرايلىق، پاكىز ئادەمكەنلا، ھەج نۇسرەت تاپقان ئوخشايلا. مۇبارەك بولسۇن، توختىسلا، پاراڭلىشىپ باقايلى...

روزى توختى ھاجىم سۆھبەتدىشىنىڭ تاپقۇرلۇقىدىن ھەيران بولۇپ، ئىختىيارسىز سۇر ھاڭگىنىڭ باش بېغىنى تارتتى. ھارۋا يول ياقىسىدا توختىدى.

— فابرىكىغا ئاپارسىلا بىر كىلوگرام غوزەكنى 6 — 7 يۈەندىن ئالىدۇ. چىرايلىرىنىڭ پاكىزلىقىدىن ئەيمىنىپ بەلكىم سەككىز يۈەندىنمۇ ئالار. بالا-چاقىلىرىنىڭ ئىش ھەققى تۆگۈل يوپۇرماق پۇلىغىمۇ چىقىشمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ماڭا سېتىۋەتسىلە، ھەر كىلوگرامىغا 15 يۈەندىن پۇل بېرەي. يىپپىڭى پۇل بېرىمەن...

— باھاسىنىغۇ يامان دېمىدىلە. لېكىن... بىلىلىغۇ، ھەممىمىزنىڭ ۋەزىپىسى بار. ۋەزىپە ئورۇندالماي قالسا، جەرىمانە تۆلەيدىغان گەپ. ساتسام بولماس...

— مەن دېگەن باھاغا ساتسىلا جەرىمانىدىنمۇ ئاشىدۇ. مەن يامان دېمىدىم، بەرسىلە دەيمەن...

ناتونۇش تىجارەتچى روزى توختى ھاجىمغا يىپپىشۋالدى. ھەممە ھۈنىرىنى ئىشقا سالدى. چىرايلىق سۆزلىرىنى گۈل چاچقۇدەك سەپتى. باھانى 16 يۈەنگە، 17 يۈەنگە، ھەتتا 18 يۈەنگە كۆتۈردى. ئۇ ھاجىنىڭ پىلىسىنى ئالماي قويۇۋەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. باھا 18 يۈەنگە ئۆرلىگەندە روزى توختى ھاجىم ئارسالدى بولۇپ قالدى. ئەگەر مۇشۇ باھادا ساتسا ھاجىمنىڭ قولىغا تاراقشىپ تۇرغان 306 يۈەن پۇل كىرەتتى. «تۈمۈر مەھسۇلات» ئۆلچىمىدىكى 30 كىلوگرام پىلە ئۈچۈن 150 يۈەن جەرىمانە تۆلىگەن ھالەتتىمۇ يەنە ئۈزىگە شۇنچىلىك ئېشىپ قالاتتى. كەنت كادىرلىرى مېنىڭ پىلە ساتقىلى ماڭغانلىقىمنى بىلىدىغۇ، ئۇلارغا پىلە ساتقانلىق ھەققىدىكى تالوننى ئۆتكۈزەلمىسەم سۇر ۋشتۇرمەي قالارمۇ؟ پىلىنى تىجارەتچىلەرگە سېتىۋەتكەنلىكىمنى بىلسە، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە جەرىمانە ئالماسمۇ؟ ئاھانەت قىلماسمۇ؟ ھەي... ھاجىم مانا شۇلارنى ئويلىدى. تىجارەتچىنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىنى ئۇزرە بىلەن رەت قىلىپ، سۇر ھاڭگىنى يەنە يىپەكچىلىك فابرىكىسىغا قاراپ ھەيدىدى.

شۇ كۈنى پىلە تىجارەتچىلىرى ھاجىمنى يەنە ئۈچ يەردە توستى. باھانى 20 يۈەنگىچە ئۆرلەتتى. لېكىن، ھاجىم يەنىلا ئۇلارغا ساتمىدى.

يىپەكچىلىك فابرىكىسىنىڭ پىلە سېتىۋېلىش ئورنىدا ئادەم، ئېشەك، ھارۋا خۇددى قۇرتتەك مىغىلداپ كەتكەنىدى. نېمىشقا مىغىلدىمىسۇن؟ پىلە قۇرتى بىرلا ۋاقىتتا تارقىتىلىدىغان، بىرلا ۋاقىتتا بېقىلىپ بىرلا ۋاقىتتا تورغا كىرىدىغان، بىرلا ۋاقىتتا تېرىۋېلىنىدىغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېرىۋېلىنغاندىن كېيىن بىر ھەپتە ۋاقىت ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتمىسە بولمايدىغان تۇرسا (ئۇزاق ساقلىنىپ قالسا پىلە قۇرتى كېپىنەككە ئايلىنىپ غوزەكنى تېشىپ چىقىدۇ)،

پىلە ساتقۇچىلار مىغىلدىماي قالامتى؟ پىلە سېتىۋېلىش ئورنى ئاران بىر تۇرسا...

هاجىم كەچكىچە ساقلىدى. ئۆزىگە نۆۋەت كەلگۈچە ئۆچرەتتە تۇرۇپ، فابرىكىدىن ئېقىپ چىقىپ «ئاياغ لاسكوي» تەرەپكە ئېقىپ كېتىدىغان سېسىق سۇنىڭ چىدىغۇسىز بەدبۇي پۇرىقىغا، پاشا-كۇمۇتىلارنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىغا، تومۇز ئىسسىققا چىداپ ساقلىدى. ئاخىر قۇياش نامازدىگەرگە ئېگىلگەن چاغدا نۆۋەتمۇ كەلدى. پىلە سورتىنى ئايرىغۇچى قاپاقلىرىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، پىلىنى خالتىدىن تۆكۈشكە بۇيرۇدى. خۇددى مال بازىرىدا ھايۋاننىڭ چىشىنى كۆرۈۋاتقان قېرى بىدىكتەك، پىلىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى، ھۆل-قۇرۇقلۇقىنى، ئاق-سېرىقلىقىنى بىر ھازا تەكشۈردى. ئاخىر بېشىنى كۆتۈرۈپ، نېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، ھاجىمغا، ئۇنىڭ پاكىز چىرايىغا، ئەقىللىك كۆزلىرىگە قاراپ توختاپ قالدى ۋە مىنۇت ئۆتمەستىن «كىلوسى سەككىز يۈەن!» دەپ ۋارقىرىدى.

هاجىم باھا تالىشىشنىڭ، سودىلىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ئۆز ئەمگەك مېۋىسىنى قوغداشقا ئۇرۇنسا، ئاشۇ مۇز تەلەت خادىمنىڭ ئالىيشىغا، سېسىق گەپ قىلىشىغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنىڭ خالتىنى بىر چەتكە تېپىۋېتىپ، باشقىلارنىڭ پىلىسىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، يەنە ساقلاشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى، تاكى ئەتىگىچە ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ غىڭ قىلماي پىلىنى ئۆلچىتىپ، بەرگەن پۇلنى ئالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە خاپىلىقتىن كۆرە، نېمىگىدۇر بىر خىل ھەيرانلىق بار ئىدى. ئۇ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇلغان پۇلنى ساناپ بولۇپ، بىر ھازا ئويلاپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ يولدا ئۇچرىغان ھېلىقى تىجارەتچىنىڭ تاپقۇرلۇقىغا ھەيران بولىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. فابرىكىدىكىلەرنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى ئاشۇ تىجارەتچىنىڭ پەرىزىدىن بىر تىيىنمۇ ئارتۇق بولمىغانىدى...

هاجىم ئېيتقان ھېكايە ئەنە شۇ. مەن بۇ يەردە يەنە خېلىلا ئوخشىغان، دانىسى بىر گرامدىن كەم چىقمايدىغان پىلىسىنىڭ ھەر كىلوگرامىنى ئون يۈەندىن تۆۋەن باھادا ساتقان 23 نەپەر پىلىكارنىڭ ئىسىم-فامىلىسىنى قاتار كەلتۈرۈشۈم، ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن. مەن سۆھبەتلەشكەن يۈزدىن ئارتۇق پىلىكار ئىچىدە ئاشۇ 23 ئادەم ماڭا «تۆمۈر باھا» توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بەرگەن. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن خاتىرە قالدۇرغانمەن. ئۇلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، پىلە سېتىۋالغۇچى فابرىكىلار پىلە يىغىۋېلىنىشتىن ئىلگىرى «ھەر كىلوگرام پىلىنى 12 يۈەندىن 14 يۈەنگىچە بولغان باھادا سېتىۋالىمىز» دەپ ئېلان چىقىرىدىكەن. مال باھا تارماقلىرىغىمۇ شۇ باھادا تىزىمغا ئالدۇرىدىكەن. پىلە يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن بولسا، ئالتە يۈەندىن ئون يۈەنگىچە بولغان باھادا سېتىۋالىدىكەن. ئون يۈەندىن سېتىۋېلىنغانلىرى ئىنتايىن ئاز بولىدىكەن. ئۇلار پىلە سورتىنى خالىغانچە باھالاپ، خالىغانچە باھا قويىدىكەن، سورتىنى، باھانى خالىغانچە تۆۋەنلىتىدىكەن. غىدىك-پىدىك قىلىشقا بولمايدىكەن...

نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ سېتىۋالغۇچى تەرەپ نېمىشقا بۇنچىۋالا زومىگەرلىك قىلىشقا

جۇرئەت قىلالايدۇ؟ سەۋەبى شۇكى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دېھقانلارغا «پىلە گىنى پالان فابرىكىغا ساتىسەن» دەپ بەلگىلەپ بەرگەن. بەلگىلەنگەن فابرىكىغا ساتمىغۇچىلارنىڭ پىلە ئىشلەپ چىقارغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، جەرىمانە ئالغان. ھۆكۈمەت تەرەپ دېھقانلارغا پىلىسىنى يۇقىرىراق باھادا ئالىدىغانلارغا سېتىشقا رۇخسەت قىلمىغانلىقتىن ياكى پىلىنى رىقابەتلىشىپ سېتىۋالىدىغان تەرەپنىڭ بولۇشىغا يول قويمىغانلىقتىن بەلگىلەنگەن سېتىۋالغۇچى تەرەپ باھانى خالىغانچە چۈشۈرۈشكە جۇرئەت قىلغان. دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئۆز مەيلىچە مۇئامىلە قىلغان.

1994-يىلى يازدا خوتەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى تىجارەتچىلەر سېتىۋېلىپ، ئىچكىرىگە يۆتكەپ ماڭغان ئىككى ماشىنا پىلىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدى. گەرچە روزى توختى ھاجىمغا ئوخشاش ياۋاش بىچارىلەر پىلىسىنى يۇقىرى باھادا ئالىدىغان تىجارەتچىلەرگە سېتىشقا جۇرئەت قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بەككە تىجارەتچىلەرگە ساتىدىغانلار چىقىپتۇ. چۈنكى، ئۇلار قويغان يۇقىرى باھا ئادەمنى ماگنىتتەك جەلپ، گۆلدەك مەھلىيا قىلىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئەپسۇسكى، دېھقانلارنىڭ پىلىسىنى يۇقىرىراق باھادا ئالغان تىجارەتچىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولماپتۇ. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغان بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا يەرلىك ھۆكۈمەتلەر قورۇقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۇلار سېتىۋالغان پىلىنى مۇسادىرە قىپتۇ...

بەلكىم بەزىلەر: يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ پىلە يۆتكىشىگە رۇخسەت قىلمىغانلىقىمىزدا خام ئەشيانى ئۆز ئورنىمىزدا پىششىقلاپ ئىشلەش نەزەردە تۇتۇلغان، دېيىشى مۇمكىن. بۇ گەپ ھەرگىزمۇ يۈز تىرەپ تۇرالمايدۇ.

1994-يىلى خوتەن بىرىنچى ترانسپورت شىركىتى (يەقەت بىرىنچى ترانسپورت شىركىتىلا) خوتەن يىپەكچىلىك فابرىكىسى ساتقان 500 توننا پىلىنى جىجىياڭدىكى خاڭجۇ، جىياڭسۇدىكى ۋۇشى، سىچۈەندىكى چۇڭچىڭ قاتارلىق جايلارغا يۆتكىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئازراق لاس پىلىنىڭ كىلوگرامى بەش يۈەندىن سەككىز يۈەنگىچە سېتىلغاندىن باشقا، كۆپ قىسىم سۇپەتلىك پىلە 25 يۈەندىن 30 يۈەنگىچە بولغان باھادا سېتىلدى. ۋەھالەنكى، بۇنى ھېچكىم «خام ئەشيانى ئۆز يېرىمىزدە پىششىقلاپ ئىشلەيمىز» دەپ توسۇمىدىغۇ؟ مۇسادىرە قىلىشقا ھېچكىم جۇرئەت قىلالمىدىغۇ؟

25 يۈەندىن 30 يۈەنگىچە بولغان يۇقىرى باھاغا دىققەت قىلىڭ. مانا بۇ دېھقانلاردىن يەتتە يۈەن، سەككىز يۈەندىن سېتىۋېلىپ ئىككى ھېسسە، ھەتتا ئۈچ ھەسسە پايدا ئېلىش! ئۇلار شۇنچە كۆپ پايدا ئالغۇدەك قانچىلىك ئىش قوشقان؟ ئاران پىلىنى بۇسلىدى. پىلە ئىچىدىكى قۇرتنى ئۆلتۈردى شۇ.

سېتىۋالغۇچى تەرەپ (ئۇلارمۇ يەككە تىجارەتچىلەر) 25 يۈەندىن 30 يۈەنگىچە بولغان يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىشقا چىداپلا قالماي، يەنە ھەر بىر ماشىنا پىلىنىڭ كىراسى ئۈچۈن (پىلىنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى كىچىك، ھەجمى چوڭ بولغانلىقتىن ئۇزۇن كورۇپلۇق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلار ئىسكىلاتى

ماشىنىغىمۇ 4 — 5 توننىدىن ئارتۇق باسقىلى بولمايدۇ) 15 مىڭ يۈەندىن 16 مىڭ يۈەنگىچە كىرا تۆلەشكىمۇ چىدىدى. بۇ بىزگە بازاردا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بازاردا بىر كىلوگرام پىلىنىڭ باھاسى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەمدۇ؟...

ئۇلار 500 توننا (500 مىڭ كىلوگرام) پىلىنى ساتتى. دەل ئەنە شۇ چاغدا فابرىكىدىكى بىر قىسىم ئىشچى «ئىش يوق، خام ئەشيا يوق» دېگەن سەۋەب بىلەن ئائىلىسىدە بىكار ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىندى. بۇ دىرېكتورنىڭ پىلىگە ئىش قوشۇپ، يىپەك تارتىپ، ئىشچىلارغا مائاش بېرىپ يۇرگۈچە پىلىنىڭ ئۆزىنى سېتىپلا پايدا ئېلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئاشۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرمەمدۇ؟

ئۇلار ھەر كىلوگرام پىلىنى 25-30 يۈەندىن ساتتى. ئارىدا دېھقانلارنىڭ 15-20 يۈەن ھەققىنى قاراپ تۇرۇپ سوقۇپ كەتتى. بۇنى نېمە دېيىش كېرەك؟ بۇنى زاۋۇتلارنىڭ، دىرېكتورلارنىڭ دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى دېمەي ئىلاج يوق.

رىقابەتلىشىپ سېتىۋالىدىغان تەرەپنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدىغان، سېتىۋالغۇچى تەرەپ ئالدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن تۇرسا، سېتىۋالغۇچى فابرىكا تەرەپ بۇنداق پايدىلىق شارائىتتىن نېمىشقىمۇ پايدىلانمىسۇن؟ نېمىشقا خالىغانچە تۆۋەن باھادا سېتىۋالمىسۇن؟ ھەر نېمە دېگەنبىلەن بۇمۇ بەربىر سودىغۇ؟!

زاۋۇتلارنىڭ پىلىنى ئاشۇنداق ئەرزان باھادا سېتىۋېلىشىدا نېمە ئاساسى بار؟ ياكى ئۇلار پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا مەبلەغ سالغانمۇ؟ ئۈجمىلىك بەرپا قىلغانمۇ؟ قۇرتخانا ياسىغانمۇ؟ دېھقانلارغا سۆچەك ياساپ، بامبۇك سېۋەت ئېلىپ بەرگەنمۇ؟ دېزىنفېكسىيە قىلىش دورىلىرى بەرگەنمۇ؟ ھەقسىز پىلە قۇرتى بىلەن تەمىنلىگەنمۇ؟ ياق. پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ھەممە مەبلەغنى دېھقانلار ئۆز يانچۇقىدىن چىقارغان. ئەمەلىيەتتە خام ئەشيا ئىشلەتكۈچى فابرىكا دىرېكتورلىرى قۇرتخانا نەدە، قۇرتنى قانداق باقىدۇ، قۇرت نەچچە كۈندە پىلىگە ئايلىنىدۇ، دېگەنلەرنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئەرزان سېتىۋېلىشنىلا بىلىدۇ...

خوتەن يىپەكچىلىك فابرىكىسىدا ئىشلەيدىغان، تېخى يېقىندىلا ئىچكىرىدىكى پىلىچىلىك رايونلىرىغا بېرىپ كەلگەن X «مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدا پىلىنىڭ باھاسى ئاللىقاچان قويۇۋېتىلىپتۇ، پىلىكار پىلىسىنى كىم يۇقىرى باھادا ئالسا شۇنىڭغا ساتالايدىغان بوپتۇ...» دەپ سۆزلەپ بەردى. بىز ھۆكۈمەت تەرەپ ئاخبارات ۋاستىلىرىدىنمۇ پاختىنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى سىياسەتلەرنى ئاڭلىدۇق. لېكىن، پىلىنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىمىدۇق...

روشەنكى، پىلىنى بەلگىلەنگەن فابرىكىغا سېتىش، بەلگىلەنگەن «تۆمۈر باھا» دا سېتىش، باشقىلارنىڭ پىلە سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويماسلىق خوتەندىكى يەرلىك سىياسەت.

بىز بۇيەردە، مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدا قويۇۋېتىلگەن پىلە سودىسى، پىلىنىڭ

باھاسى نېمە ئۈچۈن خوتەندە قويۇۋېتىلمەيدۇ، خوتەندە پىلە باھاسىنىڭ قويۇۋېتىلمەسلىكىدە كىمنىڭ مەنپەئەتى نەزەردە تۇتۇلغان، دېگەن سوئاللارنى قويۇشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

ئەسلى خوتەندەك مۇشۇنداق ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئالاھىدە نامرات رايوندا، چەت، يىراق، چېگرا رايوندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان رايوندا، ھەر قانداق سىياسەت كەڭرەك بولۇشى، ھەر قانداق باھا ئالدىن قويۇۋېتىلىشى كېرەك ئىدى ئەمەسمۇ؟ مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە ئويغۇن كېلىدىغان بازار ئىگىلىكى نېمە ئۈچۈن خوتەندە كۆچكە ئىگە بولالمايدۇ؟ پاكىتلار چۈشەندۈرىدۇكى، «تۆمۈر باھا»دىن دۆلەت تۈزۈكرەك پايدا ئالغىنى يوق. يەرلىك مالىيمۇ تۈزۈكرەك پايدا ئالغىنى يوق. ئەكسىچە «تۆمۈر باھا»دىن يىپەكچىلىك فابرىكىلىرىنىڭ دىرېكتورلىرى راستىنلا بېيىدى. بېيىپ خۇددى تورغا كىرىش ئالدىدىكى پىلە قۇرتىدەك سەمرىدى. بىز پىلىچىلىكنىڭ كىملەرگە پايدا كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا كېيىنكى بابتا پاكىتلار ئارقىلىق تەپسىلىي توختىلىمىز. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى «تۆمۈر باھا»دىن پايدىلىنىپ، چۈنتىكىنى توملاۋاتقان يەنە بىر خىل مىتىلەر توغرىسىدا كىچىككىنە ھېكايە ئاڭلايلى.

تۆۋەندىكىسى لوپ ناھىيە × يېزا × كەنتىدىكى دېھقان × ئاخۇننىڭ ماڭا سۆزلەپ بەرگەنلىرى:

«1993 - يىلى مەن باققان بىر قۇتا باھار پىلىسى ئانچە ئوبدان ئۇخشىمىدى. ئۇخشىمىدى دېگىنىم، غوزەكلەر كىچىك، رەڭگى دېگىنىم ئەمەس. پىلىنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل چىقىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ساتماي بولمىدى. پىلە سېتىۋېلىش ئورنىدا ئادەم جىق ئىكەن. ساقلاپ تۇردۇم، پىلە سورتلاۋاتقان يەرگە قىستىلىپ بېرىپ، باشقىلارنىڭ پىلىسىنى قانداق ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆزەتتىم. 4—5 ئادەمنىڭ پىلىسى سورتلاندى. ھېچقايسىسى سەككىز يۈەندىن يۇقىرى باھاغا ئېرىشەلمىدى. مېنىڭكىدەك سارغىيىپ قالغان پىلىلەر بولسا ئالتە يېرىم يۈەندىنمۇ ئاشمىدى. مەن بەك ئۈمىدسىزلەندىم. كۆڭلۈمدە «ئاران ئالتە يۈەندىن ئالغۇدەك...» دەپ ئويلىدىم، ئاۋازىم سىرتقا چىقىپ كەتكەنمۇ نېمە، بىلمەيمەن، بىر چاغدا كىمدۇر بىرى يېنىمدىن تارتتى. بۇرۇلۇپ قارىسام، شىلەپە كىيىۋالغان بىر يىگىت ئىشارەت قىلىۋاتىدۇ. يانغا چىقتۇق.

— پىلىلىرى قانداقراق، ئاكا؟ سۇپىتى ياخشىمۇ؟

مەن ئۇنىڭغا راست گەپنى دېدىم:

— ناچار، رەڭگى سارغۇچ چىقىپ قالدى كاساپەتنىڭ...

— سېرىق پىلىنىڭ باھاسى بەك تۆۋەن ئىكەن، كۆرگەنلا... شۇنداقتىمۇ ماڭا بەرسىلە، مەن بىر ئامال قىلىپ كۆرەي...

— سىزگە بەرسەم قانداق بولىدۇ؟ ۋەزىپىمىز بار ئەمەسمۇ؟

— ياق، ماڭا سېتىۋەتسىلە دېمىدىم، مەن سېتىپ بېرەي، تالوننىمۇ ئۆزلىرىگە بېرىمەن، پەقەت... قانچە پۇلدىن ئالار ئۆزلىرىچە، يەتتە يۈەندىن بولسا بولامدۇ؟...

www.uyghurkitap.com

مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەنىدىم. ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇردۇم. يىگىت توختىماي سۆزلەپلا كەتتى.

— يەتتە يېرىم يۈەن بولامدۇ؟ بوپتۇ، سەككىز يۈەن بېرەي، ئەمدىغۇ ماقۇل دەرلا...

مەن يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم. ئالتە يېرىم يۈەندىن ئېلىنىۋاتقان پىلىگە قانداقچە سەككىز يۈەندىن پۇل بېرەي دەيدۇ بۇ؟ ئالدامچىمۇ يا؟ ياق. مەن بۇنداق لاتاقىسماقتا دەسسىمەيمەن. كاللىمۇ يېمەيمەن، چىشىمۇ چاقمايمەن...

يىگىت ماڭا توختىماي نېمىلەرنىدۇ چۈشەندۈرەتتى.

— سىلە ھەر كىلوگرام پىلە ئۈچۈن سەككىز يۈەن پۇل بىلەن تالوننى ئېلىشنى بىلسىلە، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن. ئىشەنمەيۋاتامىلا ماڭا؟ پىشمىنى تۇتۇپ بېرىگە بارسىلا، مەن پەقەت ئازراق...

شۇنداق قىلىپ شىلەپىلىك يىگىت خالتىنىڭ بىر تەرىپىنى، مەن بىر تەرىپىنى تۇتۇپ پىلىنى ئۆتكۈزگىلى ماڭدۇق. كۆڭلۈمدە ئاللىبىر گۇمانلار كېزەتتى. نېمىدىندۇر ئەنسىرەپلا تۇراتتىم. يىگىت ئۆچىرەتكىمۇ قارىمىدى. پىلە سورتلىغۇچىنىڭ ئالدىغىلا ئاپىرىپ تاشلىدى. ھېچنېمە دېيىشمەيلا بىر دەمدىلا پىلىنى ئۆتكۈزۈپ بولدى. مەن 15 كىلوگرام پىلە ساتقانلىق توغرىسىدىكى تالون بىلەن 120 يۈەن پۇلنى تاپشۇرۇۋېلىپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئازراق ساۋاتىم بار ئەمەسمۇ، تالونغا دىققەت بىلەن تىكىلدىم. يالغان ئەمەس راست تالون. ۋاھ، كىلوسىنى ئون يۈەندىن يېزىپتۇ ئەمەسمۇ؟... مەن شۇندىلا ئازراق چۈشەنگەندەك بولدۇم، كاساپەت بىردەمدىلا 30 يۈەن تېپىپتۇ ئەمەسمۇ، ئەجەب يولى كەڭ يىگىتكىنا...

مەن شۇ كۈنى ئالدىراپ يانماي ھېلىقى يىگىتنى خېلى ئۇزۇن كۆزىتىپ تۇردۇم. ئۇ يەنە 3—4 ئادەمنىڭ پىلىسىنى سۇ قىلىپ بەردى. مەن ئۇزاق ئويلاپ ئۇنىڭ پىلە سېتىۋالغۇچى بىلەن بىرلىشىۋالغانلىقىنى، پايدىنى تەڭ بۆلۈشىدىغانلىقىنى چۈشەندىم...»

مانا بۇ دېھقانلارنىمۇ، زاۋۇت تەرەپنىمۇ شىلىپ يەيدىغان يەنە بىر خىل مىتىلەر، «تۆمۈر باھا» دىن پايدىلىنىپ پىلە قۇرتىدەك سەمرىۋاتقان مىتىلەر. ئەگەر پىلىنىڭ باھاسى يۇقىرىراق بولسا، ئەركىن ئېلىپ سېتىشقا مۇمكىن بولسا، بۇنداق مىتىلەرگە يوچۇق چىقارمىدى؟

خۇلاسە شۇكى، «تۆمۈر باھا» — «تۆۋەن باھا» — دېھقانلارنىڭ پىلىچىلىك ئارقىلىق بېيىيالماسلىقىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل.

## 9. توپىلاڭدىن تۇقاچ ئوغرىلىغانلار ھەققىدە پاراڭ

بىز پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش ھېسسىياتىمىز بىلەن ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرسەك دېھقانلارنىڭ قەلبىنى تامامەن چۈشىنىپ كېتەلەيمىز، ھېلىقى «نېمىسىنى دەيلا غوجام،

پىلىچىلىك بىر زۇلۇم بولدى، زۇلۇم...» دېگەن دېھقاننىڭ، بىر توپ ئۆجمىنى كېسىپ تاشلىغان دېھقاننىڭ، پىلە قۇرتىنى ئۆستەڭگە تۆكۈۋەتكەن دېھقاننىڭ ۋە باشقا دېھقانلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنەلەيمىز. ھېلىقى «دېھقان دېگەن بېدىگە ئوخشايدىكەن، ئۆسسە ئورىدىكەن، يەنە ئۆسسە يەنە ئورىدىكەن...» دېگەن ئوبرازلىق، ھەسرەتلىك ئوخشىتىشنى چۈشىنىپ كېتەلەيمىز... دېھقان دېگەنمۇ ئادەم بولغانلىقتىن، يەنە كېلىپ جېنى بار، ھېسسىياتلىق، ئاق-پىكىرگە ئىگە مەخلۇق بولغانلىقتىن، ئۆزىگە پايدا كەلتۈرمىگەن ئىشقا، دەرد-ئەلەم ئېلىپ كەلگەن ئىشقا ئەلۋەتتە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. نارازىلىقنى ھەرىكىتى ياكى گەپ-سۆزىدە ئىپادىلەيدۇ.

ئەھۋال شۇنداقكەن پىلىچىلىكتىن زادى كىم پايدا ئالدى؟

بىز ئالدى بىلەن دۆلەت ۋە يەرلىك مالىيىنىڭ پىلىچىلىكتىن قانچىلىك كىرىم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئېغىرلىقى بىر گىرامدىن ئارتۇقراق كېلىدىغان بىر تال پىلىدىن 500 مېتر ئۇزۇنلۇقتا يىپەك سوزغىلى بولىدۇ. يەتتە تونا ئەتراپىدىكى ياخشى پىلىدىن بىر تونا يىپەك ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدۇ. ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بىلەن ئېيتقاندىمۇ، ئون تونا پىلىدىن بىر تونا يىپەك ئىشلەپ چىقىرىش تامامەن مۇمكىن. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، خوتەن دېھقانلىرى 1994-يىلى ئىشلەپ چىقارغان 3700 تونا پىلىدىن 370 تونا خام يىپەك چىقىدۇ.

«خوتەن گېزىتى» لوپ ناھىيىلىك يىپەكچىلىك فابرىكىسىنى «مەملىكەت بويىچە ئۈنۈمى ياخشى، جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى زور 500 يېزا-بازار كارخانىسىنىڭ بىرى»، «ئومۇمىيۈزلۈك سوپەت باشقۇرۇشتا نىشانغا يەتكەن كارخانا» دەپ تونۇشتۇردى ۋە 1994-يىلى 130 تونا يىپەك ئىشلەپ چىقىرىپ، 18 مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىپ، ئىككى مىليون يۈەن باج-پايدا تاپشۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەگەر بىز ئاشۇ «ئۈنۈمى ياخشى كارخانا» نىڭ باج-پايدا تاپشۇرۇشنى ئۆلچەم قىلىپ ھېسابلاپ كۆرىدىغان بولساق، 370 تونا خام يىپەك ئىشلەپ چىقارغان خوتەندىكى يىپەكچىلىك فابرىكىلىرى 1994-يىلدا دۆلەتكە ۋە يەرلىك مالىيىگە 5 مىليون 692 مىڭ 301 يۈەن 69 پۇڭ باج-پايدا تاپشۇرغان بولىدۇ. ئاران بەش يېرىم مىليوندىن ئارتۇقراق! بۇ قانچىلىك پۇل؟ سېلىشتۇرۇپ ئېيتساق: بۇ خوتەنگە جايلاشقان ئالىي مەكتەپ — خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكۇم مەكتىپىنىڭ دۆلەت كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر يىللىق چىقىمىغىمۇ يەتمەيدۇ!

ئەگەر بىز ئاشۇ بەش يېرىم مىليوندىن ئارتۇقراق پۇلنىڭ يېرىمى دۆلەتكە باج ھېسابىدا تاپشۇرۇلغان، يېرىمى يەرلىك مالىيىگە پايدا ھېسابىدا ئۆتكۈزۈلگەن دەپ قارىساق، يەرلىك مالىيىگە تاپشۇرۇلغان ئىككى يېرىم مىليوندىن ئارتۇقراق پۇل ھەر قايسى ناھىيىلەر پىلە بېقىشنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاجراتقان 200-300 كادىرنىڭ مائاش ۋە كاماندىروپكا راسخوتىغا، مۇكاپاتىغا، ناھىيە ۋە يېزا رەھبەرلىرىنىڭ قان-تەرىگە،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى

ئەقىلنىڭ ئۇپرىشىغا، جان كۆيدۈرۈشلىرىگە چىقىشامدۇ؟ بەدەل بولالامدۇ؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پىلە، يىپەكچىلىكتىن دۆلەت ۋە يەرلىك مالىيىنىڭ ئېرىشكەن كىرىمى چاغلىق. ئۇ ئېغىزغا ئالغۇچىلىك سانمۇ ئەمەس.

بىز ئاشۇ «ئۇنۇمى يۇقىرى كارخانا»نىڭ 130توننا خام يىپەك ئىشلەپ چىقارغان يىلى 18 مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتقانلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ، خوتەندىكى يىپەكچىلىك كارخانىلىرىنىڭ 370 توننا يىپەك ئىشلەپ چىقارغان شۇ يىلى (370 توننا يىپەك ئىشلەپ چىقاردى دېگىنىمىز ئەڭ تۆۋەن مۆلچەردە ئېيتىلغان سۆز) 51 مىليون 230 مىڭ 769 يۈەن 20 پۇڭ مەھسۇلات قىممىتى ياراتقانلىقىنى ھېسابلاپ چىقالايمىز.

بىز يەنە خوتەن يىپەكچىلىك فابرىكىسىنىڭ ئىلغار ئىشچىسى ئارزۇگۈلنى تونۇشتۇرغان ماقالىدىكى «بىر توننا خام يىپەكنىڭ باھاسى 180 مىڭ يۈەن» دېگەن سۆزگە تايىنىپ تۇرۇپ 370 توننا خام يىپەك ئىشلەپ چىقىرىلغان شۇ يىلى خوتەندىكى يىپەكچىلىك فابرىكىلىرىنىڭ 66مىليون 600مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتقانلىقىنى ھېسابلاپ چىقالايمىز. بىز شۇ يىلى خەلقئارا بازاردا بىر توننا يىپەك باھاسىنىڭ 240 مىڭ يۈەن بولغانلىقىنى نەزەرىمىزدىن ساقىت قىلىپ، فابرىكا تەرەپنىڭ «180 مىڭ يۈەن بولدى» دېگىنىگە ئىشەنگەن چېغىمىزدا، ھېلىقى «ئۇنۇمى يۇقىرى كارخانا»نىڭ 18 مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتقان 1994-يىلى ھەر توننا يىپەكنىڭ باھاسىنى 138 مىڭ 461 يۈەن 50 پۇڭ ھېسابلاپ دۆلەتكە ۋە يەرلىك مالىيىگە ئاران ئىككى مىليون يۈەن باج-پايدا تاپشۇرغانلىقىغا نېمە دېگۈلۈك؟ بۇ كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟ بەلكىم ئۇلار يىپەكنى ئوبدان باھادا ئالىدىغان بازارنى تاپالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، ئۇلار شۇ يىلى «يىپەك بازىرىنىڭ ئىنتىك، باھاسى يۇقىرى بولغان»لىقىنى ئۆزلىرى ئېتىراپ قىلغانىغۇ؟!

بىز ئاشۇ ھەر توننا يىپەكنىڭ باھاسى 180 مىڭ يۈەن دېگەن سۆزگە ئىشىنىپ، 370 توننا خام يىپەك ئىشلەپ چىقىرىلغان يىلى 66 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى دەپ قارىساق ۋە بۇ ساندىن زاۋۇت تەرەپ پىلە سېتىۋالغان 37 مىليون يۈەن بىلەن دۆلەتكە باج-پايدا ھېسابىدا تاپشۇرغان 5 مىليون 692 مىڭ 307 يۈەن 50 پۇڭنى چىقىرىپ تاشلىساق، زاۋۇت تەرەپكە يەنە 23 مىليون 907مىڭ 792 يۈەن 50 فۇڭ قالغان بولىدۇ. ئەگەر بىز ھەر توننا يىپەكنىڭ باھاسىنى خەلقئارا بازاردىكى 240 مىڭ يۈەن بويىچە ھېسابلىساق، زاۋۇت تەرەپكە قالغان پۇل يەنىمۇ كۆپىيىدۇ. ئەمگەك كۈچى باشقا ھەر قانداق جايدىكىدىن ئەرزان (ئىشچىلار 30، 40 يۈەن، 60 يۈەن، 70 يۈەن بېرىلگەن ئايلاردىمۇ غىڭ قىلماي ئىشلەشكە مەجبۇر. چۈنكى ئۇ ئىشلىمىسە ئىشلەيدىغان يەنە باشقا ئادەم چىقىدۇ)، سۇ پۇلى، توك پۇلى ئەرزان خوتەن رايونى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئىشلەپ چىقىرىش جەريانىغا شۇنچىۋالا جىق پۇل كېتەمدۇ؟ يۇقىرىقى سان-سىفىرلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە دۆلەت ۋە يەرلىك

مالىيىنىڭ ئېرىشكىنى چاغلىق بولسىمۇ، لېكىن زاۋۇت تەرەپكە قالغان پايدا ئاز ئەمەس. ھەتتا ئۇ ئۇلار تاپشۇرغان باج-پايدىدىن ئېشىپ كېتىشى ياكى تۈۋەن مۆلچەرلىگەندىمۇ شۇنىڭغا تەڭلىشىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا پىلە-يىپەكچىلىككە تايىنىپ ئىشچىلار بېيىدىمۇ؟ زادى كىم بېيىدى؟

پىلە-يىپەكچىلىككە تايىنىپ بېيىغانلار ئۈچ تائىپىدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار فابرىكا دىرېكتورلىرى، جەرىمانچىلەر ۋە ھەر ئىككىلا تەرەپنى قاقتى-سوقتى قىلىدىغان ھېلىقى ئالدامچى مىتىلەردۇر.

پىلە-يىپەكچىلىك ئارقىلىق بېيىغانلارنىڭ بىرىنچىسىنى، شۇنداقلا ھەقىقىي تۇردە بېيىغانلارنى يىپەكچىلىك فابرىكىلىرىنىڭ دىرېكتورلىرىدىن ئىبارەت ئاز ساندىكى بىر قانچە كىشى دېمەي ئىلاج يوق. خوتەندىكى يىپەكچىلىك زاۋۇتلىرىمۇ مۇشۇ دەۋردىكى باشقا كارخانىلارغا ئوخشاشلا زاۋۇت زىيان تارتسىمۇ دىرېكتور زىيان تارتمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. زاۋۇتنىڭ تاپاۋىتى ئازىيىپ كەتسە، دۆلەت ۋە يەرلىك مالىيە ئىگە بولىدىغان باج-پايدا ئازىيىدۇ. ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى ۋە مۇكاپاتىمۇ ئازىيىدۇ. ئەكسىچە دىرېكتورلارنىڭ مائاش-مۇكاپاتى ئازايمايدۇ. يىل ئاخىرىدا ئالىدىغان پالان پىرسەنت ئۆلۈشىمۇ ئازايمايدۇ. ئايرىم ھېساب ئېچىپ، باجدىن قاچۇرۇپ قىلىدىغان توپ كىرىمىمۇ ئازايمايدۇ. يىپەكچىلىك فابرىكىلىرىنىڭ دىرېكتورلىرى راستتىنلا بېيىدى، بېيىپ ھەتتا قانۇننى كۆزگە ئىلمىغۇدەك دەرىجىگە يەتتى.

ئالدىنقى يىلى مەلۇم زاۋۇتتا ئامبارچىنىڭ يىپەك تارتىش ماشىنىلىرى ۋە يىپەك رەخت توقۇش ماشىنىلىرىنىڭ مىستىن ئىشلەنگەن بىر تۈركۈم زاپچاسلىرىنى ساتقانلىقى ۋە پۇلغا خىيانەت قىلغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالدى. بۇ ئىش جىددىي تەكشۈرۈلۈۋاتقاندا ھېلىقى ئامبارغا تۇيۇقسىز ئوت كەتتى. كېيىن ساقچى تەرەپ ئامبارچىنىڭ تەكشۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن قەستەن ئوت قويغانلىقىنى دەلىللەپ، ئۇنى قولغا ئالماقچى بولدى. مانا شۇ ئىشقا ئۆلگۈرۈپ كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلگەن زاۋۇت دىرېكتورى X (ئاڭلىشىمچە، ئۇ ھېلىقى ئامبارچىغا يىراق تۇغقان كېلىدىكەن): «زاۋۇتنى مەن ھۆددىگە ئالغان، پايدا-زىيانغا ئۆزۈم ئىگە. مەن سىلەرگە ئامبارچى ماڭا 520 مىڭ يۈەنلىك زىيان سالدى دەپ ئەرز قىلمىدىمغۇ، ئۇنى نېمىشقا قولغا ئالاتتىڭلار؟» دېگەن ۋە يۇقىرى-تۈۋەن مۇناسىۋەت باغلاپ، زىياپەت بېرىپ، پۇل سوغلاپ، ئوت قويغۇچىنى قولغا ئېلىشقا يول قويمىغان...

قاراڭلار، ئۇنىڭ يوغانچىلىقىغا! قانۇنغا توسقۇنلۇق قىلىپ، كۆرەڭلەپ كېتىشىگە! ئەگەر ئۇ بېيىپ-سەمرىپ، تولۇمچاشقاندەك تولۇپ كەتمىگەن بولسا قانۇن ئالدىدا ئاشۇنداق يوغانچىلىق قىلالايتتىمۇ؟

ئاشۇ زاۋۇتتىكى كۆپ ئىشتىن خەۋەردار خادىملار ماڭا ئاشۇ قانۇننى توسۇشقا جۈرئەت قىلالىغان X دىرېكتورنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىغا 300 مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ

www.uyghurkitap.com



ھەشەمەتلىك داچا سالغانلىقىنى، خېلى كۆلەمگە ئىگە يېپەكچىلىك زاۋۇتى قۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

300مىڭ يۈەنلىك داچا سالالىغان، يېپەكچىلىك زاۋۇتى قۇرالىغان ئادەمنى ھەقىقىي باي دېيىش كېرەك. ئۇنىڭ خوتەن يېپەكچىلىكىگە تايىنىپ بېيىغانلىقىنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەك. يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ پىلە باھاسىنى كونترول قىلىپ بېرىشىگە تايىنىپ بېيىغانلىقىنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەك. ئەگەر پىلە باھاسى مۇۋاپىق بولغان بولسا، ئۇ قىسقىغىنا 5 — 6 يىل ئىچىدە شۇنچىۋالا تولۇپ كېتەرمىدى؟

مېنىڭچە، بېيىشقا بولىدۇ. بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ئالدىدىن بېيىشى — ھۆكۈمەت يول قويغان سىياسەت. زاۋۇت دىرېكتورلىرىمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىقتىدارىغا، فابرىكىغا قوشقان تۆھپىسىگە ئاساسەن، توختام يول قويغان ھەقنى ئېلىپ بېيىسا، بۇ نورمال ئەھۋال. لېكىن، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ دېھقانلارنى مەجبۇرلاپ-قاقشىتىپ، پىلە باھاسىنى كونترول قىلىپ تۇرۇپ، زاۋۇت دىرېكتورلىرىنىڭ بېيىشىغا يول ئېچىپ بەرگەنلىكى ھەقىقەتەن غەلىتە ئەھۋال.

پىلە-ئۈجمىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئارقىلىق بېيىغانلارنىڭ ئىككىنچىسى — يۇرتداشلىرىنى، قولۇم-قوشنىلىرىنى يىغلىتىپ، قاقشىتىپ تۇرۇپ جەرىمانە ئالىدىغان ھېلىقى يېزا ۋە كەنت كادىرلىرىدۇر. ئۇلار زاۋۇت دىرېكتورلىرىغا ئوخشاش تۇلۇمچاشقاندەك تولۇپ سەمرىمىگەن بولسىمۇ، خامان ۋاقتىدىكى سېرىق قۇيرۇقتەك سەمرىدى. قورساقلىرى ئالتە ئايلىق بولغاندەك تومپىيىپ چىقتى. بۇنداقلارنىڭ باي بولۇش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇلار پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەريانىدىكى ھەر خىل ئىش ھالقىلىرىدىن چاتاق تېپىپ جەرىمانە قويىدۇ؛ دېھقانلاردا نەق پۇل بولمىسا ئۇلارنىڭ قوي-ئۆچكىلىرىنى، توخۇ-ئۆردەكلىرىنى ھەيدەپ ماڭىدۇ؛ گىلەم، كىگىز، يوتقان-كۆرپە قاتارلىق ئائىلە بىساتلىرىنى سۆرەپ ماڭىدۇ؛ دېھقاندىن ئېلىنغان جەرىمانىگە ئەگەر گۇۋاھچى بولمايلا قالسا (ياكى بولغاندىمۇ) تالون ياكى ھۆججەت يېزىپ بەرمەيدۇ؛ شۇ ئارقىلىق جەرىمانە ئېلىنغان پۇلنى ئۆز چۆنتىكىگە سېلىۋالىدۇ. قوي-ئۆچكە ۋە باشقا ئائىلە سايمانلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. بۇ خىل يول بىلەن شەخسنىڭ قارنىغا كىرىپ كەتكەن پۇل دېھقانلاردىن ئېلىنغان ئومۇمىي جەرىمانە پۇلىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدۇ، دەپ مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. ئەتىيازلىق ۋە كۈزلۈك پىلە بېقىش مەزگىلىنى ئاشۇ جەرىمانىچىلەرنىڭ يانچۇقى كۈنلەپ-سائەتلەپ تومپىيىۋاتقان، ئۇلارنىڭ باي بولۇش سۈرئىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىل دەپ قاراشقا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن يىلغا سوزۇلغان پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تەييارلىق ۋاقتىنىمۇ ئۇلارنىڭ جەرىمانىچىلىك بىلەن ئۈزلۈكسىز شۇغۇللانغان ۋاقتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ تەييارلىق مەزگىلىدىمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا جەرىمانە ئېلىش پۇرسىتى تەييارلانغان بولىدۇ. ھەقىقىي جەرىمانىچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، دېھقانلارنىڭ ھەممە ئىشلارنى ۋاقتىدا ۋە تولۇق ئورۇندىشى

ئۇنىڭ كىرىمىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ كۆپرەك دېھقانلارنىڭ تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى قىلماسلىقىنى ياكى تولۇق ئورۇندىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىز جۇرئەت ۋالىينىڭ تېلېۋىزىيە نۇتقىدىكى ھېلىقى بىر كەنتتىلا 189 مىڭ يۈەن پۇلە جەرىمانىسى ئېلىنغانلىقى، بۇنىڭ شۇ كەنتتىكى ھەر بىر ئائىلىگە 448 يۈەندىن توغرا كەلگەنلىكى (ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن ئارتۇقراق توغرا كېلىشى كېرەك، چۈنكى كەنت كادىرلىرىنىڭ ئائىلىلىرى قاتارلىق پۇلە قۇرتى باقمايدىغان ئائىلىلەرمۇ بار. ئۇلار ئەلۋەتتە جەرىمانىمۇ تۆلىمىگەن)دىن ئىبارەت پاكىتنى يادىمىزغا ئالساقلا، جەرىمانىچىلەرنىڭ باي بولۇش دەرىجىسىنى، باي بولۇش سۈرئىتىنى، باش بولۇش ۋاستىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

دېھقانلارنىڭ جەرىمانىچىلەرگە قارىتا كۆز قارىشى قانداقراق؟ دېھقانلار يەنىلا ئۇلارنىڭ باي بولۇشىنى، باي بولۇپ كۆز قارىنىنىڭ تويۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار تويۇنغاندىلا جەرىمانىچىلىكى پەسكويغا چۈشەرمىكىن دەپ ئويلايدۇ. بىز بۇ يەردە خوتەندە تارقىلىپ يۈرگەن بىر لەتىپىنى ئەسلەپ ئۆتەيلى.

مەلۇم بىر كەنتتە كەنت سېكرېتارىنىڭ خىيانەتچىلىكى ئاشكارا بولۇپ، يۇقىرىدىن كەلگەن كادىر ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىماقچى بولۇپتۇ. لېكىن، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا دېھقانلار قوشۇلماپتۇ. يۇقىرىدىن كەلگەن كادىر: «ئۇ خىيانەتچى تۇرسا، نېمىشقا ئۇنى قالدۇرۇۋېتىشكە ئۇنىمايسىلەر» دەپ سورىغاندا، دېھقانلار: «سىلەر يېڭىسىنى تىكلىسەڭلار، بىز ئۇنى باي قىلىپ بولغۇچە مادارىمىزدىن كېتىپ قالىمىز، ئاخىرقى مال-چارۋا، ئاخىرقى بىساتىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالىمىز، ئەڭ ياخشىسى بېيىپ بولغان ئاشۇنى قالدۇرۇۋەتمەيلى» دەپتۇ...

بۇ ھەقىقىي بولغان ئەھۋال ئەمەس، بەلكى بىر لەتىپە، لەتىپە بولغاندىمۇ دېھقانلارنىڭ كۆز قارىشىنى، جەرىمانىچىلەرنىڭ قانچىلىك بېيىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان لەتىپە.

پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئارقىلىق بېيىغانلارنىڭ ئۈچىنچىسى پىلە سېتىۋېلىش پونكىتىدا پىلە سورتىنى ئايرىيدىغان، باھاسىنى بېكىتىدىغان ھېلىقى كىشىلەردۇر. ئۇلار قەستەن پىلە سورتىنى چۈشۈرۈش، باھاسىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق زاۋۇت تەرەپكە پۇل تېجەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ئەل-ئاغىنىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، دېھقانلارنىڭ پىلىسىنى ۋەكالىتەن سېتىپ بېرىش، زاۋۇت ھېسابىغا قىممەت ئۆتكۈزۈپ، دېھقانلارغا ئاز پۇل بېرىش ئارقىلىق (8-بابىنىڭ ئاخىرىدىكى ۋەقەگە قاراڭ) چۆنتىكىنى توملايدۇ. ئۇلار ھەر ئىككىلا تەرەپكە زىيان سالىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلار كېيىنكى ئۇسۇلنى قوللانغاندا پاش بولۇپ قېلىش خەۋپىگە تەۋەككۈل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ باي بولۇش مەزگىلى قىسقا بولۇپ، زور دەرىجىدە بېيىپ كېتەلمىسىمۇ كىرىمى ئاشىدۇ. ھەر يىلى پۈرسەتكە ئېرىشىپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئادەم پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئىبارەت چوڭ توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلاپ بېيىغانلاردۇر. بىزنىڭ ئۇلارنى توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىغانلار دېيىشىمىز ھەرگىزمۇ ئارتۇق كەتكەن گەپ ئەمەس.

## 10. دېھقانلار يادلاپ يۈرگەن شېئىر

يىغىپ ئېيتقاندا بۇ ئەدەبىي ئاخباراتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر دېھقانلار پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى نېمىشقا «زۇلۇم» ھېس قىلدى، بازار ئېگىلىكى يولغا قويۇلغان بۈگۈنكى كۈندە پىلە باھاسىنىڭ قويۇۋېتىلمەسلىكى قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دېگەن ئىككىلا سوئال جۈملىگە يىغىنچاقلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى بىر تالاي پاكىتلار، بايانلار، مۇھاكىمىلەر ۋە زېرىكەرلىك سان-سىفىرلار ئاشۇ ئىككى سوئالغا جاۋاب بېرەلىگەن بولۇشىمۇ، جاۋاب بېرەلمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئاپتورنىڭ ماتېرىيال توپلاش ئىقتىدارى ۋە ماتېرىياللارغا ئېرىشىش پۇرسىتى چەكلىك بولغانلىقتىن، رېئاللىققا تالىق ئاشۇ تېمىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمىگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. ئۇ يېزىش جەريانىدا «ئۇنداق قىلىش كېرەك ئىدىيەي، مۇنداق قىلىش كېرەك ئىدىيەي...» دېگەندەك گەپلەرنى يېزىپ سېلىشتىن ئۆزىنى ئېلاجىنىڭ بارىچە قاچۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە ھېسسىياتىنى تىزگىنلىيەلمەي، ئاشۇنداق سەنەمگە ئۇسسۇل ئويناپ قالغانلىقىمۇ ئېھتىمال. شۇنداقتىمۇ ئاپتور كىتابخانلارنىڭ كەچۈرۈۋېتىشىگە ئىشىنىدۇ. شۇنداقلا بەزى تەپسىلات-مەسىلىلەرنى ئېھتىياجدىن ئارتۇق تەكىتلەپ، كىتابخانلاردا خاتا چۈشەنچە، خاتا ھېسسىيات پەيدا قىلىپ سالغان يەرلىرى بولسا كەچۈرۈم سورايدۇ.

1994-يىل 18-دېكابىر خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى جۇرئەت مەتىمىن «ئۈچ قالايمىقان» نى چەكلەش توغرىسىدا يۇقىرى مۇقاملىق، ئەھمىيىتى زور بولغان تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىدى. «مەلۇم ناھىيە، مەلۇم كەنتتە خاس پىلىدىن ئىبارەت بىر تۈردىلا 189 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلغان» لىقىنى، بۇ جەرىمانىنىڭ «ھەر بىر ئائىلىگە 448 يۈەندىن توغرا كەلگەن» لىكىنى مىسال كەلتۈرۈپ، جەرىمانىچىلىكنى دەرھال توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئاشۇ نۇتۇق ئېلان قىلىنىپ ئون نەچچە كۈندىن كېيىن «خوتەن گېزىتى» خوتەن شەھىرىدىكى بىر بازار، ئۈچ يېزىدا ئون نەچچە مىڭ يۈەن، قارىقاش ناھىيىسىنىڭ ياۋا، ئورچى يېزىلىرىدا 5600 يۈەن، خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئۈرۈقچىلىق مەيدان ئاھالە كومىتېتىدا 10 مىڭ يۈەن جەرىمانىنىڭ دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىنى، يەنە بەزى يېزىلاردا جەرىمانە قايتۇرۇش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. كىشىلەر يۇقىرىقى نۇتۇق ۋە خەۋەرلەرنى كۆرگەندىن كېيىن خوتەندىمۇ جەرىمانىچىلىك بولمايدىغان كۈننىڭ تېگى ئېتتۇۋېتىپتۇ دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەندى. ھەتتا ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇنداق ئۈمىدۋارلىقتىن قاناتلانغانىدى. لېكىن ئەپسۇس،

ناھايىتى ئەپسۇس...

بۇ ئەدەبىي ئاخبارات تەھرىر بۆلۈمىدە ئېلان قىلىنىشىنى كۈتۈپ ياتقاندا 1995-يىللىق باھار پىلىسى بېقىش مەزگىلى باشلاندى شۇنداقلا ئاياغلاشتى (ئاپتور ئاشۇ كۈتۈپ يېتىشىنىڭ ئەسەرگە 1995-يىللىق بەزى ئەھۋاللارنى تولۇقلاپ قويۇش پۇرسىتى بەرگەنلىكىدىن مەمنۇن). ئەھۋال قانداق بولدى، جەرىمانىچىلىك تۈگىدىمۇ؟

گۇما ناھىيىسىنىڭ كۆكتېرەك يېزىسىدا «تۆمۈر مەھسۇلات» ئۆلچىمىگە يەتكۈزەلمىگەن پىلىكارنىڭ ھەر بىر كىلوگرام پىلە غوزىكى ئۈچۈن تۆلەيدىغان بەش يۈەن جەرىمانىسى بەش كۈن ھەقسىز سىرتقى ئەمگەككە قاتنىشىشقا ئۆزگەرتىلىپتۇ. تېخى بۇ ھەقسىز سىرتقى ئەمگەك چوقۇم 315-نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭ جەنۇبىدا، گۇما ناھىيىسىگە قاراشلىق تاغلىق رايونلاردا بولىدىغان ئەمگەك بولۇشى كېرەك ئىكەن. دېھقانلار چوقۇم 10 كىلومېتىردىن يىراققا بېرىپ ئەمگەككە قاتناشقاندىلا ئاندىن ھېلىقى كەلمىگەن پىلىنىڭ جاۋابكارلىقىنى تۈگەتكەن بولىدىكەن. ئويلاپ كۆرەيلى، بەش يۈەنىنىڭ قىممىتى چوڭمۇ ياكى بەش كۈنلۈك ئەمگەكنىڭمۇ؟

قاراقاش، خوتەن، لوپ ناھىيىلىرىدە جەرىمانىنىڭ ئىسمى ئۆزگىرىپتۇ. ئەمدى ئۇنى يېزا كادىرلىرى جەرىمانە دېمەي خەنزۇچە ئاتالغۇ بويىچە ياجىن دەيدىغان بوپتۇ. پىلىچىلىكتىكى مەلۇم بىر ئىش ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندالمىغان بولسا، «تۆمۈر قۇرت» ئۆلۈپ قالغان بولسا، «تۆمۈر مەھسۇلات» كەلمىگەن بولسا دېھقانلار ياجىن تۆلەشكە مەجبۇر قىلىنىدىكەن. يېزا كادىرلىرى ئاشۇ ئىشنى ئورۇنداپ بولساڭ ياكى قانداق يول بىلەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «تۆمۈر مەھسۇلات» نورمىسىنى تولدۇرساڭ ياجىنىنى قايتۇرۇپ بېرىمىز دەيدىكەن. ئۇلار راستىنلا ياجىنىنى قايتۇرۇپ بېرەرمۇ؟ ئېلىشقىلا كۆنگەن ئاشۇ قوللاردىن قايتۇرۇش كېلەرمۇ؟

«تۆمۈر ۋەزىپە» دېھقانلاردىن ئېشىپ ئوقۇتقۇچىلارغا، كادىرلارغا ۋە باشقا دۆلەت خىزمەتچىلىرىگىمۇ تېگىلىپتۇ. 1995-يىل 3-ئىيۇن ئاپتور چىرا ناھىيىسىنىڭ گۇلاخما يېزىسىدا ئىدارىسىغا تەقسىم قىلىنغان پىلە قۇرتلىرىنى بېقىۋاتقان دۆلەت كادىرلىرىنى ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىدارىلەرمۇ «تۆمۈر ۋەزىپە»نى قوبۇل قىپتۇ: پىلە قۇرتىنى پۇل تۆلەپ سېتىۋالىدىكەن. بەلگىلەنگەن كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ ئۈجمە يوپۇرماقلىرى ئارقىلىق باقىدىكەن. پىلە ساتقان پۇل ئىدارىغا، ئورۇندالغان مەھسۇلات كەنتكە تەۋە بولىدىكەن. «تۆمۈر مەھسۇلات» ئۆلچەمدىن كەملەپ قالسا ئىدارىلەرمۇ ئوخشاشلا جەرىمانە تۆلەيدىكەن. ئىدارىلەردىكى كۆپ قىسىم كادىرلار پىلە بېقىشقا چىقىپ كەتكەنلىكتىن، بەزى ئىدارىلەردە ئىشمۇ توختاپتۇ. ئاشۇ گۇلاخمادا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئاپتورغا «ئىشخانىدىكى 27 ئادەمنىڭ 24 نەپىرى پىلە بېقىشقا كەلگەنلىكىنى، كەلگىنىگە 18 كۈن بولغانلىقىنى، يوپۇرماق تالىشىپ دېھقانلار بىلەن غېرىبلىدىشىپ قالغانلىقىنى، يېزىلاردىكى ھەر بىر ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئىككى-ئۈچ قۇتىدىن پىلە قۇرتى بېقىش ۋەزىپىسى بېرىلگەنلىكىنى» سۆزلەپ بەردى.

1995-يىلى دېھقانلارغا يېڭىدىن قۇرتخانا سېلىش ئالۋىڭى كەپتۇ. ئىلگىرى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھويلىلىرىغا سېلىنغان قۇرتخانىلار بىكار قىلىنىپتۇ. ئەمدى كەنت بويىچە بىر يەرگە، بىر-بىرىگە تۇتاش قىلىپ ھەر بىر دېھقان ئائىلىسى ئۈچۈن بىر ئېغىزدىن قۇرتخانا سېلىنىپتۇ. ئېھتىمال ئۇلار قۇرتخانىلارنى بىر يەرگە يىغقاندا نازارەت قىلىشنىڭ ئوڭاي بولىدىغانلىقىنى ئويلىغان بولسا كېرەك. لېكىن، قۇرتخانا سالدۇرغۇچىلار دېھقانلارنىڭ قۇرتخانا سېلىش جەريانىدىكى چىقىمىنى ئويلاپ كۆرگەندىمۇ؟ ئۆي سېلىش، يەنە كېلىپ تېخى ئاشۇنداق ئۆلچەملىك قۇرتخانا سېلىش ئوڭاي ئىشمۇ؟

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1995-يىلى خوتەننىڭ پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا جەرىمانە ۋە ئالۋاڭ-ياساق كۆپەيسە كۆپەيدىكى، ئازايمىدى. دېھقانلارنىڭ چىقىمى كۆپىيىۋەردى. «پىلە زۇلۇمى»نى ئەمدى دېھقانلارلا تارتىپ قالماي، كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلارمۇ تارتىشقا باشلىدى. بۇنىڭ پايانى بارمۇ؟

بۇ يىل قىش ۋە ئەتىيازدا خوتەن يېزىلىرىدا دېھقان ئائىلىلىرىدە ئاشلىق توگەپ قېلىشتىن ئىبارەت «كىچىككىنە» چاتاق چىقتى. گەرچە ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەر توغرىسىدا خەۋەر تارقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمدىلا ئەتلىنەي دەۋاتقان بىر قىسىم ئائىلىلەر قوي-ئۆچكە، توخۇ-ئۆردەكلىرىنى، گىلەم-كىگىزلىرىنى، تېخى ياغاچ ماتېرىيالى بولۇشقا ئۈلگۈرمىگەن دەرەخلىرىنى ئېلىشقا سېتىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنى ئۇلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش يولىدىكى بىر قېتىملىق پۇتلىشىپ، پېلىشىپ كېتىشى دېيىش كېرەك. بۇنى كىمنىڭ ۋە نېمە سەۋەبتىن كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئاپتونوم رايون ۋە خوتەن ۋىلايىتى بۇ ئىشقا تولىمۇ جىددىي قارىدى. ئارقىمۇ ئارقا تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى قايتا-قايتا تەكشۈردى. ئۆيمۇ ئۆي، ئائىلىمۇ ئائىلە كىرىپ، تاغار، خالتىلارنىڭ قۇرۇق-قۇرۇق ئەمەسلىكىنى، خالتا قۇرۇق بولمىسا قانچىلىك ئاشلىق بارلىقىنى بىرمۇ بىر جىڭلاپ تەكشۈردى. ئاشۇ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ ئېيتىشىچە، تەكشۈرۈش ئۆمىكى دېھقانلاردىن ئەھۋال سورىغاندا دېھقانلار ئۆز ئەھۋالىنى ئۆز سۆزى بىلەن دېمەي، بەلكى شائىر روزى سايىتنىڭ «دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش»، «دېھقان يىغلايدۇ»، «جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس» دېگەن شېئىرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنداق ئەھۋال باشقا يېزا-كەنتلەردىمۇ تەكرارلىنىپتۇ... قورسىقى يېرىم ئاچ بىچارىلەرنىڭ شېئىر يادلاپ يۈرۈشى غەلىتىلىك ئەمەسمۇ؟ مېنىڭچە ئەگەر يۇقىرىدىن خوتەندىكى «پىلە زۇلۇمى»نى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۆمەك كېلىپ قالسا، دېھقانلار يەنىلا شۇ شېئىرلارنى يادلاپ بېرىش ئارقىلىق ئۆز ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، شۇ شېئىرلارنىڭ بىرىدە «پىلە زۇلۇمى» توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك يېزىلغان:

پىلىنىڭ داۋرىگى بىر زۇلۇم بولدى،
قۇرت يېقىپ دەردىمىز مىڭ تۈلۈم بولدى،
كىرىمدىن چىقىم جىق، «داد!» ئۆلۈم بولدى،
ھېچ كىشى دېمەس: «نەق ئۇن پۇلۇم بولدى.»
مال-مۈلكى تۆلەمدە ھەر ئۆي-خانىنىڭ.

ئۆي-ئۆيگە تېگىلدى توختاملىق پىلە،
نە پىلە، بىز ئىشەك، ئۇ بولدى مۆلە،
بىر تال قۇرت ئۆلسە دەر: «جەرىمانە تۆلە»،
بۇ قانداق ئادالەت، بۇ قانداق ھىيلە؟
بۇ تەھقىق ئەمرى كەنت خانىدانىنىڭ.

بىز مانا مۇشۇنداق بىچارە بەندە،
سالدۇ «خارەت»①لەر توختىماي «رەندە»،
يانچۇق بوش، تاغار بوش، كىيىم جۇل-جەندە،
بىزگە كىم باشپاناھ، كىملەر پەيۋەندە،
يىرىمى قالدىغۇ دېھقان جانىنىڭ.

دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى مۇشۇنداق ئەينەن، دەل جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرلارنى يادلىۋالماي قالارمۇ؟ ئاشۇ شېئىرلار بېسىلغان گېزىت-ژۇرناللارنى قويىنىغا سېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرمەسمۇ؟ ئەمدى گەپنى ئۇزارتىۋەرمەيلى. ھەممىگە ئايانكى: شېئىر — رېئاللىقنىڭ ئەينىكى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمۇھەممەت جۇمە

**تۈزىتىش**

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1995-يىل 12-سانىنىڭ 137-بەت 16-قۇردىكى «ئابدۇللا ئەخمىدى» دېگەننى «كېرىمجان ئابدۇرېھىم» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭلارنى سورايمىز.

① خارەت — ياغاچچى

uyghurkitap.com

مۇھەممەتجان راشىدىن

## شۇ ئادەملەر

ئەجەب ئىشلار بولىدىكەن جاھاندا،
ئەھلى ئالەم ئاڭلىمىغان، كۆرمىگەن.
ياقا تۇتۇپ كېلىشەردۇق بىزمۇ ھەم،
كىم بار دەيسەن قىسمەتلەرگە كۆنمىگەن؟!

چارە يوقكەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان
تەگتۇشلارنى ئايرىۋەتكەن تەقدىرگە.
ئۆزىمىزنىڭ پېشانىمىز شۇنداقمۇ،
تەقدىر باغلىق بولامدۇ يا تەدبىرگە؟!

چوڭ شەھەردە ئوقۇپ قالدىڭ نەچچە يىل،
ئۇزۇلمىدى بىزگە ئەمما خەتلىرىڭ.
دادىسىدەك دانا ئادەم بوپتۇ، دەپ،
بولۇپ تۇردى يۇرتتا ياخشى گەپلىرىڭ.

بىراق-بىراق، بىر ئىشلارغا ھەيرانمەن،
قالماقتىمىز سەندىن ئەمدى ئايرىلىپ.
كۆڭلۈم مېنىڭ بۇزۇلىدۇ ئارقامغا
قاراي دېسەم شۇ سەۋەبتىن قايرىلىپ.

جۈيجاڭ بوپسەن، شۇ شەھەردە شاخلاپسەن،
كۆپىيىپتۇ ئەمەل ئەھلى چۆرەڭدە.

چىقمايدىكەن ئىشخاناڭدىن بەزىلەر،
بەزىلەرنىڭ قولى ئىكەن مۇرەڭدە.

كېلىپ-كېتىپ تۇردۇڭ بىزگە شۇندىمۇ،
ئۇۋىسىنى ئۇنتۇمىغان قۇشلاردەك.
چۈشىنەتتىڭ ئۆزۈڭ بىلەن بىزنى سەن
بىر خۇمدانda پىشىپ چىققان خىشلاردەك.

بۇجاڭ بولۇپ كەلگىنىڭدە، بىراقتا
بىللە ئىدى سەككىز-ئونى كەينىڭدە.
قېتىلغاندا شەھىرىمىزدىن سەككىزى،
نەدە تۇرۇش بولماي قالدى مەيلىڭدە.

ۋالىي بولۇپ كەپسەن مانا بۇ نۆۋەت،
مەرتىۋەڭگە مەرتىۋىلەر قېتىلىپ.
بىلەلمىدىم خۇشامەتمۇ، ھۆرمەتمۇ،
كەلدى ساڭا بىللە بىر خور ئېيتىلىپ.

مۇسا ۋالىي كەلگۈدەك، دەپ بەش كادىر
ئۈچ كۈن ئاۋۋال چېپىپ چىقتى ئۆيۈڭگە.
بىلەلمىدۇق، ناۋات سېلىپ، قەنت سېلىپ
قويىماقچىمۇ سېنىڭ ئىچەر سۈيۈڭگە؟!

راھىتىگە ھازىرلاندى ئىككى باغ،
كۆچۈرۈلدى ئۆيدىن باغقا گىلەملەر.
غۇيۇلدىشىپ چىپىپ يۇرەر جىق پىكاپ،
چاق ئاستىدا قالدى گۈللەر، چىمەنلەر.

بىر بېشىغا نەچچە ياستۇق راسلاندى،
نەچچە كۆرپە؟...ئۈلگۈرمىدى ساناپمۇ.
قانچە قويلار سېنىڭ ئۈچۈن باغلاندى،
تەييارلاندى يەشىك-يەشىك ھاراقمۇ.

سېنىڭ كېلەر ئۈچۈرۈڭدىن مەست ئۇلار،
كۆزى تالدى يوللىرىڭغا قارىشىپ.
قانچىلىرى خىرقىراشتى ئۆز ئارا،
سېنىڭ ئۈچۈن يەلپۈگۈچلەر تالىشىپ.

سەن كەلگەن كۈن بولدى ئۇلار پاتپاراق،
يېزىمىزغا خان كەلدىمۇ، دەپ قالدۇق.
ئاخىر ئۇقۇپ، ئىككى بېسىپ، بىر بېسىپ،
سەن بار باغقا بىزمۇ ئاستا كەپقالدۇق.

بىراق، قورغان ئالماقتىنمۇ تەس ئىدى
ساڭا، دوستۇم، يېقىنلاشماق، قول بەرمەك.
ئەتراپىڭدا تۇرغانلاردا يوق ئىكەن
بىزدەكلەرگە ئۆز يېنىدىن يول بەرمەك.

شۇلار ئوراپ ئالغان ئىدى چۆرەڭنى
ئوخشاپ خۇددى كۆنەكتىكى ھەرىگە.
كۆرۈنمەيتتى بىزدەكلەرنىڭ بىرىمۇ،
ئىشەنمەستىن قاراپ چىقتىم بەرىگە.

بىرى ئەنە قەدەھ ئېلىپ قولىغا،
شەرىپىڭگە ئۇزاق-ئۇزاق سۆزلەيدۇ.
نۆۋەت بىلەن يەلپۈپ سېنى بىرلىرى،
بىلەلمىدىم، سەندىن نېمە كۆزلەيدۇ.

سېنىڭ ئۈچۈن چۈشتى بىرى ئۇسسۇلغا،
سەن بولمساڭ ئۇ ئۇسسۇلغا چۈشمەيتتى.
تالايلىرى يۈرۈشىدۇ دەلدەڭشىپ،
سەن بولمساڭ ئۇلار مۇنداق ئىچمەيتتى.

چۈشۈپ قالدى بىزگە بىر چاغ كۆزلىرىڭ.
بولدۇڭ شۇئان توپتىن چىقىپ كۆرۈشمەك.
بىرى، ئەمما بىزنى ئەمەس، شياڭجاڭنى
سۆرەپ بېرىپ بولدى راسا كۆلۈشمەك.

بولامدىغان سەن ئەمەس، دەپ ئېيتقىلى،
ئالدى شياڭجاڭ ئەمدى ساڭا يېپىشىپ.
سېنى گاراڭ قىلىۋەتتى قانچىسى
كېلىپ يەنە ساڭا رامزان ئېيتىشىپ.

ياقا تۇتۇپ تۇۋا، دېيمەن شۇلارغا،
بىر چاغلاردا يوق ئىدىغۇ يېنىڭدا؟
نېمە ئانچە تەلمۈرىدۇ ئاغزىڭغا،
قەنت بارمۇ يا سېنىڭ يېگەن نېنىڭدا؟

چىقاي دېسەڭ چىقالمىدىڭ، شۇلارنىڭ
قەۋەت-قەۋەت «قورشاۋ» ىدىن يول ئېچىپ،
تەبەسسۇمۇڭ كېلىپ تۇردى شۇندىمۇ،
كۆڭلىمىزگە ئانچە-مۇنچە نۇر چېچىپ.

بىرى تۇتتى ساڭا بىر زىخ كاۋاپنى،
بىرى كەلدى مۇزدەك دوغاپ كۆتۈرۈپ.
چۇقانلارغا چۆكۈپ قالدىڭ مەستلىكتە،
سەنمۇ بىللە بېلىقتەك باش چۆكۈرۈپ.

www.uyghurkitap.com

كەچتە قايتتىڭ مەھەللىگە شاھانە،
يەنە تامام ئارىسىدا شولارنىڭ.
بىز كېلىمىز سېنى يەنە ئەگىشىپ،
ھەسرىتىدە تارقىمىغان خۇمارنىڭ.

تۇتۇپ قالدۇق قول ئۇچۇڭنى ئارانلا،
بۇرۇنقىدەك مۇڭدىشىشقا ئىمكان يوق.
ئۆرە تۇردۇق ئىككى مىنۇت سارايدا،
بىزنى ئەسلا تۆرگە تارتقان ئىنسان يوق.

يېنىڭدىكى ئورنىمىزنى باشقىلار
قانداق قىلىپ ئىلىۋالدى، بىلمىدۇق.
تاشقىرىغا ھەيدەلگەندە سارايدىن،
چىڭ ئىكەنمىز، ئار-نومۇستىن ئۆلمىدۇق.

شۈكۈر قىلدۇق دىدارىڭنى كۆرگەنگە،
تىڭشاپ قايتتۇق ئاۋازىڭنى دالاندىن.
لېكىن، دوستۇم، بولۇپ قالدۇق شۇندىمۇ
غولاپ ئۆلگەن ئات-ئۇلاغتەك داۋاندىن.

نەدىن كەلگەن ئادەملەر ئۇ، چۆرەڭنى
چۈجىلەردەك ئەگىپ يۈرگەن چۆرۈۋالاپ؟
قاينىمادۇ شولار ئوتۇڭ سالمىسا،
سېنىڭ ئۈچۈن ئاسقان قازان پوروقلاپ؟

تىلەمچىدەك تەلمۈرىدۇ كۆزۈڭگە،
زادى ئۇلار سەندىن نېمە تىلەيدۇ؟
پىچىرلايدۇ قۇلىقىڭغا نېمە دەپ،
نېمە ئۈچۈن تۈندە بىللە تۈنەيدۇ.

نەدىن كەلدى شۇ ئادەملەر، ئېيتقىنا،
شولار سېنى كۈندە شۇنداق باقامدۇ؟
بىرى ئاشلاپ، بىرى تۇتۇپ ئۇچاڭنى،
ئاغرىپ قالساڭ بىرى ئۆپكە قاقامدۇ؟

ئويلىدىڭمۇ: ئەمەل كەتسە قولۇڭدىن،
ئاغرىپ قالساڭ، ئايدا بىر رەت يوقلارمۇ؟
كەمبەغەللىك چۈشۈپ قالسا بېشىڭغا،
قورسىقىڭنى بىرەر قېتىم توقلارمۇ؟

شولار ئەمەس، بىز ئىدۇققۇ دوستلىرىڭ،
بىللە كەلگەن باللىقتىن، ياشلىقتىن؟!
يامان كۈندە تالقان تاپساق تەڭ كۆرۈپ،
ئۆلمەي ئامان ئۆتمىدۇقمۇ ئاچلىقتىن؟

سۇ توشۇغان بىز ئەمەسمۇ تويۇڭدا،
بىز قويغانغۇ چوڭ بالاڭنىڭ ئىسمىنى.
بىز ئىدۇققۇ يېزىپ بەرگەن قانچە يىل
ئاناڭنىمۇ ساڭا سالغان خېتىنى؟!

بىز بوۋاڭنىڭ يەرلىكىنى قازغاندا،
شۇ دوستلىرىڭ نەدە ئىدى، ئويلاپ باق؟
مىننەت ئەمەس، خالتا قىلغان بىز ئىدۇق
ھەر يازلىقى ئاق ئۆرۈكتە سېلىپ قاق.

مەشەگچە بولسا ئەگەر بۇ دوستلۇق،
بىزنىڭ ناخشا، دېمەك، ئەمدى توگەيتۇ.
كۆكلەۋاتقان بۆك-باراقسان دەرەخنى
ئومۇچۇكنىڭ تورى چىرماپ-يۆگەيتۇ.

ئۆزۈڭ راۋا كۆردۈڭمۇ يا بۇ ئىشنى،
كۆرۈندىمۇ شولار ساڭا بىزدىن ئۈز؟
ياراشتىمۇ ياكى شولار يېنىڭغا،
مەيلى دەمسەن ئارىمىزدا تۇتسا مۈز؟

ئەگەر بېقىپ قايتىشىمىز ھەر كەلسەك،
شۇڭا سەن بار سورۇنلارغا كىرەلمەي.
سېنىڭ ئۈچۈن بىز ئەزىزىمۇ، شۇلارمۇ،
قىينىلىمىز شۇ بىر ئىشنى بىلەلمەي.

ئاز چىققانمۇ شۇنداقلاردىن ئاسىيلار،
بىللە ئىچىپ سىنچاپىنمۇ، مەيىنمۇ.
ئويلاپ باققىن، شۇلار بىزنى سېنىڭدىن
يېرىم، يولدا ئايرىۋەتسە مەيلىمۇ؟!

1993-يىل نويابىر، 1994-يىل ئىيۇن، غۇلجا

رەخىم قاسىم

# رۇبائىيلار

1

ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، دەيدۇ ئەل،
ھەر ئۈمىدكە كۈچ-مادار يار، دەيدۇ ئەل.
نائۈمىدلەر قۇش گويا قەپەستىكى،
كەڭ جاھانمۇ ئۇ ئۈچۈن تار، دەيدۇ ئەل.

2

قەترىدەك ياخشىلىق ھىممەتتىن نىشان،
ياخشىلىق ئىگىسى قەدىرلىك ھامان.
بۇ مۇشكۇل ھاياتتا جاپا-راھەتنى
ئەل بىلەن تەڭ كۆرگەن چىن ئەھلى ئىنسان.

3

يۈرسەكمۇ ھاياتتا شۇنچە كەڭتاشا،
لېكىن يوق ئۆلۈمگە توسالغۇ-قاشا.
ياخشىدىن ئات قالار، ياماندىن داد، دەر،
بىر كۈن ياشساڭمۇ ئىنسانچە ياشا!

4

كېرەك يوق، ئۆز تەقدىرىڭ شۇنداق ئىكەن،
بۇ تەقدىر ھەممە ئۈچۈن ئورتاق ئىكەن.
بىرىنى كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرسا ئۇ،
بىرىگە خۇددى قاپقان-تۇزاق ئىكەن.

5

ئىنساب-نومۇس جاندىن ئەلا ئىنسانغا،
مەيلى قۇل بول بىر ئۆمۈر پاك ۋىجدانغا.
نەپسى ئۈچۈن ئىنسابىنى ساتقانلار
ئوخشىمامدۇ ئىككى پۇتلۇق ھايۋانغا.

6

بۇ ئاچكۆز ئىنسابىنى بىر چەتكە قويىدۇ،
پۇل ئۈچۈن ئۆزگىنى تىرىكلا سويىدۇ.
ئالەمدە پۇل-مالغا تويمىغان كۆزى
ئاقىۋەت گۆردە توپىغا تويىدۇ.

**7**

ھەر ئادەمنىڭ بار يېتەرسىز چالىسى،
خام سۈت ئەمگەن چۈنكى ئادەم بالىسى.
باشقىلارنى يامانلىما بىھۇدە،
بولمىسىلا ئىچ-قارنىدا ئالىسى.

**8**

ئاتا ھەم ئاناڭنى كۆتەر بېشىڭدا،
يولغا سۇ سېپىكىن سۆزۈك يېشىڭدا.
ئۇلارنى خۇش ئەيلەپ، ئال دۇئاسىنى،
شۇندىلا ئامەت بار ھەر بىر ئىشىڭدا.

**9**

ئانا بار ئۆمرۈڭدە باردۇر باھار، ياز،
باللىق، يىگىتلىك ئۆتەر خۇشال-ساز.
بىر كېچە ئۇيقۇسىز سۈت بەرگىنىڭگە،
مەككىگە ھاپاشلاپ مىڭ ئاپارساڭ ئاز.

**10**

يار ئۈچۈن مەندەك بېرىلگەن بارمىكىن؟
ئاتسا ئوق، يادەك كېرىلگەن بارمىكىن؟
ئۆرتىنىپ سۆيگۈ ئوتى دوزاخ ئارا،
مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلگەن بارمىكىن؟

**11**

ئۆزگىلەرنى ئەيىبلەيدۇ ئۆزىدە كۆپ ئەيىب تۇرسا،
بۇ كېسەلگە مۇنۇ ماقال ئەجەب ئەمەس داۋا بولسا:
ئۆچكىلەرنىڭ ئۆمۈر بويى ئۇچۇق تۇرسا ھېچبىر گەپ يوق،
ھايت-ھۇيت دەپتۇ ئېرىق ئاتلاپ قويىنىڭ بىر رەت ئۇچۇق قالسا.

**12**

تۇتاي دەيمەن ئۆزۈمنى، تۇتمىقۇم تەس، بىلمىدىم
ھەسرىتىمنى ئىچىمگە-يۇتمىقۇم تەس، بىلمىدىم.
ئاشىق بولدۇم قايسى كۈن، ئۆچتى ئەقلىم بېشىمدىن،
ئەمدى پەملىك بىر ئىنسان بولمىقۇم تەس، بىلمىدىم.

**13**

ياخشى چاغدا بىللە ئىدۇق، يامان چاغدا نەدە سەن؟
باھاردا تەڭ ئويىنۇيدۇق، خازان باغدا نەدە سەن؟
بىۋاپالىق ئوغىسىنى ئىچۈرگەنتىڭ سەن ماڭا،
ئاخىر كېلىپ ئۆزۈڭ قاپسەن ئەلەم-داغدا، نەدەسەن؟!

1995-يىل، 12-دېكابىر

ئابلەت ئابدۇللا

# ۋىسال قۇچىسام مۇبادا

## جۇدالىق تېپىشمىقى

ئايرىلغىنىڭ ئەمەس جۇدالىق،
ئەلەمىڭدىن يۈرەك بولدى قان.
ئۇچۇپ كەتتى كۆڭۈلدىن شادلىق،
قاچان قايتىپ كېلىسەن، قاچان؟!

ئايرىلماسقا قىلغانىتىم قەسەم،
خاتا بولدى بىر ئېغىز گېپىم.
ساددىلىقنى سۆيمەسكەن سۆيگۈ،
يەتمەيتۇ-دە شۇنىڭغا دىتىم.

سەن قايتىسەن، قايتىسەن چوقۇم،
ساددىلىقنى تاشلىدىم يىراق.

ۋىسال قۇچسام مۇبادا بىر كۈن،
يېشىلىدۇ شۇندا تېپىشماق...

## بۇلاق ۋە ئادەم

كۆز ئاچقاندا بۇلاق دۇنياغا،
يول تاپىدۇ تاش-تۇپراق ئارا.
ئەگرى-بۈگرى ئىزلارنى ئېچىپ،
پەيدا قىلار يېڭى بىر ناخشا.

ئادەملەرچۇ، ئادەملەر بەزەن
ئۆز يولىنى تاپالماس شۇنداق.
ئۆزىدىن ھېچ كۆرمەيدۇ بۇنى،
كۆرسە ئۆمرى بولاتتى قۇۋناق.

مۇھەممەت روزى

# ياشلىقىمنى تالاشقا يىللار

## ئاي بۇ يەردە

ئاي چىقمىسا نېمە بوپتۇ ئاي سەن گۈزىلىم،
ئاي، يۇلتۇزلۇق ئالەمگە تەڭ بەختىم مەلىكەم.
كەل يېنىمغا سۆزلىشەيلى، كۆرمىسەڭ مەيلى
دەم قىزىرىپ، دەم تاتارغان چىرايىمنى ھەم.

قاراڭغۇمۇ ئاشىقلارغا ۋىسالنىڭ پەيتى،
ئاي چىقمىسا، يۇلتۇزلار نۇر تۆكەر بېشىمدا.
ئاي قەيەردە دەپ سورىسا كىشىلەر مەندىن،
ئېيتايكى: ئاي بۈگۈن پەقەت مېنىڭ قېشىمدا.

ئۇيغۇر كىتابلىرى
www.uyghurkitap.com



## تەشۋىش

شورا ئاتلاپ چۈشتۈم، يەنە ئوغرى دېمىگىن،
ئوغرى بولسام گۈل ئوغرىسى، ئىشق ئوتى يانغان.
دېرىزىدىن مارىلايمەن، قىيالمايمەن بەس،
مېنى ئوغرى قىلغان سۆيگۈ — ئۆزۈڭسەن جانان.

تەلمۈرىمەن، پىرقىرايمەن كېتەلمەيمەن ھەم،
چىقساڭ ئىدىڭ چالما ئېتىپ بەرسەم بىر تىۋىش.
شۇ سۆيۈملۈك كىرپىكلىرىڭ جۈپلىشىپ ئاپتۇ،
چۈشۈڭدىكى مەنمۇ ياكى... كۆڭلۈمدە تەشۋىش!

## ياشلىقىمنى تالاشما يىللار

ياشلىقىمنى تالاشما يىللار،
دەردلىرىمگە قوشۇپ يەنە دەرد.
تاپقىنى يوق تېخىچە مەلھەم
ياشلىقتىكى تۇنجى مۇھەببەت.

ياشلىقىمنى تالاشما يىللار،
ھاسا تەڭلەپ ماڭا تۇيۇقسىز.
دېرىزەمنى چېكەر ھېلىمۇ
ياشلىقىمدا كۆيگەن تالاي قىز.

ياشلىقىمنى تالاشما يىللار،
ياغدۇرۇپ سەن چاچلىرىمغا قار.
يۈرسەممۇ گەر قەھرىتان قىشتا،
چېچەكلەيدۇ قەلبىمدە باھار.

ياشلىقىمنى تالاشما يىللار،
قىرىماستا سۆيگۈ ھەسرىتى.
سىڭىپ ھەر بىر مىسرالىرىمغا،
ياشاپ قالاي مەڭگۈ ياش پېتى...

**نۇرمۇھەممەت زامان**

## دېڭىزدا سەھەر

**1**

ئۈزمەكتە ھەيۋەتلىك كاراپ كۆكسىدە
دولقۇنلار باغرىنى بوسۇپ، پارچىلاپ.
ئۈزمەكتە شاۋقۇنلار ساداسى ئارا
گىرىمسەن گىرۋەكلىك ئۇپۇققا قاراپ.

يىراقتا ئۆركەشلەر ياسايدۇ چوققا
ئۆرۈلۈپ ھەريانغا غەليان كۆتۈرۈپ؛
بەزىسى يوقالسا كۆمۈشتەك ئېرىپ،
كېلىدۇ بەزىسى يېڭىنى تۇرۇپ.

2

دېڭىزنىڭ ئۈستىدە يېلىنجار يالقۇن
گوياكى ئاسىنغا گۈلخان ياققاندەك؛
قىپقىزىل قىزارغان بىپايان ئۇپۇق،
پەرىزات هال رەڭلىك ياغلىق ياپقاندەك.

سۈزۈك سۇ ئۈستىدە بالقىيدۇ يانغىن،
مىڭلىغان گۈلخانلار يالقۇن چاچقاندەك؛
ئاسمانغا تارتىلغان نۇر لېنتىلىرى
كۆرۈنەر ئەرشتىن يەرگە ئاققاندەك.

كىشىگە يېڭىچە هۇزۇر بېغىشلاپ،
جانانىنىڭ مەڭزىدەك سۈزۈك تاڭ ئاتتى.
قان تامچىپ لېۋىدىن سىخىي قۇياشنىڭ
يالقۇنلاپ، يېلىنجاپ نۇرغا نۇر قاتتى.

3

يىراقتىن كۆكتىكى تۇرنىدەك قاتار
كەلمەكتە يەلكەنلىك كېمىلەر ئۈزۈپ.
دولقۇنلار يېرىپ ئۇ شەرققە ماڭغان
دېڭىزنىڭ ئۈستىدە رەتلىك سەپ تۈزۈپ.

ياڭرايدۇ جاراڭلاپ ئۇپۇقنى بويلاپ،
بېلىقچى قىزلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى.
چۈشكەندە يېيىلىپ ئاتقان تورلىرى
چاچرىغان ئۈنچىلەر — توپىنىڭ چاچقىسى.

تۇرىمەن بالكوندا دېڭىزغا قاراپ،
بۇ گۈزەل كۆنلەردىن ئەستىلىك يېزىپ.
بىردىنلا پارتىلدى هاياجان-ئىلهام،
چىقتىم مەن نەزمىدىن گۈل دەستە تىزىپ.

مۇهەممەت ئىمىن

# يېڭىش تۇيغۇلىرى

## هۆكۈم

نەيزە ئۇرۇپ تەشمەكتە بىخلار
قاتمال قوۋزاق قالقانلىرىنى.
تىرناق سوزۇپ ئالىيىپ جۇدۇن،
تۆكمەكتە ئاق قار تالقانلىرىنى.
ئۇششۇتمەن، تىتمەن دەيدۇ
ئېچىپ سوغۇق ئالقانلىرىنى.

چىرقىرايدۇ تولغىنىپ ئاچچىق
ماغدۇرىنى يىغىشقا شامال.
پىرقىرايدۇ بېشى قايغاندەك
چۈشىدە گۈلنى قىلىدۇ قامال.
ئۇسسۇيدۇ تالغا، تامغا، تاغلارغا،
جۇتنى ساقلاشقا ئىزدەيدۇ ئامال.

يانغان يۈرىكىم ئاچىدۇ كاچكۇل
هارارىتىدىن تۇغدۇرۇپ قۇياش.
قات-قات كۆك مۇزلار پۈتكەندە ئېرىپ،
ئارمانسىز قويار نەم قەبرىگە باش.

www.uyghurkitap.com

چۈمگەندە تەكشى نۇرغا يەر-جاھان،
رەيھان بەرگىدىن سىرغىپ چۈشەر ياش.
ھۆكۈم شۇ: جۇدۇن تالاشسىمۇ جان،
باھارنى توسۇپ قالالماس ھامان!

1992- يىل فېۋرال، بېيجىڭ

## بىر جانانغا

تەلمۈرۈپ قارايسەن، بارسام قاچىسەن،
غۇنچىدەك لېۋىڭنى قاچان ئاچىسەن؟
سەھەردە بۇلبۇلدەك سايرىغان بىلەن،
مۇھەببەت بېغىدا بەلكىم گاچىسەن.

بۇلاقتەك كۆزلىرىڭ تۇرسا ياش قىلىپ،
نېمىشقا سىرىڭنى يەنە ياپىسەن؟
يا ماڭا پۇرسەت بەر، يا سۆزلە ئۆزۈڭ،
قىيناپ جۈپ يۈرەكنى نېمە تاپىسەن؟

1992- يىل، يانۋار، بېيجىڭ

## چېقىمچىغا

قاراڭغۇدا ئۇ نەگىدۇر شۇڭغۇپ
چېقىشتۇرۇپ دار ياسايدۇ پەملەپ.
ئېسىلغاندا ئۇنىڭغا ئۆزى،
چىقىدۇ يەنە يۈزىنى چەملەپ...


1992- يىل يانۋار، بېيجىڭ

## ئىككى يۈزلىمچىگە

ئالدىڭدا سېنى دەيدۇ ئۇستازىم،
قىلار ماڭدامدا مىڭ قېتىم تەزىم.
چاپاندەك نەشتەر سانجىپ ئارقاڭدىن
دەيدۇ ياڭرىسۇن مېنىڭلا سازىم.

1992- يىل يانۋار، بېيجىڭ.





مەتسېلىم مەتقاسىم

# باھار يەنە كېلىدۇ

(پوۋېست) *

## مەنمۇ دەردىمنى ئۆزۈم بىلمەن

باغجىگدە يېزىسىنىڭ بۇ يىلقى باھارى ئۆتكەن يىلقى باھارغا ئوخشىمىدى. تەبىئىي ئاپەت كۆپ بولىدىغان بۇ شور تۇپراق يۇرتتا بۇ يىل زىرائەتلەر، مېۋىلىك دەرەخلەر مول ھوسۇلدىن بېشارەت بېرىپ، دېھقانلارنىڭ قەلب جامىغا خۇشاللىق كەۋسىرى توشقۇزدى. بۇ شادلىقتىن ناسىر مۇستەسنا ئىدى. ئۇ ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرگەن بولسىمۇ توختىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىدى. سادىق كاۋاپچىنىڭ ئۆيىگە ئون قېتىمدىن ئارتۇق كېلىپ ئىشىككە سېلىنغان قۇلۇپنى كۆرۈپ جىلى بولۇپ قايتىپ ئاران دېگەندە ئۇنى بازاردا ئۇچراتقىنىدا بولسا، «مەندىن ئالىدىغىنىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، نەگە بېرىشىنى مەن بىلمەيمەن» دېگەن جاۋابقىلا ئېرىشتى.

ناسىر بۈگۈن ناھىيە بازىرىغا كېلىپ كوچىلارنى ئايلىنىپ ھاردى. يول ياقىسىغا چىقىپ ئىشىك-دېرىزىلىرى كۆركەم زىننەتلەنگەن تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تەگۋاز ئۆۋلاشقا باشلىدى. ئۇ توختىنى ھەققىدە شۇنچە ئويلىنىپمۇ پەرزىنى

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا

ئۇيغۇر كىتاب بازىرى www.uyghurkitap.com



بىر ئۇقتىغا يىغالمىدى. بىر چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقىنىدا دۇكاندىن گۈلنارخان چىقىپ كەلدى.

— ئوبدان تۇردىلمۇ، ناسىر باي؟

— ئوبدان، ئۆز... ئۆزلىرى بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىدىلا؟

— كىيىم تىكتۈۋاتىمەن. ماڭسىلا، دۇكانغا كىرەيلى. بۇ مېنىڭ دۇكىنىم، تارتىنمىسىلا.

— تۈۋا دېسىلە، گۈلنارخان، سىلى تىككۈچى بولمىسىلا؟

— مەن ئۇستا تىكىمچى، ناسىراخۇن. مەن سادىق بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم. سىلىگە گېپىم بار، ماڭسىلا.

ناسىر ھەيرانلىق ئىچىدە دۇكانغا كىردى. ئۇ كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ گۈلنارخانغا سەپسالدى. گۈلنارخان ياغلىقنى سىپىپاپ چىگىۋالغان بولۇپ، ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ ھېلىلا ئىچىدىن كەلگەن سەھرا ئاياللىرىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. كۆزلىرىدە دەرد-ئەلەم ئۇچقۇنىمۇ، ياكى غەزەپ-نەپرەت يالقۇنىمۇ، ئەيتاۋۇر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ھالەت دەۋر سۈرۈپ تۇراتتى.

— سىلى توختاخۇننىڭ يېقىن ئاغىنىسى، مەن سىلىدىن سىر ساقلاپ نېمە قىلاي، راستىنىلا ئاجرىشىپ كەتتىم. سىلى بىلمەيلا، ئاتا-ئانام مېنى ئۇ كاززاپقا زورلاپ تېڭىپ قويغان.

— چاتاق ئىش قىلىپتىلا گۈلنارخان، يېنىشىپ قالسىلا ئوبدان بولاتتى.

— ياق، ناسىراخۇن. مەن بىر قېتىم تۈكۈرۈۋەتكەن تۈكۈرۈكۈمنى قايتا ئېغىزىمغا ئالمايمەن.

— مەن ھېچ ئاڭقىرالمىدىم. بۇ دۇكاننى دادىلىرى ئېلىپ بەردىمۇ؟

— سۆزلىسەم گەپ تولا. دادام ئاشۇ نائىنساب بىلەن ياراشمىدىڭ دەپ مەندىن رەنجىپ يۈرىدۇ. ئاچام ئېرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مۇشۇ دۇكاننى ئېلىپ بەردى. بۇ ماشىنا ماڭا تېگىشلىك بولغانىدى، تازا ئەسقاتتى دېسىلە! گۈلدەك ھۈنىرىم تۇرۇپ ئەرخەققە ئۆزۈمنى ئەرزان قىلىپ نېمە قىلاي... جېنىم ناسىراخۇن، توختاخۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىلا دەپ قويسىلا، مەن بىلەن كۆرۈشسۇن.

— تازا قىزىق گەپ قىلدىلا، مەن سىلىدىن توختىنى سوراي دەپ تۇراتتىم تېخى. مەن توختىنى ئىزدەپ يۈرگىلى ئۈچ ئايدىن ئاشتى. سىلى دەپ بەرسىلە، سادىق كاۋاپچى توختىنى بىرەر يەرگە يولغا سالدىمۇيا؟

— ياق، ناسىراخۇن. توختاخۇن بەكمۇ ساددا، ئۇنىڭدا كۆپ پۇل يوق... ئۇ... ئۇ ئۇزاققا كېتەلمەيدۇ. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، ئىشقىلىپ... ئۇ سىلىنى تاپىدۇ.

گۈلنارخان ئۇشتۇمتۇت كۆزىگە ياش ئالدى. ناسىر ھەيران بولدى. ئۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدە ھەر خىل گۇمانلارنى قىلىپ ئۈلگۈردى.

— جېنىم ناسىراخۇن، — دېدى گۈلنارخان ناسىرغا تىكىلىپ، — ئۇنتۇپ قالماي

دەپ قويسىلا.

ئۇ يانچۇقىدىن ئون يۈەن پۇل چىقىرىپ دېدى:

— بۇ پۇلنى ئاز بولسىمۇ ئالسىلا، خىراجەت قىلارلا.

پۇلنى كۆرۈپ ناسىر خۇددى ھەرە چاقىۋالغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى-دە:

— مېنى نېمە چاغلاۋاتىدىلا!؟ نامرات كۆرۈۋاتامىلا؟ خۇدانىڭ بەرگىنى بار، — دېگىنىچە دەلدەڭشىپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. گۈلنارخان لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. جاراھەتلىك يۈرىكى يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىدى. كۆزلىرىدىن سىمابتەك سۈزۈك ياش تامچىلىرى تۆكۈلۈپ، ئىزا كۈچىدە قىزارغان مەڭزىنى سۆيۈپ ئۆتكەندىن كېيىن دولقۇنسىمان ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان كۆكسى ئۈستىدىكى كۆڭلىكىنىڭ پۈرمىسىگە چۈشۈپ سىڭىشقا باشلىدى.

ناسىر شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ئۆستەڭ بويىدا تەنھا ئولتۇرۇپ ئالدىراپ ئورىغان تاماكىسىنى قولى كۆيگىچە شوراپ تاشلىغان بولسىمۇ، ئىچ پۇشۇقى بېسىلمىدى. ئۆزىچە بىر پەس غودۇڭشىدى: «بۇزۇقتەك كۆرۈنىدىغۇ بۇ قىيپاش كۆز، ۋاي ئىست، مېنىڭ ئەقلىم نەگە كەتتى؟ توختىنى مۇشۇ قىيپاش كۆز ئازدۇرۇپ يولدىن چىقىرىپتۇ ئەمەسمۇ!؟ ھە، ئەمدى بىلدىم، سادىق كاۋاپچى ئىككىسىنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغان گەپ. بۇ رەسۋا توختىنىمۇ قىپتۇ، ئۆزىگىمۇ قىپتۇ مانا. ئالدى بىلەن توختىنى تاپاي، كېيىن قىيپاش كۆزدىن دەردىمنى چىقىرىۋالسام ئىسمىمنى ناسىرخانغا يۆتكىۋېتىمەن!»

ناسىر خىيال بىلەن نەشىنىڭ كەيپىچىلىكىدە ۋاقىتنى ئۆتنۈپ، گۇگۇم پەردىسى ئەتراپقا يېيىلىشقا باشلىغاندىلا خىيالنى توختىتىپ يېزىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

* * *

جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ. ئۇ «ئەتە قانداق بولىدۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ» دەپ يۈرىدىغان كىشىلەرنىلا ئەمەس، تەسەۋۋۇر كۆزلىرى بىلەن يىراقلارغا نەزەر سالالايدىغان كىشىلەرنىمۇ گاھىدا ھەيران قالدۇرىدۇ.

ناسىر شۇ كۈنى ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ توختىنىڭ يوقاپ كېتىش سەۋەبىنى گۈلنارخاننىڭ «بۇزۇق» لىقىدىن بولغان دەپ پەرەز قىلغاندىن كېيىن، توختىنى ئىزدەپ تېپىش ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىغانىدى. بۇ كۈنلەر ئىچىدە، مەھەللىدە ئىككى ئىش يۈز بەرگەنىدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشنىڭ بىرى، تۇرسۇن شۇجىنىڭ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇغېنىنىڭ چىققانلىقى بولسا، يەنە بىرى، زۇلەيخانىڭ: «رەجەپ سەيپۇڭ بىلەن ئاجرىشىپ، توختى بىلەن يارىشىمەن» دەپ يۈرگەنلىكى ئىدى. ناسىر ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئاخىر ئۇ زۇلەيخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ھاردۇقىنىمۇ چىقارماي، جان بېقىشقا ئاز تولا دال بولىدىغان ئاتا تەۋەررۇك پىچاق چاقلايدىغان چاقنى

www.uyghurkitap.com

بقننغا قستۇرۇپ ئەيسا ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ناسىر ئەيسا ئاخۇنۇمنىڭ ئشكى ئالدىغا كەلگەندە، زۇلەيخان هويلدا كىر يۇيۇپ ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سزمۇ بۇ جاهاندا بار ئكەنسز-هە زۇلەيخان، سەمرىپ كېتىپسز.

— ۋۇي، ناسىراخۇنغۇ بۇ! ئوبدان تۇرۇپلا، قېنى ئۆيگە كىرسىلە. سىلى بىلەن كۆرۈشسەم دەپ يۈرەتتىم، ئۆزلىرى كەپتىلا مانا. نېمە ئىش قىلىۋاتىدىلا؟

— نېمە ئىش قىلاتتىم، بويتاقچىلىق دەردى، شۇ!

— سىلىنىڭ تويلىرىنى ئۆزۈم قىلمىسام بولمايدۇ. تازا چىرايلىق، ئىشچان قىزدىن بىرنى تاپىمەن دېسىلە.

زۇلەيخاننىڭ بۇ تاتلىق سۆزلىرى ناسىرنىڭ چىرايىغا ئازراقمۇ كۈلكە يۈگۈرتەلمىدى. چۈنكى، ناسىر زۇلەيخاننى كۆرۈپلا تولىمۇ ئۇزاقتا قالغان بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغانىدى. بۇ ئىش توختى بىلەن زۇلەيخاننىڭ تويى بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن بولغانىدى. بۇ يېزىدىكى ياشلارنىڭ شۇنداق بىر ئادىتى بار. قايسىبىرىنىڭ تويى بولسا، ئىككى ھەپتىگىچە بىرنەچچە يىلەن جەم بولۇپ، ھەر ئاخشىمى دۇتار، تەمبۇر، راۋابلىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇشۇپ كېلىپ، قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىشىدۇ. قىزنىڭ تاپىنىدىن بېشىغىچە كۆزەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشىدىن تارتىپ، داستىخان سېلىنغاندا چەينەك بىلەن چىنىنى يىگىتنىڭ يېنىدا قويۇشىغا قەدەر دىققەت قىلىشىپ، ھارغۇچە تاماشا قىلىشقاندىن كېيىن ئاخىرىدا يىگىتنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشىپ كۈلۈشكەندىن كېيىن كېتىشىدۇ. بىراق، توختىنىڭ تويى بولغاندا بۇ ئىش كۆپ بولمىدى. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە، زۇلەيخاننىڭ شۇنچە چىرايلىق تۇرۇپ توختىغا ياتلىق بولغانلىقىغا ياشلارنىڭ ھەسەت قىلىشقانلىقى سەۋەب بولغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاخشاملىرى كېلىدىغان بىردىنبىر كىشى ناسىر ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئىشىكتىن كىرىپلا «ئوتۇن كېسىپ كېلەي دەپ چىققانتىم، ئاداش» دېگىنىچە دۇگدىيىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن توختىنىڭ تۆتلا ئورۇندا پەدىسى بار دۇتارىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ئاھاڭلارغا بىر ھازا چېلىپ، توختىنىڭ «ناخشا ئېيتىپ چالغىن، ئاداش» دېگەن تەلىپىگە بولسا، ھىجىيىپ قويغاندىن كېيىن «ئۆرۈك قاقتىم شوپۇڭدا، يېيىپ قويدۇم لاپاسقا. يارنى تۇتساڭ قوشلاپ تۇت، بىرى تۇرسۇن زاپاسقا» دېگەن قوشاقنى قانداقتۇر بىر خىل ئاھاڭدا تەكرار ئېيتاتتى. بۇ چاغدا، ناسىرنى كۆرۈپلا ئەرۋاھى ئۇچقان زۇلەيخان توختىغا كۆزىدە بىشارەت بېرىپ ھارغاندىن كېيىن تېرىككىنىچە بۇلۇڭغا بېرىپ تۈگۈلۈپ يېتىۋالاتتى. ناسىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن توختى بىلەن تاكاللىشاتتى. ئۇ: «ناسىر بەڭگە بىلەن ئاغىنە بولماڭ، ئۇ بەڭگە ئەمدى كەلمىسۇن» دېسە، توختى: «كىچىكىمدىن باشلاپ بىرگە ئوينىغان تۇرسام، توي قىلىپلا يۈز ئۆرۈسەم بولامدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنچىكە، ھەرگىز ئېغىر گەپ

قىلماق » دەيتتى. زۇلەيخانىڭ ناسىرغا بولغان ئۆچلۈكى ئۇنىڭ پىنەك ئىشدىغان ئادىتى ئەمەس، سۇ قۇرۇلۇش ئەمگىكىدە شەيتانىڭ كەينىگە كىرىپ، خەلىچخان ئىسمىلىك تۇل خوتۇنىڭ نومۇسىغا تېگىپ قويۇپ، مەھەللە ئىچىدە ئوسال بولغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ شۇ بىر قىتىملىق سەۋەنلىكى تۆپەيلىدىن قىزلار ئۇنى ياراتماي قويىدى. ئاشۇ كۆڭۈلسىز كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى ناسىر توختىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ چاغدا توختى ئۆيدە يوق بولۇپ زۇلەيخان يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ناسىرنىڭ دەككىسىنى بەردى: « ئەمدى ئىككىنچى كەلگۈچى بولما بەڭگە ، يەنە كەلسەڭ يۈزۈڭگە يۇندا چاچىمەن » دېگىنىچە ناسىرنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى. بۇ ئىش ناسىرغا قاتتىق ھار كەلگەنلىكى ئۈچۈن، توختىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق تەكلىپىنى رەت قىلىپ، توختىنىڭ ئۆيىگە قايتا كەلمىدى.

مانا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاشۇ تەكەببۇر زۇلەيخان تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەمدى « سىلى » دېگەن يۇمشاق سۆزلىرىچۇ تېخى. « مېنىڭ تويۇمنى ئۆزى قىلىپ قويارمىش، ھىم! » ناسىر شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، تەمكىن ئاۋازدا سورىدى:

— رەجەپ سەيپۇڭ بىلەن راستىنلا ئاجرىشىپ كەلدىڭىزمۇ؟ نېمشقىمۇ ئاجراشقانسىز!

— ھى... ھى... كىچىك بالىدەكلا گەپ قىلىدىكەنلا، ناسىراخۇن، رىزقىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتسە نېمە ئامال!

— مېنىڭ دېگىنىم، « گاسمۇ چۆچۈرە يېسە ئىچىدە ساناپ يەيدۇ » ، قورسىقىڭىزدا بىرەر ئوي بولسا...

ناسىر قولىدىكى چاقنى يەرگە قويۇپ زۇلەيخانىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. زۇلەيخان ئۇنىڭغا يېنىچە قاراپ دېدى:

— مۇنداق ئىش، ناسىراخۇن. مەن بىكارغىلا ئاجرىشىپ كەلمىدىم. توختاخۇن بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن بېرى ئۇنى پەقەت ئۇنتۇيالمىدىم. ھەر كېچىسى چۈشۈمدە كۆرىمەن. مەن ئۇنىڭغا يۈزسىزلىك قىلىپ قويغانىدىم. شۇڭا مۇشۇ ئالەمدە كۆڭلىنى يۇيۇۋالسام دەيمەن. كونىلار « قىز تەگكەن ئېرىگنى قىرىق يىلغىچە ئۇنتۇيالمايسەن » دەپ راست ئېيتقانىكەن. قىيامەت قايىم بولغاندا، ھەممە ئايال ئۆزىنىڭ قىز تەگكەن ئېرى بىلەن تەڭ قوپىدۇ دەيدۇ، بۇ گەپنى سىلى ئاڭلىغانمۇ؟

— ياق، سىلىدىن ئاڭلىدىم. مەن توي قىلىپ بولغۇچە ئۆلۈپ قالسام كىم بىلەن قوپارمەن، زۇلەيخان؟

— شۇم گەپ قىلمىسىلا ناسىراخۇن، سىلى تېخى ئون گۈللىرىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان يىگىت تۇرسىلا.

— ھى... ھى... سىز توختى بىلەن يارىشاي دەمسىز؟

— سىلى توختاخۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى. سىلىگە ئىشەنمىسەم، بۇ گەپنى دېمەيتتىم.

www.uyghurkitap.com

— بۇرۇنمۇ بىلە تىتىڭىزغۇ!

— مېنى خىجىل قىلمىسىلا ناسىراخۇن، مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا بەكمۇ خىجىل. كۆڭۈللىرىنى ئاچالمىسام ئىگەكىم. توختاخۇن ھازىرمۇ سودىگەرچىلىك قىلىۋاتامدۇ؟

— ياق، توختى يوقاپ كەتتى!

— نېمە دېدىلە؟ تۇزۇك گەپ قىلسىلىچۇ!

— يوقاپ كەتتى دېسەم، كۆزلىرىڭىز چوڭ ئېچىلىپ كەتتىغۇ؟ توختى دېگەننىڭ ھازىر ھەممە يانچۇقى پۇل. ئۇرۇمچىدىن مال ئېلىپ كەلگىلى كەتتى. شەھەر كۆرۈپ ئويناپ كېلىمەن دېگەنىدى. ئۆيىنى چۇۋۇۋەتتى. ئۇرۇمچىدىن كېلىپلا خىشلاپ ئۆي ئەتمەكچى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىماق تەس بولامدىكىن؟

— مەنمۇ مۇنداقلا كىرمەسمەن، ناسىراخۇن، يىغقان-تەرگىنىمنى ئېلىپ...

ئاردىكى قىزغىن پاراڭنى ئۇلارنىڭ يېنىغا پەيدا بولغان ئەيسا ئاخۇنۇم ئۈزۈپ قويدى. ناسىر ئەيسا ئاخۇنۇمنى كۆرۈپلا بۇ ئۆيگە كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى بىر ئاز بولسىمۇ يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئەيسا ئاخۇنۇمنىڭ كەكسىدىن تارتىپ بېلىدىكى پوتىسىغا ئېسىۋالغان يانچۇق پىچىقىنىمۇ چاقلاپ بېرىپ، ئالدىرىغىنىچە كېتىپ قالدى.

* * *

زۇلەيخان ھەققەتەن زىلۋا بەدەن، قويۇق كىرپىكلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بۇلاقتەك كۆز، سەھرانىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى بىلەن شوۋىرغانلىق جۇدۇنلىرى ئۆز ئىزىنى قالدۇرالمىغان لاتاپەتلىك چىرايىنىڭ ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ ھەر قېتىم كۈلگەندە خۇمارلىشىپ كېتىدىغان كۆزلىرىدىن ئىللىق مېھىر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. غۇنچىدەك نېپىز لېۋى سۆيۈملۈك ئىدى. ئۇنىڭ كۆپ كىشىلەرنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان گۈزەللىكى مەھەللىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا «ئەيسا ئاخۇنۇم ھەر ئاخشىمى بىر ئاپتۇۋا سۇغا قايسىدۇر بىر ئايەتنى ئوقۇپ دەم قىلىپ بېرىدىكەن، زۇلەيخان ھەر ئەتىگىنى ئاشۇ سۇ بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى يۇيىدىكەن. ئىمان دېگەن ئادەمگە نۇر كەلتۈرىدۇ» دېگەن ئەپسانىنىڭ توقۇلۇشىغا سەۋەب بولۇپ، يۈزدە سەپكۈن بار بىر نەچچە چوكاننى داستىخان يۆگەپ ئەيسا ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇرۇپ ئاۋارە قىلغانىدى. بۇ پەرى سۈپەت قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى يوق توختىغا نېسىپ بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئەيسا ئاخۇنۇمنىڭ توختىدىكى مۇلايىم مىجەز-خۇي بىلەن تېمىپ تۇرغان كۈچىگە بولغان مەستلىكى ئىدى. يەرلەر ئائىللەرگىچە كۆتۈرە بېرىلىۋاتقان ئۇ كۈنلەردە توختىدەك كۈچى بارلارنىڭ ئاز ۋاقىت ئىچىدە باي بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەنگەنىدى. ئۇ «قانداق قىلىمىز ئانىسى» دېگەندە «زۇلەيخاننى توختىغا بەرسەم قېيىن ئانا، قېيىن ئاتىنىڭ خورلۇقىنى كۆرمەيدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئولتۇرغان مۆترەمخان: «مېنىڭمۇ بەرگۈم بار، ئۆزلىرى

بىلسىلە » دېدى. بۇ سۆز ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئىبراھىم مۇئەللىمدىن بەكرەك ئەيسا ئاخۇنۇمنى خۇش قىلىۋەتتى. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئۇلارنىڭ تويى بولدى. ئەپسۇس، بۇ شېرىن كۈنلەر ئۇزاق داۋاملاشمايلا توختىنىڭ قەلبىدە بىرقېتىملىق شېرىن چۈشتەكلا ئىز قالدۇرۇپ غايىب بولدى. ئۇ زۇلەيخانى پۇشايمان قىلدۇرۇش يولىدا ھەلەك بولۇۋاتقان مۇشۇ ۋاقىتتا، زۇلەيخانىڭ تولىمۇ بالدۇر پۇشايمان قىلغىنىنى بىلسىچۇ! زۇلەيخان ئاشۇ كۈنى ئاق شىپۇن دۇخاۋا سېتىۋېلىپ، ئىككى ئايدىن بىرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن ئارزۇسىدىن تۇنجى قېتىم بېشارەت بەرگەنىدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئەتىدىن-كەچكىچە سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا دۈمچىيىپ ئولتۇرۇشتىن باشقا، بىرەر ئىككى كەلىمە تاتلىق گېپىمۇ يوق رەجەپ سەيپۇڭدىن زېرىككەنىدى. ئۇ ئۆزى بۇرۇن ۋاز كەچكەن تۇرمۇشتا ئۇ تەشنا نەرسە — مال-دۇنيا بولمىسىمۇ، ئۆزىگە قىزغىن سۆيگۈ بىلەن تويماي قارايدىغان كۆز بار ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردىكى « يېسەم زىيان قىلدۇ، كىيسەم ياراشمايدۇ » دېگەن ئۇدۇمدا داۋاملاشقان تېتىقسىز تۇرمۇش بۇرۇنقى تۇرمۇشتىن قانچىلىك كۆڭۈللۈك ئىدى!؟ ئۇ رەجەپ سەيپۇڭنى « ئۆلمىگۈر مەينەت، ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەممۇ، دەپ لەقۋادەك ئولتۇرۇشنىلا بىلسەن » دەپ تىللاپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، توختىنىڭ سودىگەرچىلىك قىلىپ پۇل تېپىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ بىرئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، رەجەپ سەيپۇڭ بىلەن تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ جېدەل قىلىپ ئاخىر خېتىنى ئېلىپ ئاجراشقانغا قەدەر، توختىنىڭ ئاجراشقان چاغدىكى « مەن سىزدىن باشقا خوتۇن ئالمايمەن، بويتاق ئۆلۈپ كېتىمەن، كېيىن ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسا قايتىپ كېلەرسىز » دېگەن سۆزلىرىنى بىر مىنۇتمۇ خىيالىدىن ساقىت قىلمىدى. ئۇ بىلدۇ. ئۇ سۇ، توختى سۇغا تەشنا چۆل.

* * *

زۇلەيخانىڭ توختىنى كۈتۈۋاتقىنىغا كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بىر يىلدىن ئاشتى. گەرچە ئۇ قىشنى توختىنىڭ يولىغا قاراپ كۈتۈش بىلەن ئۇزاتقان بولسىمۇ، ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە توختىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ بۈگۈن پىژغىرىم ئىسسىققا قارىماي، مەھەللىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى يار بويىغا كەلدى. ئۇنىڭ بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىشى ئوت بېسىپ كەتكەن چامغۇرلۇقنى ئوتاشلا ئەمەس، ھەپتىدىن بېرى قاياققىدۇر يوقالغان ناسىر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىدى. ناسىرنىڭ ئۆيى بۇ يەرگە يېقىن بولۇپ، ياڭغا قىيسىيىپ تۇرغان ئىشىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. زۇلەيخان قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ ناسىرنىڭ ئۆيىگە قارىدى. كۆزىگە دانلاپ يۈرگەن ئىككى توخۇدىن باشقا جان كۆرۈنمىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قارغىلار تارتتى. تېنى شۈركۈنگەندەك بولدى. تىمتاسلىققا چۆمگەن يارغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇزاقتا قالغان بىر ئىشنى ئېسىگە

ئالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ توختى بىلەن تويى بولۇپ، بىر ئايدىن كېيىن بولغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇ مۇشۇ يەردە يالغۇز چامغۇر ئوتاپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا ئابدۇغېنى پەيدا بولدى، ئۇ ھىجايغىنىچە زۇلەيخانىڭ يېنىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇ بۇرۇن ئابدۇغېنىنىڭ ئۆزىگە چېقىر كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قادىلىپ قارىشىدىن ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر يامان نىيىتىنىڭ بارلىقىنى سېزەتتى. ئابدۇغېنى بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— زۇلەي، ئوساللىق قىلدىڭ، سېنى ئالاي دەپ تۇرسام كۆزۈڭ يوقتەك توختى كالىغا تېگىۋالدىڭا، — دېدى.

زۇلەيخانىڭ ئاپتاپتا قىزارغان چىرايى ئۆڭدى. تەر تەپچىپ تۇرغان قوشۇملىرى تۈرۈلدى-دە، دېدى:

— ئىزا تارتىسىزچۇ، خوتۇنىڭىز تۇرۇپمۇ...

— ئۇنداق خوتۇنىڭ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا كۆدە-كۆرپىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويىمەن، — دېدى ئابدۇغېنى ئۇنىڭ يېنىغا سوزۇلۇپ. زۇلەيخان قولىدىكى ئوتىغۇچنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— قوپۇڭ، بۇ يەردىن تېز كېتىڭ، توختى كېلىپ قالسا، بۇرنىڭىز ناھەق رەڭ بولمىسۇن، — دېدى تېرىكىپ.

— توختىنى مەسۇم شۇجىنىڭ ئۆيىگە تام ئەتكىلى ئەۋەتتىم، ئۇ ئەمدى كەچتە كېلىدۇ.

— ھوقۇقىڭىزنى باشقىلارغىمۇ ئىشلىتىڭ، بۇرۇن توختىنى بوزەك قىلىپ كۆنۈپ قالغانىدىڭىز، ئەمدى مەن بار.

زۇلەيخان دومسايغىنىچە يانغا ئۆرۈلۈپ چامغۇر ئوتاشقا كىرىشتى. ئابدۇغېنى ئۇنىڭ يەردە سۆرۈلۈپ تۇرغان چېچىنى تۇتۇۋالدى ۋە:

— ھەي، مۇشۇ چېچىڭىزە زۇلەي، بۇياققا قارىغىنا، بىرنى سۆيۈۋېلىپ كېتەي، — دېدى. زۇلەيخان «يۈزسىز» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرغانىدى. ئەمما ئابدۇغېنىنىڭ چېچىنى كۈچەپ تارتىشى بىلەن «ۋاي!» دېگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئابدۇغېنى خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، زۇلەيخانىڭ بېشىنى تىزىدا قويۇپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سۆيۈشكە باشلىدى. زۇلەيخان قاتتىق سىلكىنىپ بوي بەرمەسلىككە تىرىشاتتى. ئابدۇغېنى بىردىنلا كۈچلىنىپ كەتتى. ئۇ زۇلەيخانىڭ چېچىنى چىڭ قاماللىغىنىچە ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. كېيىن زۇلەيخانىڭ ۋارقىراپ تېپىچەكلىشىگە قارىماي ئۇنى كۆتۈرگىنىچە يار ئىچىگە ئېلىپ كىردى. زۇلەيخان ئىسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ، بىرەر ئادەمنىڭ كېلىشىنى كۈتكەن بولسىمۇ، يار ئىچىدە ئۇيان-بۇيان يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن پاتمچۇق بىلەن كاماردىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەن ئىككى ھۆپۈپتىن باشقا جانلىق كۆرۈنمىدى. زۇلەيخان شۇنچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئابدۇغېنىنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرى ئالدىدا ئاجىز كېلىپ قالدى. ئۇ ئەمدى يىغلىنىشقا باشلىدى:

ــ جېنىم ئابدۇغېناخۇن، مەن... مەن كېسەل، باشقا چاغدا...

ئۇ مۇشۇ سۆزلۈم بىلەن قۇتۇلمەن دەپ خام خىيال قىلغاندى. تومۇرلىرى كۆپۈپ، كۆزلىرى قانتىلنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالغان ئابدۇغېنى ئۇنىڭ سۆزىنى قانداقمۇ ئاڭلىسۇن؟ زۇلەيخان ھالسىزلىنىپ يېتىپ ساغرىسىنىڭ قىزىق قۇم بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى سەزدى. بېشى قېيىپ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى. ئاچچىق تولغانغىنىچە توپا كىرىپ ئېچىشقان كۆزىنى ئىزا ۋە خورلۇق ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ يۇمغان چاغدا، ئابدۇغېنى ئۇنىڭ توپىغا مىلىنىپ كەتكەن كۆڭلىكىنى تولۇپ كەتكەن كۆكسىنىڭ ئۈستىگە تۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى.

زۇلەيخان كۆزىنى ئېچىپ ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇردى. ئابدۇغېنى يوق ئىدى. ئۇ بىر پەس كۈچلۈك شاۋقۇن ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك تېڭىرقاپ تۇردى. كېيىن توپىغا كۆمۈلۈپ تۇرغان ياغلىقىنى ئالدى. كىيىملىرىنى قېقىپ ماڭدى. لېكىن، ئۇزۇن ماڭمايلا كەينىگە ياندى. ئۆمرىدىكى تۇنجى قېتىملىق خورلۇقنىڭ گۇۋاھچىسى ــ ئاھانەت ۋە ئىزا ئىلكىدە قالدۇرغان تېنىنىڭ ئىزلىرىنى پۇتى بىلەن ئۆچۈرگەندىن كېيىن ياردىن چىقىپ كەتتى. يۈرىكىدە يىغلاپ، ئۆيىگە كەلگۈچە ناھايىتى كۆپ ئويلاندى. بىر تۇرۇپ، توختىغا بولغان ئىشنى ئېيتىپ، ئابدۇغېنىنى بولدى دېگۈچە دۇمبالىتىشنى؛ بىر تۇرۇپ، توختىنىڭ جاھىللىق قىلىپ بىرەر بالا تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ تىنماسلىقنى ئويلىدى. ئاخىر ئۇ كېيىنكى ئويى بويىچە بۇ ئىشنى توختىغا چاندۇرماي ئون كۈننى ئۆزاتتى. ئەمما «تامنىڭمۇ كۆزى بار» دېگەندەك، بۇ ئىش توختىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالدى. ئۇ توختىنىڭ بۇ ھەقتە سورىغانلىرىغا باشتىن-ئاخىر «يالغان» دەپ تۇرۇۋالغان ئاخشىمى توختى خۇددى زەھەر يۇتۇۋالغاندەك تولغىنىپ، قېلىن لېۋىنى قاتتىق چىشلەپ، مۇشتۇمى بىلەن ئۆينىڭ تېمىغا بىر نەچچىنى سېلىۋېتىپ تاشقىرىغا ماڭغاندا، زۇلەيخان يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى. بىر ھازا يېلىندى. كېيىن قارامىلىق قىلىپ ئەمدىلا تۇتقان ئۆينى ۋەيران قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. توختىنىڭ خۇددى چۈشىنى يەۋالغاندەك غەشلىك ئىلكىدە قېتىپلا تۇرغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، چاققانلىق بىلەن ئىشىكنى ئېتىپ قۇلۇپ سېلىۋالدى. بىر پەستىن كېيىن چىرايلىق لېۋىنى توختىنىڭ يىرىك لېۋىگە چاپلىغىنىچە:

ــ جېنىم توختى، ئاچچىق دېگەن ھەرقانداق بالانى كەلتۈرىدۇ، ئۇنداق يالغان سۆزلەرگە ئىشەنمەڭ، ــ دېدى. كېيىن ئۇ توختىنىڭ ئاچچىق دەستىدە تىترەپ تۇرغان بويىنىغا گىرە سېلىپ، ئارقا-ئارقىدىن كۈچەپ سۆيۈشكە باشلىدى. توختىنىڭ جىسمىنى تىترەتكەن غەزەپ زۇلەيخانىڭ تاتلىق سۆيۈشلىرى ۋە ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كىرىۋاتقان يېقىملىق تىنىقلىرىنىڭ ھۇجۇمىدا بارا-بارا تارقاپ غايىب بولدى. توختى زۇلەيخانىڭ كۆكسىنى چاپلاپ مەزمۇت قۇچاقلىشى، تەكرار سۆيۈشلىرى بىلەن، قەلبىنى لەرزىگە سالغان خورلۇقنى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى بىردىنلا جىددىيلەشكەندە، زۇلەيخان

www.uyghurkitap.com

يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى ۋە:
— ماڭا قەسەم ئىچىپ بېرىڭ، ئاندىن كېيىن ياتىمەن، — دېدى. توختى ئۇنىڭ ئىسسىق قولىدىن تارتىپ تۇرۇپ سورىدى:
— نېمىگە قەسەم ئىچىپ بېرىمەن؟
— ئابدۇغېنى بىلەن ئۇرۇشمايمەن، دەپ.
— ماقۇل، ئۇرۇشمايمەن.
— بۇ قەسەم بولمىدى.
— ئۆتكەندە مەن سىزگە ياتقا قارىمايمەن، دەپ قەسەم ئىچىپ بېرىڭ دېسەم، ئىماندىن ئاجراپ كېتىدۇ، دەيتتىڭىز، مەنمۇ ئىماندىن ئاجراپ كېتەرمەن. ئىشقىلىپ ئۇرۇشمايمەن دېدىم، ئۇرۇشمايمەن.
— ماقۇل ئەمىسە.
ئەپسۇس، زۆلەيخان شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئارىدىن ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەيلا، توختى شۇ كېچىدىكى لەۋزىدە تۇرماي ئابدۇغېنى بىلەن جېدەل قىلدى. ئابدۇغېنىنىڭ ئۇنى شۇ كۈنى تۇرسۇن شۇجىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن نىياز شياڭجاڭنىڭ قېيىن ئاتىسىنىڭ تېمىنى ئېتىپ بېرىشكە بۇيرۇشى ھەم ئۇچ كۈن ئىشلىسەڭ تۆت كۈنلۈك مەجبۇرىيەت ئەمگىكىگە ھېسابلايمەن دېيىشى، بۇ جېدەلگە سەۋەب بولدى. توختى ئابدۇغېنىنى ئۇرۇپ يىقىتىپ ئاستىغا بېسىپ دۇمبالاۋېتىپ: « مانا ماۋۇ مۇغەمبەرلىكىڭنىڭ جازاسى » دېگەن چېغىدا، بۇرنىدىن چىققان قان يۈز - كۆزلىرىنى بويىۋەتكەن ئابدۇغېنى ئىڭراپ يېتىپ بۇ سىرنى توختىغا زۆلەيخانىڭ دېگەنلىكىگە ئىشەنمىدى. ئۇ شۇ كۈنى مەھەللىدىن يار بويىغا بارىدىغان كىشلەرگىمۇ دىققەت قىلغان، ئەرلەر كەنتنىڭ باش تەرىپىدىكى زاكۇنى رېمونت قىلىۋاتسا، ئاياللارنىڭ ھەممىسى پاختا تېرىۋاتسا، يار بويىغا كېلىپ بۇ ئىشنى كۆرۈپ قالغان زادى كىم؟ ئابدۇغېنى توختىدىن تاياق يېگەندىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە ئويلاندى. ئاخىر، شۇ كۈنى ناسىرنىڭ بېشىم ئاغرىپ قالدى، دەپ يېتىۋېلىپ زاكۇغا بارغىلى ئۇنىمىغانلىقى ئېسىگە كەلدى. راست، ئاشۇ بەڭگى بولماي كىم؟ ئابدۇغېنى مۇشۇ يەكۈنگە ئىگە بولغاندىن كېيىن تۆت ئاي ئىچىدىلا ناسىردىكى ئۆچىنى ئېلىپ بولدى. ئەتىتتە شۇنچىكى ئىش چىقسا ناسىرنى بەلگىلىگەندىن باشقا، ئۇنىڭ بۇرۇن زىممىسىدە جەم بولۇپ كېيىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن قەرزلىرىنىڭ بىر قىسمىنى قايتا تۆلىتىپ، تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن بىر يېرىم مو يەرنىڭ سىبلقىنى ئۇبدان سەمرىتىپ ئالدى. بۇ ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرۈشكە ئاجىز كەلگەن ناسىر مەھەللىنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىرىغىنىچە يەرنى تاشلاپ بەردى...
— زۆلەي، بۇ يارنى ئۇنتۇيالماي كەپسەن - ھە! ئەسلىدە مۇشۇنداق قىلساڭ ئوبدان بولاتتى. ھازىرمۇ كېچىكمىدىڭ، — سوزۇلۇپ ئېيتىلغان بۇ سۆز قىر بېشىدا جىمغىنا ئولتۇرغان زۆلەيخانىنى خىيال ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتتى. ئۇ چۆچۈگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، يەردىن

ئۇنگه ندەكلا شەپسز پەيدا بولغان ئابدۇغېنىنى كۆرۈپ تولمۇ ئەپسۇسلاندى. زۇلەيخان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئابدۇغېنىغا ئازراق قارىغاندىن كېيىن زۇۋان سۇرمەي مەھەللىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ نېمىشقىدۇر ئاشۇ يىراقتا قالغان ئۇياتلىق ئىشنى ئويلاپ قالغانلىقىغا ئۆكۈنمەكتە ئىدى.

— توختىغىنا، زۇلەي، — ئابدۇغېنى شۇنداق دېگىنىچە يار بويىدىن خېللا يىراقلىشىپ قالغان زۇلەيخانغا يېتىشىۋالدى. زۇلەيخان ئورنىدا تورۇپ، ئابدۇغېنىنىڭ يېڭى مەنسىپى ھەدىيە قىلغان سېرىق چىرايىدىكى ھاكاۋۇر ئىپادىلەرگە سوغۇق قاراپ تەنە ئارىلاش:

— شۇجى، مېنىڭ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ، ئادەمنىڭ يېنىغا جىندەكلا پەيدا بولىسىز، ئەمدى بىرنېمە دېسىڭىز، يۈزىڭىزگە تۈكۈرمەن. بۇرۇنقى بوش زۇلەيخان ئەمدى يوق، — دېدى.

— پەرىشتىدەك پەيدا بولىسىز دېسەڭچۇ، ئاقپىشماق سېكىلەك، نېمانچە بولۇپ كېتىسەن، سېكىلەك بولۇپ يۈزۈڭ ئېچىلىپ قېتىپمۇ بولدى. ئادەمگە مۇزدەك گەپ قىلماي ئىسسىق پوشكالدەك گەپلەرنى قىلساڭچۇ، تازا شۇ تاتلىق ۋاقىتلىرىڭغا كەپسەن، ئاڭلىسام تېخى توختى كالا بىلەن يارىشىمەن دەپ يۈرۈپسەن، قېنى ئۇ كالا؟

زۇلەيخان تاقەت قىلالماي:

— سىزنىڭ نېمە كارىڭىز؟ — دېگىنىچە تېز قەدەم بىلەن ماڭدى.

— ئەخمەق، راست گەپنى قىلسام، سېنى ئالىمەن دەپ خوتۇنۇمنى ھەيدىۋەتتىم. ئەتىلىككە ئۆيۈمنى بىر كۆرۈپ كەل، چىقىپ كەتكۈڭ كەلمەيدۇ. خىيالىڭدا مېنى چوڭ كۆرسەن، تېخى قىرىق ياشتىن ئاشمىدىم. باللار ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئالغۇدەك بولدى. مۇشۇ قىران چېغىمدا سەندەك ئاق سېكىلەك بىلەن بىرگە ئۆتمەمدىم. مېنىڭ نېمەم كەم ئىدى؟ پۇل-ماللىرىم ئېشىپ-تېشىپ تۇرمامدۇ...

ئابدۇغېنىنىڭ سۆزى مەھەللىگە كىرىپ كەلگۈچە ئاخىرلاشمىدى. زۇلەيخان زۇۋان سۇرمەي ئۆيگە كىرىپ كەتكەندە، ئابدۇغېنى ئۇنىڭ كەينىدىن بىر پەس قاراپ تۇردى-دە، كۈلۈپ قويۇپ، باشقا ئەترەت تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

* * *

كۈز شاملى يالڭاچلانغان ئېتىزلىقتا ئۇچماقتا. كىچىك باللار قوي-كالا پادىلىرىنى مەھەللىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى جىگدىلىككە قويۇپ بېرىپ، ئويۇنغا چۈشۈشتى. چوڭلار قوناق چېپىپ كۈزگى بۇغداي تېرىشقا يەر تەييارلاش بىلەن ئاۋارە. بۇ كۈنلەردە مەھەللىدە بىكار لاغايلاپ يۈرگەن ئادەمنى تاپماق تەس. ئىشتىن قالغان قېرى-چۆرىلەرمۇ تام تۈۋىلىرىدە مۈكچىيىشىپ ئولتۇرۇشۇپ، ئەخلەتكە ملىنىپ كەتكەن پاختىلارنى ئىلغاش بىلەن ئاۋارە بولسا، بەزىلىرى سەھەردە ئېتىزغا چىقىپ كەتكەن ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى

www.uyghurkitap.com

سىغىنىپ يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن نەۋرىلىرىنى «ئەنە ئانىڭىز كەلدى، قوزام» دەپ ئالداش بىلەن ئاۋارە. بۇرۇن مۇشۇنداق مەزگىللەردە مورىغا يۆلىنىپ، نەشىنى بولدى دېگۈچە چېكىپ قاپىقىنى غورىدەك ئىششىتىپ يۈرىدىغان ناسىرمۇ بۇ يىل ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ كۆزگى بۇغدىيىنى ھەممىدىن بۇرۇن تېرىپ بەردى. ئەمدى ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئىمىن كالىنىڭ كۆزگى بۇغدىيىنى تېرىشىپ بېرىش ئىدى.

ناسىر بۈگۈن ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن تۇرۇسقا تىقىپ قويغان نەشىدىن چىگىنتەك ئۈزۈپ ئېلىپ قەغەزگە ئوراپ تەلپىكىنىڭ قاسقىنىغا تىقتى-دە، كەتمىنىنى ئېلىپ، ئۆيىدىن چىقتى. چۈش مەزگىلىدە ئۇ ئىمىن كالىنىڭ ئېتىزلىقىدا قىر ياساپ تۇرۇپ، زۇلەيخانىنىڭ ئېتىزدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. كۆڭلىدە زۇلەيخان بۇ يەرگە كەلسە قانداق قىلارمەن دەپ غەم قىلدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئىككى ئايدىن بېرى زۇلەيخاندىن قېچىپ يۈردى. باشتا ئۇ توختىنى ئۈرۈمچىگە مالغا كەتتى دېگەن بولسىمۇ، كېيىن توختىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىگە قاراپ «ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىۋېتىپتۇ. يېقىندا قايتىپ كەلگۈدەك» دەپ زۇلەيخانى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئارمانغا بوغۇپ قويدى. ئۇ ھەر نېمە قىلسىمۇ توختى قايتىپ كەلگۈچە زۇلەيخانى تىنچ تۇرغۇزۇشنى كېچە-كۈندۈز ئويلاتتى. ئايال خەق دېگەن خام گۆشنىڭ ئورنىدىكى نەرسە، ئۇنىڭغا چۈشىن قونماي قالامدۇ؟ شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئىشق يالقۇنىدا تولغىنىپ يۈرىدىغان توختىغا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ ناسىر شۇنداق ئويلايتتى. بىر قېتىم ئۇ زۇلەيخانغا قونۇشقا تەمشەلگەن بىر «چۈشىن»نى ئۆز ۋاقتىدا ئۈركۈتۈۋەتتى. ئەتىيازنىڭ بىر ئايدىڭ كېچىسى ئۇ شەھەردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، زۇلەيخانىنىڭ ئۆيى ئالدىدا ماراپ يۈرگەن چېكەرمەن ئاغىنىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى بولدى دېگۈچە تىللىدى. كېيىن ھېلىقى ئاغىنىسى تۇۋا قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىمۇ «سەن بۇنىڭدىن كېيىن چېكمەن دەپ مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلمە. نەشە دېگەن تۇزكورلۇق قىلىشقا ئەمەس، دەردكە چېكىدىغان نېمە» دەپ ئۇنى ھەيدەپ چىقاردى.

قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ تاماكىسىنى يەر ئاغدۇرۇۋاتقان ئىمىن كالىدىن يوشۇرۇپ چېكىۋاتقان ناسىرنىڭ خىيالىغا بىردىنلا گۈلنارخان كەلدى، «ھېچ بىلەلمىدىمغۇ، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدىغۇ! تۇۋا، بۇ سەپرانىڭ ئايالدىن ئەجەب بەختى بار-دە. خاسىيەتمۇ ماڭا بىر كۈلۈپ قارىسىچۇ.» ناسىر ئىخلاس بىلەن قىر ياساۋاتسىمۇ كۆڭلىدە ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلايتتى. ئۆزىنىڭ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ئەخمەقلىك بىلەن خەلچىخانىنىڭ «خاپا بولما ناسىر، مەن ساڭا ئامراق بولۇپ قالدىم» دېگەن سۆزىگە ئېرىنىپ، قورام تاشنىڭ دالدىسىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغاندىن باشقا يۈرەكلىك ھالدا بىرەر ئايال زاتىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقماي بۇرۇقتۇملۇق ئىلكىدە تۇرغان كۆڭلىدە ئەمدى ئايال جىنسقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆڭلى

يەنىلا يېرىم ئىدى. خاسىيەتخاننىڭ «خۇدا ماڭا ئۇنداق بەخىتنى نېسىپ قىلمىغاي» دېگەن سۆزىنى بىر قارىغا ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن تۇرسا.

— ھېرىپ كەتتىڭىز ناسىراخۇن، مەيەرگە كىلىڭ، چاي ئىچەيلى.

ئىمىن كالىنىڭ سۆزى بېشىنى كۆتۈرمەي قىر ياساۋاتقان ناسىرنى توختاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، چايدان كۆتۈرۈۋالغىنچە يىراقتا تىكىلىپ تۇرغان خاسىيەتخاننى كۆردى. ناسىر خاسىيەتخاننىڭ چىرايىدىكى سولغۇن ئىپادىلەرگە قاراپ ئويلىنىپ قالدى. راستىنىلا، خاسىيەتخاننىڭ قاپىقى يەر سۈپۈرۈپ قالغانىدى. ناسىرنىڭ قورسىقى خېلى ئاچقان بولسىمۇ، ئەمما يۇمشاق قاتلىمنى يېگۈسى كەلمىدى. ئىمىن كالىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ئۈندىشىمۇ كار قىلمىدى.

كەچقۇرۇن ئۇ ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە مەيۇس ھالەتتە كىرىپ كەلدى.

— ئىش قىلماي كۆنۈپ قالغانىدىڭ، ناسىراخۇن. خېلى چارچاپ كېتىپسەن-ھە؟ ئىمىنئاخۇننىڭ ئىشىنى ئوبدان قىلىشىپ بەردىڭمۇ؟

— جايىدا قىلىشىپ بەردىم، ئەمما ئۇ چوكان بىر قېتىممۇ چىرايىمغا قاراپ قويمىدى.

— ئالدىرىما، تويۇڭنى قىلىشاق ئەتىدىن كەچكىچە قارايدۇ.

— مۇئەللىم، سىلى مېنى بىلمەيدۇ دېمىسىلە، مەن ئاڭلىدىم، ئۇ مېنى ياراتمايدىكەن.

— يارىتىدۇ، ناسىراخۇن، سىلى خاتىرجەم توي تەييارلىقىنى قىلسىلا، — دېدى ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ ئايالى ناسىرنىڭ خاموش ھالىغا قاراپ.

— خاپا بولما ناسىراخۇن، مەن ئۇنى چوقۇم ئىندەككە كەلتۈرىمەن. تويۇڭدا توختى بولغان بولسا جايىدا بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇ نەدىدۇر-ھە؟ زۇلەيخاننىڭ ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلسىچۇ!

— گۈلنارخان دېگەن قىيپاش كۆزمۇ بار تېخى! مەن ئۇنى بۇزۇق دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمدى ئەجەب ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قوي ناسىراخۇن، بىز توختىنى ھەر نىمە قىلساق تېزرەك تاپساق بولاتتى. توختىنى ئازدۇرۇپ يولدىن چىقارغان ئۇ ئايالنىڭ گېپىنى تالا-تۈزدە دەپ يۈرمە. ئەتىدىن باشلاپ قاسىم دېھقاننىڭ ئۇن زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان بولدۇڭ. ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىپ قويدۇم. ھەر ئايلىقىڭغا 130 يۈەندىن بېرىدىغان بولدى. يەنە ئاناڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كەل، تويۇڭنى ۋاقتىدا قىلىۋېتەيلى.

— مۇئەللىم، بۇ...

— ئىشە نىمە يۋاتامسەن؟ ئەسلىدە مەن مەكتەپنىڭ قوشۇمچە كىرىم پۇلىغا بىر ئۇن زاۋۇتى ماڭدۇرۇشنى ئويلىغان. بۇ پىلانىمنى تەشكىل تەستىقلىمىدى. توختى قايتىپ كەلگۈچە شۇ يەردە ئىشلەپ تۇر.

ناسىر ئىبراھىم مۇئەللىم بىلەن شۇ يوسۇندا خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قايتتى. يېزىنىڭ تىنچ ئاخشىمى ئۇنىڭ كۆڭلىدە كىچىككىنە شاۋقۇن پەيدا قىلماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com



ئۇ توختىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا گۈلنارخان بىلەن زۇلەيخانىڭ تەقەززاسىنى ئويلايتتى. ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى ئويلاپ غېرىبسىناتتى.

ناسىر چۆچۈپ كەتتى. ئۇنى تەر باستى. ئابدۇغېنىنىڭ بېغىدىن چىققان كاسكا ئىت ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ھەددىدىن ئارتۇق قورقۇتۇۋەتتى. ئۇ يەرگە قولىنى سوزۇپ بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ چاچتى، ئىت كەينىگە ياندى.

ــ جۇھۇت مۇتتەھەم، خويمۇ قورقۇتتۇڭغۇ، ئىگەڭدىن سوراپ باق، مەندە ھېچنېمەڭ يوق. ھەممىنى ئېلىپ بولدۇڭ، ئەمدى جان بار!

ناسىر قەدىمىنى تېزلەتتى. ئىت خېلى يەرگىچە ئۇنىڭ كەينىدىن ھاۋشۇپ كېلىپ يوقاپ كەتتى. ئۇ ھاسىرىغان ھالدا ئۆيى ئالدىغا كېلىپ سوغۇق توپىنى مالتىلاپ ئاچقۇچىنى تاپتى. شۇ چاغدا ئۆيىنىڭ يان تەرىپىدە بىر كۆلەڭگە پەيدا بولدى.

ــ شېرىپ توكۇرمۇ سەن؟ ماڭ، مۇتتەھەم، سەن بىلەن چەكمەيمەن. دادامدىن قالغان پىچاقنى ئوغرىلاپ كېتىپسەن، قاسىم جۇڭدا غىمۇ دەپ قوي، ئۇ توخۇ ئوغرىسىمۇ ئەمدى كەلمسۇن، نەشە دېگەننى ئوغرىلىق قىلغىلى چەكمەيدۇ، دەردكە چېكىدۇ، دەردكە.

ناسىر يەنە نېمىنىدۇر دېمەكچىدى، ئەمما توختاپ قالدى. چۈنكى كۆلەڭگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىپ شېرىپ توكۇرغا ئەمەس، بىر ئايالغا ئۆزگەردى. ناسىر شۇ ئەسنادا «توۋا، خۇدايىم ماڭا ئاسماندىن بىر پەرىزات تاشلىدىمۇ نېمە، بىر كېچىسى چۈشۈمگە كىرگەن جىن مۇشۇ بولمىسۇن يەنە؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈردى.

ــ كىم سىز؟

ــ پەسرەك گەپ قىلسىلا ناسىراخۇن، خويمۇ سۆزلەپ كەتتىلە، مەن زۇلەيخان.

ــ زۇلەيخان؟ بۇ... بۇ سىز قانداقسىگە كېلىپ قالدىڭىز؟

ــ قانداق قىلىمەن، سىلىنى تاپماق تەس تۇرسا، ئاران دېگەندە تاپسام، توشقاندەك بىر يەردە تۇرمىسىلا. خاسىيە تخانىغا كۆيۈپ قاپتىلا ـ ھە، مەن سىلىگە سۆزلەشكەن قىز ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق ئىدى.

ــ نەدىكىنى، زۇلەيخان، ئۇ مېنى ياراتمايدىكەن.

ــ سىلىنىڭ ئالاي دېگەنلىرىگە خۇش بولسۇن، سىلى بىلمەيلا، ئۇ بۇزۇق نېمە، ئەرگە تېگىپ ئالتە ئاي بولغاندا تۇغقان تۇرسا.

ــ يارەببىم، مۇنداق دەڭ تېخى!

ــ توختاخۇننىڭ گېپىنى قىلمايدىلىغۇ، ناسىراخۇن. مۇئەللىممۇ ھېچ گەپ قىلمايدۇ.

ــ مەنمۇ شۇنىڭ كويىدا. سوغۇق بولۇپ قالدى. بولمىسا، يەنە بىر قېتىم ئىزدەپ كېلەتتىم.

ــ سىلى يوشۇرۇۋاتىدىلا، توختاخۇن يوغانتوغراقتا يۈرگۈدەك دەپ ئاڭلىدىم.

ــ تۈزۈك گەپ قىلىڭ، ئۇ دېگەن سودىگەر تۇرسا، جاڭگالدا نېمە ئىش قىلسۇن؟

— ياق، ناسىراخۇن، ئۇنى كۆرگەنلەردىن ئاڭلىدىم، راستكەن، سىلى مېنى ئالداپسىلا.
— يوق يەپتۇ شۇنداق دېگەن ئادەم. توختى ئۇرۇمچىدە تۇرسا!
— مەن كېتەي ناسىراخۇن، سىلى ئۈچ كۈن ئىچىدە توختاخۇننى تېپىپ كەلسىلە. دادام بىلەن ئانام بېشىمنى بەك قاتۇرۇۋەتتى. مەنمۇ دەردىمنى ئۆزۈم بىلمەن.

## باھار يەنە كېلىدۇ

تومۇز كۈنلىرى.
ساناقسىز ئەپسانىلەرنى قوچاقلاپ ياتقان دەشتى چۆللۈكنىڭ ئاخىرقى چېكى ئۇپۇق گىرۋىكىگىچە يېيىلىپ ياتىدۇ. باغچىگىدە يېزىسىدىكى كۆجۈم بوستانلىق بۇ قۇم دېڭىزى گىرۋىكىدىكى يېشىل مەرۋايىتقىلا ئوخشايدۇ. قۇملۇقتىن توختاۋسىز ئۇرۇلۇپ تۇرغان ئىسسىق شامال مەھەللىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى سالپايتىۋەتكەن بولسىمۇ، بۇ ماكاندىكى يېشىللىقنىڭ شاھىتى بولۇپ تۇرغان جىگدىلەرنىڭ تەڭگىدەك يوپۇرماقلىرى كۈچلۈك ھارارەتكە جەڭ ئېلان قىلغاندەك تاۋلىنىپ تۇرىدۇ.
ئىككى تەرىپى جىغان ھەم قومۇشلار بىلەن قاپلانغان ئەگرى-بۈگرى توپىلىق يولدا قارا ئېشەك قوشۇلغان بىر ھارۋا گاھ يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، گاھ سول تەرىپىدە ماڭغىنىچە مەھەللىگە قاراپ كەلمەكتە. ھارۋا ئۈستىدە ئورۇق پۇتىنى سوزۇپ يېتىپ، بېشىنى يىپىدا ئولتۇرغان بوغداي ئۆگىلۈك ئايالنىڭ سېمىز يوتىسىغا قويغىنىچە ھەدەپ ئايالنىڭ ئەتلەس كۆڭلىكىگە ئارانلا سىغىپ تۇرغان بىقىنىنى چىمدىپ ئۇنى كۈلدۈرۈۋاتقان كىشى ناسىر ئىدى. يۈزىنى قوياشنىڭ كۈچلۈك تەپتىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بېشىدىكى يېشىل رەڭلىك ياغلىقنى كەڭ پېشانىسىگىچە چىگىۋالغان ئايال خاسىيەتخان ئىدى.
— ھوي قىلىن گاداي، قولۇڭنى تارت، ئادەم كېلىپ قالدى، — دەيتتى خاسىيەتخان ناسىرنىڭ زىلۋا بوينىنى سېمىز دىققاق ئالقانلىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ.
— مەيلى، يېتىۋېرىمەن. كەلگەن ئادەم كۆرۈپ قويسۇن، — ناسىر سوكاننىڭمۇ قانغۇچە كۆڭلىنى ئاچىدىغان خوتۇنى بولدى. مەنمۇ بۇرۇن مۇشۇ يولدا قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈپ يۈرگەن ئەر-خوتۇنلارنى كۆرۈپ زۇۋان سۈرمەي يولۇمغا كېتىۋەرگەن.
— قولۇڭنى تارت، ھېلى بىكار ھارۋىدىن ئىتتىرىۋېتىمەن، بەز قولاق.
— چىدىساڭ ئىتتىرىۋەت، ئامرىقىم، — ناسىر ئېبرىنچەكلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپلا ئالدانغانلىقىنى بىلدى. ئەسلىدە يول ئۈستىدە ئۆزلىرىدىن باشقا، جانلىققا تەۋە ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى.
— ھا... ھا... تازا گوللىدىم.

www.uyghurkitap.com

— ۋاي، ۋاي، قورسىقىم تولغاپ كەتتى، — ناسىر ھارۋىدىن چۈشۈپ شىمىنىڭ تاسمىسىنى ئۈتقىنىچە قومۇشلۇق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. خاسىيە تخان ۋىلىققىدە كۈلۈپ قويۇپ، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان مەھەللىگە قاراپ سۆيۈنۈپ كەتتى.

ئۇ سۆيۈنۈشكە ھەقلىق ئىدى. گەرچە ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ مەسلىھىتىگە «ئۇيلىنىپ باقاي» دەپ يۈرگەن بولسىمۇ، خۇدانىڭ ئۆز رىزقىنى ناسىر بىلەن قوشۇپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ بولغانىدى. ئۇ بىلدى، تۇرمۇشنىڭ راھەت-پاراغىتىنى تېتىشقا ئۈلگۈرمەيلا قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان دادىسى ئىمىن ئاخۇنغا ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ ئازغىنا بايلىقى بىلەن چوڭچىلىق قىلىپ دىلىنى رەنجىتكەن بۇرۇنقى ئېرى ئەمەس، ناسىردەك كۆيئوغۇل كېرەك ئىدى. خاسىيە تخاننىڭ بىر مەزگىل تاقارشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ناسىرنىڭ نامراتلىقى ئەمەس، بەلكى نەشە چېكىدىغان ئادىتى ۋە ئېزىلەڭگۈلۈكى ئىدى. دادىسى ئۇنىڭ پىكرىنى ئالمايلا ئىبراھىم مۇئەللىمگە ۋەدە بېرىپ توي كۈنىنى بېكىتكەن ئاخشىمى ئۇ تويلۇق ھەققىدە گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئىبراھىم مۇئەللىم ئارقىلىق ناسىرغا پەقەت نەشە چەكمەسلىك، ئېزىلەڭگۈلۈك قىلماسلىقى كېرەك دېگەن ئىككىلا شەرتنى قويدى...

خېلىدىن بېرى مەھەللىدە ئۇچۇپ يۈرگەن سۆزلەر ھەم تالاش-تارتىشلار، ھەيران قېلىشلارنىڭ ئاخىرقى يەكۈنى ئىبراھىم مۇئەللىم بىلەن قاسىم دېھقاننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ناسىرغا يار-يۆلەك بولۇشى، خاسىيە تخاننىڭ ئېرى ئۆزىگە تاشلاپ بەرگەن ئىككى پارەسىدىنى ناسىرنىڭ ئامراقلىق بىلەن مەھەللىدە يېتىلەپ يۈرۈشىگە بولغان سۆيۈنۈشلىرى قوشۇلۇپ، ئۇ ئىككىسىنى بىر ئۆيدە جەم قىلدى. شاۋقۇن-سۈرەنسىز، ئاددىيغىنا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ تويغا زۇلەيخاننىڭ ھېلىقى كەچكۈز كېچىسى ناسىرغا دېگەنلىرى كاشىلا بولالمىدى. قىسقىسى، ناسىر بۇ ئىشتا ھەسەلدىن قىل تېرىپ ئولتۇرمىدى. تەقدىر كۈندىن-كۈنگە روناق تېپىۋاتقان ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق ئىشچىسى بولۇپ قالغان ناسىرغا سېخىي قولىنى كەڭ يېيىۋەتكەنىدى. ناسىرنىڭ بۇ كۈنلەردە بۇرۇنقى غېرىبچىلىقى يوقالغان بولسىمۇ، ئىككى ئايدىن بېرى قورسىقى ئاغرىپ ئىچى سۈرۈۋاتاتتى. بىراق، خاسىيە تخان تولىمۇ خۇشال ئىدى.

— يەنە بىر ئاي بەرداشلىق بەر، چىرايىڭ ئادەمگە ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. تىۋىپنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇنتۇپ قورسىقىڭنىڭ ئاغرىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىسەڭ مەندىن رەنجىمە، — دېدى خاسىيە تخان قومۇشلۇقتىن چىقىپ ھارۋىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ناسىرغا، قولىدىكى قومۇش يۆپۈكچىنى ئويناپ تۇرۇپ.

— غەم يېمە. بەرداشلىق بېرىمەن، ئۇماق. چېكەرمەنلىكتىن قۇتۇلۇپ سەن بىلەن ئۆلگۈچە بىللە بولىدىغان بولسام، ئۇچىيىم ئۈزۈلۈپ كەتسىمۇ چىدايمەن، — ناسىر شۇنداق دېگىنىچە ھارۋىدا ئولتۇرۇپ خاسىيە تخاننىڭ بويىنىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى.

— قويۇۋەتسەڭچۇ، كۆچۈم يەتسە ئىگەكىم.

— ئېمىشقا قويۇۋېتىمەن. سېنى ئاران دېگەندە ئالغان تۇرسام.
— لەۋۋا، قاچانمۇ غەرەز ئوقارسەن.
— كۆچۈمنى بىلىپ قوي، — ناسىر شۇنداق دېگىنىچە خاسىيەتخانىنىڭ بوينىدىن قايرىپ ھارۋا ئۈستىدە ياتقۇزدى-دە، مېكىيان چۈجىسىنى باسقاندەك ئاستىغا بېسىۋالدى.
— ۋۇي يۈزى قېلىن، قويە ئۇرنۇڭدىن!
— قويمايمەن.
— جېنىم ناسىراخۇن، سىز دېگەن ناھايىتى كۆچلۈك.
— ھە، مانا بۇ گېپىڭ قاملاشتى، — ناسىر گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئەتىدىن بېرى چۈپ يەپ تۇرغان ئېشەككە تاياق سالدى.

* * *

— ماڭا قارىسىلا مۇئەللىم، سىلى غەرەز ئوقىدىغان ئادەم، ھۆكۈمەت سىلىنى بالا ئوقۇتۇشقا قويغان بولسا، بىزنى مانا مۇشۇنداق ۋەزىپىگە قويدى. ئۆينى بوگۈنلا بىكار قىلىپ بەرسىلە. كۆزلۈك پىلىنىڭ ۋاقتى كېلىپ قالدى. پىلە يېزا ئىگىلىكىدە كەم بولسا بولمايدۇ ھەم يەنە... — ئابدۇغېنى يەنە نېمىندۇر دېمەكچىدىيۇ، لېكىن گېپىنى تاپالمىدى.
— ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆينىڭ ئامالىنى قىلىپ باقاي.
— مۇئەللىم، سىلى يەنە گەپ ئويناتقىلى تۇردىلا، بۇ ئۆيلەرنى ئەسلىدە دادۇيدىن مەكتەپكە ياردەم قىلىپ سېلىپ بەرگەن. مانا ئەمدى بىزگە كېرەك بولدى. شۇڭا، مۇشۇ سائەتنىڭ ئىچىدىلا ئۆينى بىكار قىلسىلا.
ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ بېشى قايغاندەك بولدى.
— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، ئابدۇغېناخۇن: بۇ مەكتەپتە ئۈچ يۈزگە يېقىن بالا ئوقۇيدۇ. ئۆي بولمىغانلىقتىن ئوقۇتقۇچىلارنى ھازىرغا قەدەر تۇراقلاشتۇرالماي كېلىۋاتىمىز. مەكتەپنىڭ كۆزەتچىسى سۇپىتىدە مەنلا قالدىم. مانا ئەمدى مېنىمۇ قوغلاۋاتسىلەر، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلدىڭلارمۇ؟ باللار تەربىيە كۆرەلمىسە...
— بولدى قويسىلا مۇئەللىم. ئادەمنى سىياسەت سۆزلەپ زېرىكتۈرۈپ قويدىكەنلا. قېنى دەپ باقسىلا، باللار نان يېمىسە، كىيىم كىيمىسە ئوقۇيالامدۇ؟ بالا ئوقۇتۇش مۇھىممۇ ياكى پىلە بېقىشمۇ؟ ھازىر پاختا تېرىش بىلەن پىلە بېقىشنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان خىزمەت نەدە تۇرۇپتۇ!
ئىبراھىم مۇئەللىم لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئاچچىق سېزىم قاپلىۋالدى. ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلگەنىدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يەر تەۋرىگەندەك بولدى-دە، يەرگە يىقىلىپ چۈشتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ناسىر كارىۋاتتا تورۇسقا تىكىلىپ ياتقان ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ رەڭگى ئۆچكەن چىرايىغا قاراپ يىغلاپ تاشلىغىلى تاسلا قالدى-دە، ئاران دېگەندە دېمىنى بېسىپ دېدى:

— مۇئەللىم، ئاجىزلاپ قالدىلا، تەشكىلگە دەپ ئەمدى دەم ئالسىلا.

ئىبراھىم مۇئەللىم زۇۋان سۈرمەي تورۇسقا قاراپ ياتاتتى. جىنچىراغنىڭ ئىسىدا قارا تۇسكە كىرىپ قالغان تورۇستا بىر كېپىنەك مىڭىپ يۈرەتتى. ئۇ ئۇچۇشقا ئۇرۇناتتىيۇ، ئۇچالمايتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئۆيگە تۇرسۇن شۇجى كىرىپ كەلدى. ئۇ شۇجىلىقتىن قالغاندىن كېيىن مەسچىتتىن چىقمايدىغان بولۇۋالغانىدى. ئۇ بېشىغا قاما تەلپەك، ئۇستىگە قارا سوكنو يەكتەك كىيىۋالغان بولۇپ، زاڭقىدىكى بىر تۇتام ساقىلى ئۇنىڭغا خېلىلا سۈپەت پەيدا قىلغانىدى. ئۇلار ئۆزئارا تىنچ-ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، تۇرسۇن شۇجى:

— مۇئەللىم، — دېدى تىترەك ئاۋازدا، — باشلىرىغا بىر ئاز كۈن چۈشكەنلىكىنى بايىلا ئاڭلىدىم. خاپا بولمىسىلا، بىز ئادەملەر خام سۈت ئەمگەچكە ئەقلىمىزنى كېچىكىپ تاپىدىكەنمىز. ئالدىلىرىدا خىجىلمەن. ئۆز ۋاقتىدا سىلىگە ئۆيلۈك يەر ئۆلچەپ بەرگەن بولسام، بۇ قىيىنچىلىقمۇ بولمايتتى. ئوغلۇم ياقۇپ بازارغا كۆچۈپ كەتتى. ئۆيى بىكار تۇرۇپتۇ. بۇ بىر ئېغىزلىق ئۆيدە قىسىلىپ قالىلا. شۇڭا، ئەتىلا سىلىنى شۇ ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويايلى. پىلە بېقىشقا ئۆي دېگەن تېپىلاتتى، ئابدۇغېنىنىڭ بۇ ئىشى قاملاشماپتۇ...

* * *

سەھرا كېچىسى شېرىن چۈشتەك يېقىملىق ھېسلارغا ئورالغان ناسىرغا قوچاق ئاچماقتا. چەكسىز بوشلۇقتا يۇلتۇزلار كۆز قىسىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى بىھۇدە ئۆتكەن ئۆمرىنى ئەسكە سالماقتا ئىدى. «تۇۋا، زەپمۇ يۈرۈپتىكەنمەن. مانا ھازىر بولسا، ئۆيگە بارسام ئىسسىق تاماق تەييار، بىساتلىرىم رەتلىك، پاكىز... مۇڭداشقىلى قوزىدەك پاقلان خوتۇنۇم بار.» ناسىر شۇنداق خىياللار بىلەن چېلىشىپ-سىردىشىپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، بىردىنلا غەزەپلىنىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ۋۇ دەيۈز، مەن ساڭا نەچچە قېتىم دېدىمغۇ، مەن چەكمەسلىككە قەسەم ئىچتىم. بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدا لالما ئىتتەك ئەگىپ يۈرگىنىڭنى كۆرىدىغان بولسام، ئۇچىيىڭنى سۇغۇرۇۋېلىپ بېلىڭگە باغلاپ قويىمەن. ماڭ، كۆزۈمدىن يوقال! شېرىپ توكۇر بىلەن قاسىم جوگداغىمۇ دەپ قوي. مېنىڭ بوسۇغامدىن ئاتلىغۇچى بولمىسۇن، — ناسىر شۇنداق دېگىنىچە ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كوچەتلىكتە تۇرغان كۆلەڭگىگە توپا چاچتى.

— ناسىر، بولدى قىل، مەن توختى.

— نېمە، سەن راست توختىما؟

— ھەئە، مەن.

— ۋاي، كۆزۈم تۇتۇلسۇن. سەن بۇ جاھاندا بارمۇ-ھە! — ناسىر ھاياجىنىنى باسالماي توختىنى قۇچاقلاپ بىردەم تۇردى. راست، بۇ توختى ئىدى. گەرچە ئۇ بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئۆزگىرىپ، ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ياپىلاق بۇرۇن، چوڭ كۆزلۈك، كەڭ گەۋدىلىك توختىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا، ناسىرنىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ قاداق باسقان ئالقانلىرىنى نەمدەپ قويغانلىقىنى سېزىپ، ئۆزىمۇ ياش تۆكمەي تۇرالمىدى.

كېيىن ئۇلار خاسىيەتخانىنىڭ ئېتىپ بەرگەن پوشكىلى بىلەن ئوبدان غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن كېگىز بىلەن يوتقان-كۆرپىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆگزىگە چىقىپ كېتىشتى. يىراقلاردا ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چۆل تەرەپتىن ئۇرۇلۇپ تۇرغان ئىسسىق شامال يۈز-كۆزلەرنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. توختى بىلەن ناسىر يېنىچە يېتىپ ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە پاراڭغا چۈشتى.

— تۇۋا، زۇلەيخانىنىڭ قولىقى نېمىدېگەن ئۇزۇن-ھە! مەن شۇنچە ئۇرۇنۇپمۇ سېنىڭ ئىز-دېرىكىڭنى ئالالماي تۇرسام، ئۇ سېنىڭ يوغانتوغراقتا ئوتۇن كولاپ يۈرگىنىڭنى قانداق بىلگەنىدۇ؟ بىراق، سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇرۇمچىدىن كەلدىم دېگىن، مېنى يالغانچى قىلما ئاداش. بولغۇلۇق بوپتۇ، سادىق كاۋاپچىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇدۇل مېنىڭ يېنىمغا كەلسەڭ بولمامدۇ؟

— ئۇ چاغدا نېمە بولغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. گاھىدا قىسمەت ئادەمنى شۇنداق ئالداپ قويىدىكەن. مەن تەڭگىلەرنى ئېلىپ قەشقەرگە باردىم. شۇنچە قىلىپ ئاران تۆت يۈز كويغا ساتالىدىم. ئۇ پۇلنىمۇ ئەتىسىلا يانچۇقچى تارتىۋالدى. قازا كەلسە قوش كېلىدۇ دېگەن شۇ ئەمەسمۇ!

— شۇنچە دۆتلۈك قىلامسەن، ئۇ بىر نېمىنى سادىق كاۋاپچىدىن نېمىشقا ئالغانتىڭ؟ بوپتۇ، ئەمما، ئۇ كاززاپ سولىنىپ كېتىپتۇ.

— نېمە، ئېنىقراق دېگىنە، نېمىشقا؟

— نېمىشقا بولاتتى، خەقنى قاقتى-سوقتى قىلغان، قوش نىكاھلانغان گەپ.

— بولدى، ئۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى. ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ھەممە ئىش ئۆزۈمدىن بولغان، يېنىمدا ئىككى مىڭ كوي پۇلۇم بار. ئالدى بىلەن ئۆي سالايلى.

— ئاداش، ئىككى مىڭ كويغا ھازىرقى جاھاندا نېمە كېلەتتى.

— ئۇنداقتا... مۇئەللىمدە پۇل بولسا ئۆتنە ئالايلى. قاراپ تۇر، ئىشلەپ باي بولمەن، كۆزۈم ئېچىلىپ قالدى.

— نەدىكىنى، مۇئەللىمنىڭ تاپقان پۇلى داۋالىنىشقا يەتمەي تۇرسا، قويلىرىنىمۇ سېتىۋەتتى، نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلدى.

— ئۇنداقتا...

— غەم قىلما، بىر كان بار، شۇ يەرگە بارايلى.

— قويە، شۇ گېپىڭنى.

— گېپىمگە قۇلاق سال، مەن دېگەن ئۇ كان گۈلنارخان. ئۇ ھازىر تىككۈچىلىك كارخانىسى قۇرۇپ نۇرغۇن پۇل تېپىپ كەتتى ھەم يەنە...

— بولدى! ئۇنىڭ گېپىنى ئىككىنچى ئېغىزىڭغا ئالغۇچى بولما.

ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي مۇڭدىشىپ چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە كېلىشتى. بۇ چاغدا بىر نەچچەيلەن ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ بىساتلىرىنى مەيداندا توختىتىپ قويۇلغان تراكتورغا ئېلىشۋاتاتتى.

ئەسلىدە، تۇرسۇن شۇجى ئاخشامقى ۋەدىسىگە ئاساسەن ئىبراھىم مۇئەللىمنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا، ئىبراھىم مۇئەللىم ھويلا-ئاراملىرى كەڭ، كۆركەم ئىتىلگەن بەش ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. ئەتىدىن بېرى ئۇلارغا ياردەملەشكەنلەر ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ كېسىلىگە شىپالىق، تۇرمۇشىغا قۇت تىلىشىپ قايتىپ كېتىشكەندىن كېيىن ئىبراھىم مۇئەللىم توختى بىلەن كەڭ-كۇشادە مۇڭداشتى. كېيىن پاراڭ توختىنىڭ نۆۋەتتىكى تۇرمۇشىغا يۆتكەلگەندە، ئىبراھىم مۇئەللىم شۇنداق دېدى:

— كونىلار «جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق» دەپ توغرا ئېيتقان. بېشىڭدىن نۇرغۇن ئاچچىق ساۋاقلار ئۆتتى. ئەمدى ئەقلىڭنى تاپ. ئىشلار كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىدۇ. زۇلەيخان سېنى كۈتكىلى نەۋاق، ئىشنى كەينىگە تارتماي، ۋاقتىدا تۇتۇش قىلايلى. ئەتىدىن باشلاپ...

ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى تاشقىرىدىن تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن مەسۇم شۇجى ئۈزۈپ قويدى. ئۇلار ئۆزئارا قىزغىن كۆرۈشتى. مەسۇم شۇجى ئۆيدىكىلەرگە زەن سېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن دېدى:

— مۇنداق ئىش مۇئەللىم، بۈگۈن كەنتلەرنىڭ كۈزلۈك پىلە بېقىش تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارغانىدۇق. ھېلى ئاڭلىسام، سىلى بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەپلا ھەم يەنە ساقىسىز بولۇپ قاپلا. توختاخۇنمۇ قايتىپ كەپتۇ. قايتىپ كېلىپ ناھايىتى بەلەن قىلدىڭىز ئۇكام، مەھەللىدىن كۆڭلىڭىز رەنجىگەنلىكىنى مەن ۋاقتىدا ئاڭلىماپتىمەن. بايا دادۈيدىكىلەرگە سىزگە ئۆيلۈك يەر ۋە تېرىلغۇ يەر بېرىشنى دەپ قويدۇم.

توختى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي ھاڭۋېقىپ قالغانىدى. ناسىر ئارىلاپ ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى. مەسۇم شۇجى نەزەرىنى ئىبراھىم مۇئەللىمگە ئاغدۇرۇپ دېدى:

— مۇئەللىم، كۆپ جاپا چەكتىلە، خىزمەتلەرنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا سىلىگە ھەم مەكتەپكە دېگەندەك ياردەم قىلغىلى بولمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن بىز سىلىگە ياخشى ياردەملىشىمىز. ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە تۇراقلاشتۇرۇش ئىشىنى مەركەزلىك تۇتىمىز. سىلى خاتىرجەم بولسىلا. يەنە سىلىنىڭ شەخسىي ئۆي سېلىش ئىشلىرىنىمۇ ئورۇنلاشتۇردۇق. ئازادە پاراڭلاشساق بولاتتى: يېزىدا خۇلاسە يىغىنى ئېچىلماقچىدى، مەن قايتاي،

ئوبدانراق دەم ئالسلا.

مەسئۇم شۇجى خوشلىشىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆي ئىچىدە بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ناسىر توختىغا قارىسا، توختى ئىبراھىم مۇئەللىمگە قاراپتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ ياغاق مەگزىنى سۆيۈپ تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقان ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ قالدى.

* * *

ئۆستەڭ بويى. توختى زۇلەيخانىنى كۈتۈپ ئولتۇرماقتا. ئىزغىرىن شامال ئۇنىڭ يۈزىنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە. ئۇ چەكسىز تەشنالىق ئىچىدە قاراڭغۇلۇق قوينىدا غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان باغقا قاراپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ئاسماندا ئاندا-ساندا چاقناۋاتقان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ بۈگۈن ئاخشامدىكى بەختىگە تەنتەنە قىلىشقاندەك پارلايتتى. توختى بىر تەرەپتىن زۇلەيخاغا بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسى بىلەن بىر خىل ھاياجانغا چۆمۈلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قىسمەتلەرنى بىر-بىرلەپ ئويلاپ، ئانا يۇرتىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، مېھرىبان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. سۈكۈتكە چۆمگەن ئۆستەڭ بويى ئۇنىڭغا ئۆز ئۆيىدەك ئىللىق قۇچاق ئېچىپ، ئۇنى ئانا يۇرتىنىڭ پاك مېھرىگە چۆمۈلدۈرگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆز ئۆيىنىڭ بىر پارچە مۇنبەت يەرگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى، قىسقىسى، بۇ سۆيۈملۈك ماكاندا ئۆز ئىلكىدە ئالقانچىلىكمۇ يېرىنىڭ يوقلۇقىنى



www.uyghurkitap.com



ئۈيلىمايتتى. باغرى يەتسە بۇ ماكاننى مەھكەم قۇچاقلىغۇسى كېلەتتى: نېمىشقا ۋاز كېچىپ كەتتىم-ھە، قېنى تاپقان پايدام. توختى قولىغا ئۆستەڭ قېشىدىن بىر ئۇچۇم تۇپراقنى ئېلىپ چىڭ سىقتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ يۈرىكى داۋالغۇدى. ۋىسال ئالدىدىكى تەقەززالىق، ئاھ! ئۇنىڭ جىسمى نېمانداق تىترەيدىغاندۇ-ھە! ئۇبدانراق قارا، توختى. سەن كېچە-كۈندۈز كۆرۈشكە تەشنا بولغان، مەھكەم قۇچاقلاپ قەلبىڭدىكى جىمى دەرد-ئەلەملىرىڭنى بىر يولىلا چىقىرىۋېتىشنى تىلىگەن زۇلەيخان؛ سەن شۇنچە يىلدىن بېرى چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان ئىلاھ كەلدى. سېنى ھاياتقا مەھكەم باغلىغان، جاپا-مۇشەققەتلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە قۇدرەت بېغىشلىغان زۇلەيخان ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ. سەن مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتكىلى نەۋاق!

زۇلەيخان توختىغا قاراپ ئۈن-تىنسىز تۇراتتى. بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۈستىگە قارا كۆك رەختتە كاستۇم، پۇتىغا قارا خۇرۇم بەتىنكە كىيىۋالغان توختى شۇ تاپتا ئۇنىڭغا باشقىچە كۆرۈنەتتى. توختى ئاران دېگەندە:

— كەلدىڭىزمۇ؟ — دېيەلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى سۆزلەردىن ئاران مۇشۇلا چىقتى.

— سىز... سىزنىڭ باغرىڭىز نېمىدېگەن قاتتىق. مەن سىزنى كۈتكىلى بىر يىلدىن ئاشتى، — زۇلەيخان سۆزىنى توختىتىپ ئېسەدەپ يىغلىدى.

— نېمىشقا يىغلايسىز؟ خۇدا كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلىپتۇ. سىز يىغلىسىڭىز، مەنمۇ يىغلىماي تۇرالمايمەن، يىغلىماڭ، — دېدى توختى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ. زۇلەيخان ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىنى سۈرتتى. توختى شۇ چاغدىلا زۇلەيخاننىڭ بېشىغا ئاق نىلۇن ياغلىق چىگىۋالغانلىقىنى بىلدى. زۇلەيخان قاشتىكى سۆگەتكە يۆلىنىپ، بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن توختىغا يېنىچە قاراپ:

— نەلەردە يۈردىڭىز؟ — دېدى.

— ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالدىم.

— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلدىڭىز؟

— تىجارەت قىلدىم، — شۇئان توختىنىڭ يۈزىنى بىر خىل قىزىللىق قاپلاپ دېمى سىقىلىپ كەتتى.

— مۇشۇ يەردە قىلسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ.

— شەھەر كۆرمىسەڭ كۆزۈڭ ئېچىلمايدىكەن. ئۇ يەردىكى ھايات بۇ يەرلەردىكىگە ئوخشىمايدۇ. پۇل دېگەننىڭ لەززىتىنى ئاشۇنداق شەھەرلەردە تېتىساڭ بولىدىكەن. توخۇ سۈتىدىن باشقىنى تاپقىلى بولىدىكەن.

— گېپىڭىزدىن قارىغاندا، پۇلىڭىز تازا كۆپىيىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، مېنىمۇ ياراتمىغۇدەكسىز.

— پۇل، پۇل دېگەن ئانچە چوڭ نېمە ئەمەس، قارىماققا قۇدرەتلىك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇ قولنىڭ كىرى. پۇل دېگەن ئىنسان ئارىسىدىكى مېھرى-مۇھەببەتنى

يوقىتالمايدۇ، زۆلەيخان.

— ئەجەب كادىردەك گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپسىزغۇ، ئەمما، پۇل بولمىسا قايسى ئىش ئوخشايتتى!

— جېنىم زۆلەيخان، پۇلنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىمىز، شۇنىلا دېيىشەيلى.

— قانداق قىلاتتۇق، ئۆي تۇتىمىز. ئۆي تۇتۇشقا پۇل كېتىدۇ. ئۆيىنمۇ ۋەيران قىلىپسىز. ئەمدى پۇلنى قۇچاقلاپ ياتماي، ئۆي سېلىڭ، سەرەمجان ئېلىڭ.

توختى جىمىپ قالدى. شۇ ئەسنادا زۆلەيخان توختىغا يېقىنلاشتى. توختى ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۆي سالىمەن زۆلەيخان، يەر تېرىيمەن. ئەمدى ھەرگىزمۇ بۇ يەردىن نېرى كەتمەيمەن. مەن ئەمدىلا ئادەم بولغانلىقىمنى سېزىۋاتىمەن. سىز مېنى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەڭ. بىز ئۆلۈپ كەتكۈچە بىر ئۆيدە بولايلى.

زۆلەيخان ئەتىدىن بېرى توختىنىڭ چىڭ يۇمۇلغان قولىغا قاراپ، ماڭا بىرەر سوۋغات ئېلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، ھېچ بولمىغاندا، قەشقەرنىڭ ياقۇت ئۈزۈكى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغانىدى. ئەمما، ئۇ توختىنىڭ قولىنى نازلىنىپ تۇتقاندا، قولىغا ئىسسىپ كەتكەن توپا چۈشتى. توختى خىجىل بولدى. ئۇ توپىنى تاشلىۋەتمىگەنلىكىنى شۇ چاغدىلا سەزدى. زۆلەيخان كېتىشكە تەمشەلدى ۋە:

— ھەر نېمە قىلسىڭىز تېزرەك بولۇڭ، پۇلنى قالايمىقان چېچىۋەتمەڭ، — دېدى-دە، كېتىپ قالدى.

توختى ئۆستەڭ بويىدا خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى. كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ باقتى. بىراق، ئۇنىڭ بېشى يەنىلا قاتتى. ئۇ ناسىرنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ناسىر ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— تەرسالىق قىلما ئاداش، قولۇڭدىكى ئىككى مىڭ يۈەن پۇلغا ئاران دېگەندە ئىككى ئېغىزلىق ئۆي سالالايمىز. بىزگە يەنە كەم دېگەندە ئىككى مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل كېرەك. زۆلەيخاننىڭ يېنىغا قۇرۇق قول بارغىلى بولمايدۇ. قاسىم دېھقان مىڭ كوي بېرىدىغان بولدى. شۇڭا مەن بېرىپ گۈلنارخاندىن مىڭ كوي ئۆتنە ئەكىلەي. ئىككىمىز بەلنى باغلاپ ئون زاۋۇتتا تۆت-بەش ئاي ئىشلىسەك گۈلنارخاننىڭ پۇلىنى بېرەلەيمىز.

— گېپىمنى ئاڭلا ناسىر، سەن بىلمەيسەن، ئۇ خوتۇننىڭ يېنىغا پۇل دەپ بارما، مېنى يەنە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈش دەپ قىستىساڭ يۈزۈڭگە قارىمايمەن.

— يەنە جاھىللىق قىلغىلى تۇردۇڭغۇ، ماقۇل، مەنمۇ كىچىك بالا ئەمەس. قالغان ئىشنى ئۆزۈم جۆندەيمەن.

ئۇلار بىر-بىرىنى قايىل قىلالماي خوشلاشتى.

www.uyghurkitap.com

*   *   *

ناسىر بازاردا بىر پەس ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن پىلانى بويىچە گۈلنارخاننىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىغا كەلدى. بۇ چاغدا گۈلنارخان شاگىرتلارغا ئىش تاپشۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ناسىرنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى:

— بۈگۈن ئۆزلىرىنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى، ناسىراخۇن!

— قايسى شامال بولاتتى، شۇ...

ناسىر سۆزىنىڭ ئاخىرقى يۇتۇۋەتتى. ئارىدا گۈلنارخان ناسىرنىڭ قورۇنۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى رەخت ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر قويۇلغان كىچىكرەك بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ناسىر ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىشقا ھازىرلانغانىدى. كۈتۈلمىگەندە گۈلنارخان مۆڭلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ دېدى:

— ناسىراخۇن، سىلىنى كۆرۈپلا توختاخۇن ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇ بىچارە نەلەردە يۈرىدىغاندۇ، ئۇنىڭدىن بىرەر ئۇچۇر يوقمۇ؟

— ئاڭلاپ تۇرسىلا گۈلنارخان، سىلىدىن يوشۇرمايمەن، توختى مەھەللىگە قايتىپ كەلگىلى بىر ئايدىن ئاشتى ھەم...

— نېمە؟ توختاخۇن قايتىپ كەلدى! — گۈلنارخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كېيىن چىرايى ئۆڭۈپ كارىۋاتنىڭ لېۋىگە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— سىلىگە دەپ بېرەي، ئارىدا جىق ئىشلار بولۇپ كەتتى. مەنمۇ بوغماق خوتۇندىن بىرنى ئېلىۋالدىم. بىراقزە، توختىنىڭ ئىشى تەس بولۇپ قالدى. ئاران دېگەندە ئۇنى مەكتەپنىڭ ئۆيىگە جايلاشتۇرۇپ قويدۇق. تاپقان پۇللىرىنى يانچۇقچى تارتىۋالغاچقا، ھازىرغىچە زۇلەيخانى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويالمىدۇق. شۇڭا، ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا كەلدىم. توختى ھازىر ئەقلىنى تاپتى. يېزىدىكىلەر ئۇنىڭغا يەر بەردى.

— ئېنىقراق دېسىلە، زۇلەيخان باشقا بىرى بىلەن...

— توختىسىلا، مەن دەپ بېرەي، زۇلەيخان رەجەپ سەيپۇڭدىن ئاجرىشىپ كېلىپ توختىنى كۈتۈپ تۇرغان. خۇدانىڭ رەھمى كەلگەن ئوخشايدۇ.

— توختاخۇن ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قېلىشنى خالامدۇ؟

— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ توختى زۇلەيخاندىن يەنە ئايرىلىپ قالسا تۈگىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر، بىراق، شۇ پۇلنىڭ ئىشى...

— توختاخۇن نېمىشقا كەلمىدى ياكى سىلى مېنىڭ ئەھۋالىمنى دېمىدىلىمۇ؟

— دېيىشىنىغۇ دېدىم، بىراق ئۇ كەلمەيدىكەن، شۇڭا مېنى ئەۋەتتى. شۇ بىر ئاز پۇلنىڭ ئىشى...

— ئېنىقراق دېسىلە، توختاخۇن ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— ھازىرچە ئىككىمىز قاسىم دېھقاننىڭ ئۇن زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتىمىز. ئەتىيازلىقتا

خۇمدان قۇرۇپ پۇل تاپايلى، دېيىشۋاتىمىز. ئەگەرچە ندە، بىزگە ئىشەنسلە، مىڭ يۈەن پۇل ئارىيەت بېرىپ تۇرسىلا، زۇلەيخانىغا بىرئاز تويلۇق ئالمىساق بولمايدىكەن، تەگلىكتە قالدۇق. شۇڭا، توختى مېنى ئەۋەتتى.

گۈلنارخان ئۇلۇغ نەپەس ئالغىنىچە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ناسىر ھېچ نەرسىنى قىياس قىلالمىدى. بىر ھازادىن كېيىن گۈلنارخان كۆزىنى دېرىزىدىن ئۈزمەي تۇرۇپ:

— ناسىراخۇن، سىلىچە توختاخۇن زۇلەيخان بىلەن يارىشىپ قالماي، تۇرمۇشىنى يېڭىباشتىن باشلاشقا قوشۇلامدۇ، مېنىڭ دېگىنىم سىلى ئۇنى زۇلەيخان بىلەن يارىشىپ قېلىشتىن توسۇپ قالالامىلا؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، گۈلنارخان قېنى دەپ باقسىلا، بېلىق سۇدىن ئايرىلسا ياشىيالامدۇ؟ توختى زۇلەيخاندىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ قالغاچقا شۇنچە ۋەيران بولۇپ كەتتى. ئەمدىلىكتە خۇدا ئۇنىڭغا ئۇلۇغ كۆزىنى باققاندا، ئۇنىڭغا سىلى بىلەن بىز كۆيۈنمىسەك بولامدۇ؟

— چۈشەندىم، ناسىراخۇن، — دېدى گۈلنارخان ھەم بىر پەس سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن:

— مېنى بىردەم كۈتۈپ تۇرسىلا، — دېدى-دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى. ناسىرنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، كېتىشكە ھازىرلاندى، گۈلنارخان سومكا كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى-دە، ناسىرغا ئۈچ باغلام پۇلنى سۇنۇپ تۇرۇپ:

— توختاخۇن قىيىنچىلىق تارتىپ قالسا بولمايدۇ، بۇ پۇلنى ئېلىپ كەتسىلە، — دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالغانىدى. ناسىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گۈلنارخان ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ بۇقۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىرخىل ئازاب چىرمىۋالغان بولۇپ، يۈرىكى خۇددى قايناملىغا چۈشۈپ كەتكەن ئالمىدەك كۆكرەك قەپەسكە تىنىمسىز ئۇرۇلاتتى.

ناسىر بازاردىن سىرتقا چىقىپ، ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ قويۇن يانچۇقىدىن پۇلنى چىقىرىپ ساناشقا باشلىدى. پۇل توپتوغرا ئۈچ مىڭ يۈەن ئىدى. «خۇدا بەردى مانا! بۇ پۇلغا زۇلەيخاندەك جۇۋان ئەمەس قىز ئالغىلى بولىدۇ.» ئۇ ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلاپ قويۇپ، يولنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ يول بويى بىر ھازا ناخشا ئېيتىپ، شادلىقنى باسالمىغان ھالدا مەھەللىگە كەلگەندە، كۈتۈلمىگەن مۇسىبەت ئۇنى ھەسرەت-نادامەت ئازگىلىغا ئىتتىرىۋەتتى.

ئەسلىدە ئىبراھىم مۇئەللىم ئەتىگەندە جىگدىلىكتە قوي بېقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى ئىزدەپ بېرىپ، كۈتۈلمىگەندە كېسىلى قوزغىلىپ شۇ يەردىلا ھوشىدىن كەتكەنىدى. كېيىن مەسۇم شۈجى باشلاپ ئېلىپ كەلگەن ئۈچ نەپەر دوختۇر جىددىي قۇتقۇزۇش

ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ھايات-مامات ئوتتۇرىسىدا تۆت سائەتچە كۈرەش قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمىدى. چۈشتىن كېيىن ئارائۆستەڭ مەھەللىسىنىلا ئەمەس، پۈتۈن يېزىنى ئېغىر مۇسىبەت قاپلاپ، چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن ئېغىر سۈكۈتكە پاتتى...

ئىبراھىم مۇئەللىم جىمجىتلىقتا بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى. ئۇ نۇرغۇن ئېغىرچىلىقلارنى ياۋاشلىق ۋە ساداقەتمەنلىك بىلەن كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئايالىغا، ئارزۇلۇق تۆت پەرزەنتىگە، توختى ۋە ناسىرغا ئوخشاش بىرقانچە دىلكەش يېقىنلىرىغا ۋەسىيەتلىرىنى پىچىرلاپ تۇرۇپ ئېيتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇ پەقەت خوتۇن-باللىرىغا كونىراپ كەتكەن بىر نەچچە پارچە كېگىز، يوتقان-كۆرپە بىلەن ئىككى مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرزىنى قالدۇرۇپ كەتتى. يۈرەك سانجىق كېسىلى ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق رەھىمسىزلىك قىلدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە كىشىلەر مەھەللىنىڭ شەرقىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ باغرىغا جايلاشقان گۆرىستانغا قاراپ سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. ئەيسا ئاخۇنۇمنىڭ بىر ھازا خەتمە-قۇرئان قىلىشى بىلەن ئىبراھىم مۇئەللىم قارا تۇپراق قوينىغا ئۇزىتىپ قويۇلدى.

* * *

كۈز شاملى مەھەللىگە قۇمساڭغۇ توپىلارنى تۆكمەكتە ئىدى. كۈزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ قىرقى نەزىرىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ناسىر بىلەن خاسىيەتخاننىڭ دادۇي كادىرلىرىغا يېلىنىپ يۈرۈپ پىلاندىن سىرت ھەل قىلغان بىر مو كۈزگى بوغدىيىمۇ تېرىلىپ بولدى. ئىككىسى بۈگۈن توختىنىڭ كۈزگى بوغدىيىغا ئۇرۇق سېلىشىپ بېرىشكە كېلىشتى.

— جاپا تارتىپ كەلمىگەن بولساڭلارمۇ، ئۆزۈم ئۇرۇق سېلىۋېتەتتىم، — دېدى توختى ئۇلار قىر بېشىغا يېتىپ كېلىشكەندە ئۆزرە ئېيتىپ.

— تونۇگۈن كەلسەم بولاتتى ئاداش، بۇ خوتۇننىڭ نەپسى يامان چىكەتتى. ئۇچ مو بوغداي تېرىغاندىكىن بولدى قىلايلى دېسەم، مەن بىلەن تاكاللىشىپ يەنە بىر مو ھەل قىلىپ كەپتۇ. شۇڭا، ساڭا ۋاقتىدا ياردەملىشىپ بېرەلمىدىم.

— توختاخۇن، بۇ لەۋقاۋاغا ئوبدانراق نەسىھەت قىلسىلا، باي بولمىسام بولمايدۇ، دەيدۇ، لېكىن يەنە ھورۇنلۇق قىلىدۇ، مەن نۇرغۇن پىلانلارنى ئويلاپ قويدۇم. ئىككى يىل ئىچىدە بۇ يېپ بويۇننى باي قىلمىسام ھېساب ئەمەس، گېپىمگە ئۇنىمسا قۇلىقىنى يۇلۇۋېتىمەن تېخى! — خاسىيەتخان سۆزىنى توختىتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ماڭەۋەي، مېنىڭ قۇلىقىم سېنىڭ قۇلىقىڭدەك بوش ئەمەس، ئاخشام قۇلىقىڭنى تۇتسام ۋايجانلاپ كەتتىڭغۇ.

— ھۇي يۈزى قېلىن، بولدى قىل!

ناسىر بىلەن خاسىيەتخان كەچ كىرگۈچە توختىغا ياردەملەشتى. ئارىدا، توختى بىلەن ناسىر قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ، زۇلەيخان توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشۈشتى.

— ئاڭلىسام، سەن ئۇن زاۋۇتىدا ئىشلىگەندىن كېيىن زۇلەيخان ئىككىلىنىپ قالغانمىش،— دېدى ناسىر ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — خاسىيەتخاننىڭ دېيىشىچە، ئۇ « توختىنى پۇل تاپقان ئۇخشايدۇ دېسەم، يەنە خەققە سېتىلىپ يۈرىدۇ، قانداق قىلىشىنى بىلمەي تۇرىمەن » دېگۈدەك. ئەمدى جاھىللىق قىلما، گۈلنارخاننىڭ پۇلنى ئىشلەتمەيمەن دېگىنىڭ بىلەن، پۇلنىڭ ئىشنى قانداق قىلمىز؟ يەنە تېخى زۇلەيخان « تويلۇقنى جايىدا ئەكەلمىسە بولمايدۇ » دەپتۇ.

ناسىرنىڭ سۆزلىرى توختىنى ئويغا سالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— ماقۇل ئەمىسە، باشقا ئامال بولمىغاندىن كېيىن سىلىنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، قاسىم دېھقانمۇ بىزگە ياردەملىشىدىغان بولدى. مۇشۇ ھەپتە ئىچىدىلا ئىشنى پۈتتۈرەيلى.

ناسىر بىلەن خاسىيەتخان ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن توختىنىڭ ئىشى ئۈستىدە ئېغىر ياتقۇ بولغۇچە مەسلىھەتلەشتى.

— زۇلەيخانغا ئوبدانراق جېكلە. بىزنى تار يەردە قىستىمىسۇن، تويلۇق دېگەننى چېغىدا سالسىمۇ يالغاچ قالمايدۇ، توختىمۇ ئۆز ۋاقتىدا قول ئىلكىدە بار، باي ئائىلىنىڭ ئەركىسى ئىدىغۇ، — دېدى ناسىر سوپىدا سوزۇلۇپ يېتىپ.

ئۇلار بىر پەس جىمىپ قېلىشتى. كېيىن ئىككىسى ياستۇققا باش قويۇشقاندىن كېيىن ناسىر خاسىيەتخاننىڭ بارماقلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ھەي ئىسىت، مۇشۇنداق كۈنلەردە كەپتەرلىرىم بولغان بولسا تازا ئۇنلەپ بېرەتتى، — دېدى ئۇھ تارتىپ.

— دادامنى كەچۈرگىن، ساڭا ئەمدى دەپ بېرەي، كەپتەرلىرىڭگە دورىنى دادام بېرىپتىكەن.

— نېمە؟ — ناسىر چايان چاققاندەك تولغىنىپ كەتتى. خاسىيەتخان مەڭزىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە يېقىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئابدۇغېنىنىڭ ئوساللىقى بولمىدۇ. دادام ياۋاش بولغاندىكىن ماقۇل دەپتۇ. ماڭا ئىشەن، ناسىر. مەن سىلىنىڭ كۆڭلىڭنى كەپتەرلىرىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئاچالايمەن ھەم يەنە، ئىشلەپ باي قىلىۋېتىمەن. بۇ ئىشنى ھەرگىز تالا-تۈزدە دەپ يۈرمە.

ناسىر خاسىيەتخاننى باغرىغا باسقىنىچە جىمىپ قالدى.

* * *

كەچتىن باشلاپ ئەل ياتقۇ بولغۇچە داداۋي ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ئەگرى جىگدە دەرىخىگە ئورنىتىلغان رادىئو كانىيىدىن ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇرغان ناغرا-سۇناي ساداسى مەھەللىدىكىلەرنى ئالدىراش قىلىۋەتكەن بولسا، توختى بىلەن ناسىرنى ساراسىمىگە سالدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، خاسىيەتخاننى ئەيسا ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتكەندى.

بىر پەستىن كېيىن ئۇ روھى چۈشكەن هالدا قايتىپ كەلدى.

— راستكەن، زۇلەيخان ئابدۇغېنى شۇجى بىلەن توي قىلىشقا ئۆزى رازىلىق بېرىپتۇ.

توختى بىلەن ناسىر بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە بىر هازا ئولتۇرۇپ كېتىشتى. ئۇلار شۇ تاپتا گاڭگىراپ قېلىشقانىدى.

ناسىر كېچىچە ئىبراھىم مۇئەللىمنى چۈشەپ چىقتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ سىرتقا مېڭىۋىدى، خاسىيەتخان:

— تېزرەك بېرىڭ، توختاخۇننى ئېلىپ كېلىڭ، مەن تاماق ئېتىپ تۇراي، بىچارە تولغىشىپلا كەتتى. زۇلەيخاننىڭ توي كۈنىدە مەھەللىدە تۇرمىسۇن، ئۇنىڭ بىلەن توشقان ئوۋلاپ كېلىڭ، — دېدى.

— ئالدى بىلەن مۇئەللىمنىڭ تۇپراق بېشىغا بارىمەن، كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. مۇئەللىم ماڭا مەكتەپتە باردەكلا تۇيۇلدۇ.

جۇدۇنلۇق سەھەر ناسىرنىڭ قەلبىدە ئۆزگىچە داۋالغۇش پەيدا قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئارىلاپ ئابدۇغېنىنىڭ ئۆيى تەرەپتە بوشلۇققا تارىلىۋاتقان كۆكۈچ تۈتۈنگە قاراپ قويۇپ يولنى داۋام قىلىۋاتاتتى. رادىئو كانىيىدىن ئاڭلىنىۋاتقان توي تەنتەنىسى سەھەر جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. ئۇ گۆرىستانغا كېلىپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ قەبرىسىنىڭ بېشىدا توختى يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ناسىر ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى - دە، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ يىغلىغىنىچە توختىنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ توختى ئورنىدىن تۇردى - دە، قويۇن يانچۇقىدىن قول ياغلىققا ئورالغان بولاقنى ناسىرغا سۇندى:

— گۈلنارخانغا ۋاقتىدا ئاپىرىپ بەر، خاسىيەتخاننىڭ پېشنى چىڭ تۇت، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، تۇمانلار ئارىسىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان دۆڭلۈككە قاراپ كېتىپ قالدى. ناسىر ئۇنى توختىتىشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر پۇتىغا كىشەن سېلىپ قويۇلغاندەك، ئېغىزىدا تىلى يوقتەك بىر خىل هالەتتە ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆزى توختىنىڭ بارا - بارا كۆز ئالدىدىن غايىب بولۇۋاتقان سىيماسىغا تىكىلگەنىدى. توختى ئۇزاپ كەتتى. كېيىن ئۇنىڭ قارىسى تۇمانلار ئارىسىدا غايىب بولدى.

ناسىر گۆرىستاندىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، توختى كېتىپ قالغان تەرەپكە قارىۋىدى، ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە بارغانسېرى ئەدەۋاتقان بوران كۆرۈندى. كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆككەن هالدا ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ قاچاندۇر ئۆزىگە دېگەن مۇنۇ سۆزىنى يۈرىكىدە پىچىرلىدى:

— باهار يەنە كېلىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

غوپۇر شاكر

# ھۈنەرۋەن

(ھېكايە)

ئۇنىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات كوچىسىدى-
كى دوقمۇشتا دۇكىنى بار ئىدى. راستىنى
ئېيتقاندا بۇ دۇكان ئەمەس، پەقەت ئىش
ئورنى، دېسەك مۇۋاپىق بولار. ئۇ كىچىككىنە
ئورۇندۇقدا ئولتۇرۇپ ئەتراپىغا بېگىز، يىپ،
مىخ... دېگەندەك نەرسىلەرنى يېيىۋەتسە
دۇكان ھاسىل بولدى دېگەن گەپ.

ھەر كۈنى ناشتىدىن كېيىن ئۇ ئاۋۋال
كۆپكۆك ئاسمانغا، ئاندىن بىلىكىدىكى
سائەتكە قاراپ قوياتتى-دە، ئاياغ، سايمان
ۋە پۇرۇچلار بېسىلغان قول ھارۋىسىنى
ئىتتىرىپ ئاشۇ «دۇكان» غا يېتىپ كېلەت-
تى. تۈرلۈك شەكىلدىكى پاشىنلارنى،
ھەرخىل مىخلارنى رەتلىك تىزىپ بولۇپ،
ئەپلىككىنە ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇراتتى-دە،
ئاۋۋال «خېرىدارلىرىم، مانا مەن كەل-
دىم» دېگەندەك قىلىپ تۆت ئەتراپىغا
نەزەر سالاتتى، ئاندىن كېيىن ئۆيىدە
ئىشلەپمۇ قولىدىن چىقىرىپ بولالمىغان
ئىشلىرىنى قىلىشقا كىرىشەتتى. ئۇنىڭ ئىش
ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاتقان ھالىتىگە قاراپ،
مېيىپ ئىكەنلىكىگە ھېچكىمنىڭمۇ ئىشەنگۈسى
كەلمەيتتى. بۇغداي ئۆڭلۈك خۇش خۇي
چىرايى، قاپقارا قويۇق قاشلىرى، چوڭ-چوڭ
نۇرلۇق كۆزلىرى، كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ
تۇرغان قاۋۇل بىلەكلىرى ۋە ئېگىز، بەستلىك
گەۋدىسى ئۇنى ھەممە ئەزالىرى ساق،
بېجىرىم كىشىدەك كۆرسىتەتتى.

ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە
«ئوچتە ياخشى» ئوقۇغۇچىلىقنى قولدىن
بەرمەي ئوقۇپ كەلگەنىدى، تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن گەرچە
ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا
كىرەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ،
تەقدىرىگە، ياق، فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈك-
لۈكىگە تەن بېرىپ، ئىمتىھانغا قاتنىشىشتىن
ۋاز كېچىشكە، مۇشۇ ھۈنەر-ئوقەت بىلەن
شۇغۇللىنىشقا نىيەت باغلىغانىدى. ئۇنىڭ
ئوڭ پۇتىنىڭ ئوشۇقىنىڭ تۆۋەن تەرىپى
مايماق ۋە كەمتۈك ئىدى، ئۇ پۇتىنىڭ قىرى
بىلەن دەسسەپ يول ماڭاتتى.

كەسپداشلىرىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ خىرىدارلىرى روشەن كۆپ ئىدى. ئۇ ھەر بىر ئىش تۇرىدە يەنىلا بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرىكى باھا بويىچە، يەنى ھازىر كەسپداشلىرى ئېلىۋاتقان ھەقنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ چاغدا بىر پار بەتىنكىگە كالتە چەم قويۇش ھەققى ئىككى يۈەن ئىدى، ھازىر تۆت يۈەنگە چىقتى. دوستلىرى مال باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆسۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، مۇناسىپ باھا بويىچە ھەق ئېلىشقا دەۋەت قىلغاندا، ئۇ «ئۇغۇ شۇنداق، ئادەمگە پۇل بولمىسمۇ بولمايدۇ، ئەمما مال باھاسى ئۆستى دەپ، ئىنسانىي قىممىتىنى خار قىلىپ، پۇلغا تېگىشمەيمەن» دەيتتى.

ئۇنىڭ كەسپى تازا ئېقىۋاتقاندا، خىرىدارلىرى ئازىيىپ كېتىۋاتقان كەسپداشلىرى چىداپ تۇرالمىدى. بىر كۈنى ئۇلار مۇيدىن ئىسىملىك بىرىنى ئۆزلىرىگە ۋەكالەتەن سۆزلىشىپ كېلىشكە كۆندۈردى.

— ھەي، سەن ئوقەت قىلىۋاتامسەن ياكى بىزنى مازاق قىلىۋاتامسەن؟ — دېدى مۇيدىن بوم ئاۋازى بىلەن ھۆركىرەپ.

— ئوقەت قىلىۋاتىمەن، — ئۇ تۇزلا جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق بولسا بىز قانچىلىك ھەق ئالساق، سەنمۇ شۇنچىلىك ھەق ئالسەن.

— قانچىلىك ھەق ئېلىش ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى.

— ئەمسە بۇ يەردىن كەت!

— ماڭا قارىغىنا مۇيدىناكا، رەھمەتلىك ئاتاڭ شۇنداق ئېسىل ئادەم ئىدى، سەن ئۇنى دورىمايسەن جۇمۇ. مېنى بۇ يەردىن قوغلىۋېتىپ قانچىلىك پايدا ئالارسەن؟

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي! سىڭلىمنى ئېلىشقا ئەلچى كىرگۈزمەكچى بولۇۋاتقىنىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسىنا؟ بۇ يەردىن كەتمەي تۇرۇپ ئەلچى كىرگۈزگۈچى بولما! ئۇقتۇڭمۇ؟

— نېمە دېسەڭ دەۋەر ئاكا، مەن بۇ يەردىن كەتمەيمەن.

— كەتمىسەڭ، ئەمسە ھېلى بىكا...— مۇيدىن ياۋا كۆچكە تولغان بازغاندەك مۇشتىنى كۆتۈردى.

— مۇيدىناكا، مېنى ئۇرامسىنا؟ بىلىپ قوي، بىر مۇشت تەگكۈزۈپ قويۇپ قۇتۇلالمايسەن، مېنى، مېنىڭدەكلەرنى قوغدايدىغان مەخسۇس قانۇن بار جۇمۇ. ئېيتىپ باقە، سىلەرنى قوغدايدىغان مەخسۇس قانۇن بارمۇ؟

شۇنىڭدىن كېيىن قوشنا كەسپداشلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش باھا بويىچە ھەق ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ چاغدا ئۇمۇ بوش كەلمىدى، «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۆچۈڭنى خار قىل» دېگەندەك، ئۇ ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭى-يېڭى ئىشلارنى قىلغىلى تۇردى. خىرىدارلارنىڭ ياماتقۇزغىلى ئەپكەلگەن ئاياغلىرىنى ياماپ بولۇپ، لاتا بىلەن پاكىز سۈرتۈپ، مايلاپ، چوخىيلەرنى ياماپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ پاكىز يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ ئېلىپ كېلىپ بېرىدىغان بولدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ خىرىدارلىرى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كەتتى.

بۇ كۈنلەردە قوشنا كەسپداشلىرىنىڭ ئالدى يەنە چۆلدەرەپ قالدى. مۇيدىن يەنە كېلىپ چالۋاقاپ ئاغزىنى بۇزدى:

— ھەي مايماق! سەن خەقنىڭ

ئەسكى، سېسىق چۈخەيلىرىنىمۇ يۈيۈپ بېرىپ، بىزنىڭ ئىززەت-ئابرويىمىزنى يەرگە ئۇردۇڭ! ھەي نومۇس قىلمايدىغان مايماق! سەن ھۈنەرۋەنمۇ ياكى خەقنىڭ قۇلىمۇ؟

— مۆيدىناڭكا، ئويلاپراق گەپ قىل، كاللاڭ جايىدىمۇ؟ «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمىنى» دېگەندەك، مەن بىلەن قېرىشىپلا قالدىڭلارغۇ! ئۆزۈڭلار-دىن كۆرۈڭلار.

— ئەجەب گەپچى بولۇپ كېتىپسەنغۇ مايماق! بىر ئېغىز گەپ: بۇ يەردىن كېتەمسەن، كەتمەمسەن؟

— كەتمەيمەن.

— ياخشى! ئەمدى نوخلاڭنى ئېلىپ قويىدىغان ۋاقت كەپتۇ دېگىنە!

مۆيدىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى-دە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئېتىلىپ كېلىپ، توپاقتەك گەۋدىسى بىلەن ئۇنى بېسىۋالدى ۋە ياۋا كۈچكە تولغان بازغاندەك مۇشتلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە ئۇردى. ئۇنىڭ بۇرۇن-لىرىدىن ئۇقتەك قان كەتتى، يۈز-كۆزلىرىدە خۇددى كەچكۈز ھەرىلىرى چېقىۋالغاندەك ھۆررەك-ھۆررەك ئىششىقلار پەيدا بولدى.

شۇ ئەسنادا ساقچىلار يېتىپ كەلدى. مۆيدىنغا تۆت يۈز يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش ئورنىغا ئېلىپ كەتتى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن قوشنا كەسپداشلى-رى نائىلاج ئۇنىڭ ھەر بىر ئىش-ھەرىكىتىنى دوراشقا باشلىدى.

ئاردىن تويتوغرا سەككىز ئاي ۋاقت ئۆتتى. كۈتۈلمىگەندە مۆيدىن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئوپېراتسىيە قىلدۇرمىسا بولمايتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى مىڭ يۈەن پۇلنى دوختۇرخانىغا ئالدىن تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. گەرچە بار پۇلىنى يىغىپ ۋە ئۆتنە-يېرىم ئېلىپ بىر يېرىم مىڭ يۈەن پۇلنى ھازىرلىغان بولسىمۇ لېكىن بەش يۈز يۈەنگە ئامال قىلالمىغانىدى.

ئۇ دەل شۇ كۈنلەردە مۆيدىنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى ۋە تويتوغرا مىڭ يۈەن پۇلنى مۆيدىنىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— مۆيدىناڭكا، بۇ مېنىڭ سىزگە ئاتىغىنىم، ياردىمىم، خاتىرجەم داۋالىنىڭ، — دېدى.

مۆيدىنىنىڭ كۆز چاناقلىرى ھاياجان ياشلىرى بىلەن لىققىدە تولدى. ھايال ئۆتمەي مۆيدىن بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى:

— ئۇكام، سىزنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىز-نى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن...

— بولدى، ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، بۇ گەپلەرنى قىلماڭ، جان بولسىلا پۇلنى تاپقىلى بولىدۇ.

— ئۇكام، رەھمەت سىزگە، — مۆيدىن بىردەم ئىچىنى تىڭشاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بولدى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، مەن ساقايغان-دىن كېيىن تويىڭىزنى ئۆز قولۇم بىلەن قىلىپ قويىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ.

— مەن كىم بىلەن توي قىلىمەن؟ — ئۇ سىناش نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

— سىڭلىمنى ياخشى كۆرەتتىڭىزغۇ.

ئۇ خۇشاللىقىدا سەبىي بالىدەك كۈلۈپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمۇھەممەت جۇمە

www.uyghurkitap.com

جاپپار قاسىم

# غايىب بولغان يازغۇچى

(ھېكايە)

بىر چاغلاردا، ئۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان يازغۇچى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قايسىبىر مىللىي قەھرىمان ھەققىدە يازغان پوۋېستى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كىتابخانلار ئارىسىدا بىر مەھەل غۇلغۇلا قوزغىغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. كېيىن نېمە بولدى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىمۇ، ئۆزىمۇ قۇدۇققا چۈشكەن يىڭنىدەك يوقاپ كەتكەنىدى.

ئارىدىن ئالتە-يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. بار-يوقى بىرلا سۇ چىچىش ماشىنىسى بار بۇ ئالقانچىلىك شەھەردە ئۇ ھەقتە بەزى سۆز-چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان بولسامۇ، ئۆزىنى كۆرۈش زادىلا نېسىپ بولمىدى، بىر كۈنى كەچقۇرۇن خىزمەتتىن چۈشەي دەپ تۇراتتىم، خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا نەچچە يىل كۆرمىگەن ھېلىقى يازغۇچى ئىشخانامدا پەيدا بولدى، ئۇ ئۇبدانلا كەيپ ئىدى. ئىككىمىز قىزغىن كۆرۈشتۇق.

— ياسىنكا، — دېدى ئۇ بوراندا قالغان دەرەختەك ئىككى يېنىغا ئىرغاڭشىپ ھەم تىنىمسىز تۈكۈرۈپ تۇرۇپ، — ھۆكۈمەت، يەپ-ئىچمەكلەر، دەۋاتىدۇ، ئەمما بىز يەپ-ئىچتۇق، تۇفي... يۇرۇڭ، مەن سىزنى تەكلىپ قىلىپ كەلدىم، ئاشخانىدىكىلەر سىزنى تونۇيدىكەن، ئىشخانىڭىزنى كۆرسىتىپ قويدى، تۇفي... چىقمىسىڭىز رەنجىيمەن، راست، چوڭ بىر رومان يازدىم... يېزىۋاتىمەن، سۆزلەپ بېرىمەن، تۇفي...

مەن ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ ئۆيدە مېھمىنىم بارلىقىنى ئېيتىپ، قايتا-قايتا ئۆزرىخاھلىق قىلدىم. كەينىڭ بەغەرەزلىك باسقۇچىغا ئۆتۈپ بولغان بۇ يازغۇچى گەپ يەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— بولمايدۇ، — دېدى ئۇ كاستۇمۇمنىڭ پېشىدىن يۇلاپ مەھكەم تۇتۇپ كەسكىن تەلەپپۇزدا، — سىز بىلەن كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئالتە-يەتتە يىل بولدى. مەن سىزنى مېھمان قىلىمەن،... مانا پۇل، تۇفي...

كىچىكىمىزدە چوڭلاردىن «ساراڭغا سوت يوق» دەپ ئاڭلايدىغان، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ساراڭلارنىڭ ئورنىنى مەستلەر بېسىپ «مەستكە سوت يوق» بولۇپ

قالغان ئوخشايدۇ. مەن قانچە باھانە-سەۋەب كۆرسىتىپمۇ ئۇنى قايىل قىلالمىدىم-دە، ئاخىر بوپتۇ دېدىم-دە، ياۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم، ئۇ مېنى ئاشخانىغا ئەمەس، كىچىك بىر دۇكانغا باشلاپ كىردى. دۇكاننىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىچىك ئۈستەل، تۆت ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىدە قۇرۇقدالغان ھەر خىل بوتۇلكىلار تۇراتتى. كۆزلىرى ئېلىشىپ، تىللىرى كالۋالىشىپ كەتكەن ئىككىيلەن بىر رومكا ھاراقنى بىر-بىرىگە تۇتۇشۇپ، كۆڭۈل ئىزھار قىلىشماقتا ئىدى.

بۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم غەش بولدى، بۇنداق سورۇندا ئولتۇرغىنىمنى تونۇش-بىلىشلەر كۆرسە نېمە دەر؟! — مەن كۆڭلۈم قالغان ھالدا ھېلىقى ئىككى مەست بىلەن كۆرۈشۈپ، قاتاردىن ئورۇن ئالدىم. يازغۇچى مېنى ھەقەمسايىلىرىگە تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— بۇ، ياسىنكام... تىلشۇناس، تۆفي... نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكەت ئىچى-سىرتىدا تۆفي...

يازغۇچىنىڭ گېپى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— قۇرۇق گەپنى قويۇپ ھارىقىڭىزنى قۇيۇڭا! — ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سېمىزرەك بىرى قولىنى سىلكىدى. ئۇلار ئىككىسى مېنىڭ كىملىكىمگە قىلچىمۇ قىزىقمىدى. دېمىسىمۇ بۇنداق سورۇندا كىم بىلەن كىمنىڭ كارى. ھېلىغۇ مەن تىلشۇناس ئىكەنمەن، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە دۇنيانىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغان ئۇلۇغ داھىي ياكى ئالىم، كەشپىياتچى بولسامۇ، بۇ ئىككى مەستنىڭ نەزەرىدە بەرىبىر، بىر تىيىن-دە. جاھاننى تىترەتكەن چىڭگىزخان، گىتلېرلار كەلسىمۇ ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشى مۇشۇ، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغىنى، تونۇيدىغىنى، ھۆرمەت قىلىدىغىنى ھاراق، خالاس.

ئەپسۇس، مېنىڭ تەلىيىمگە قويغۇدەك ھاراقمۇ قالمىغانىدى. يازغۇچى ھېلىقىلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى بىر رومكا ھاراقنى ئېلىپ ئالدىمغا قويدى. مەن نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولۇپ ھېلىقى ھاراقنى يازغۇچىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويۇپ، دۇكانچىغا پۇل ئۇزاتتىم. ھاراق، پىۋا، تۇخۇم، خاسىڭ، پۇرچاق قاتارلىقلار جوزىغا تىزىلدى. يازغۇچى بايىقى ھاراقنى باشقا، مېنىڭ قولۇمدىن بىر رومكا ئىچتى-دە، تۇكۇرگىچىلىكمۇ قالماي، ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. ھېلىقى ئىككىسىنىڭ مەن بىلەن پەرۋايى پەلەكىۇ، لېكىن مەن قويغان ھاراقنى «كەمستىپ» ئىچىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېرە سودىسى ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلار قايسىبىر «قويمىچى»نى ئاغزىنى بۇزۇپ تورۇپ تىللاشتى. شۇ تۇرقىدا، ئۇلار خۇددى بومبا ئىدى، تېگىپلا كەتسەك پارتلايتتى. راستىنى ئېيتقاندا، مەن بۇ يېڭىياچى ئۇلپەتلەر بىلەن چىشىمنى چىشلەپ، چوغ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك چىداپ ئولتۇراتتىم. شۇ غەزەپ، بىئاراملىقتا، ھاراق ۋە باشقا ئىچىملىكلەرنى ئىككى ئايلاندۇرۇپلا تۈگەتتىم-دە، ئورنۇمدىن تۇردۇم:

— ئىشىم بار ئىدى، مەن قايتاي، — دېدىم.

— يا، ياق، بىزمۇ ھە، ھەم شۇ... بىللە چىقايلى، — ھېلىقى سېمىزرەك ئۇلپەت

ئۇرنىدىن تۇرۇپ خورەككە چۈشكەن يازغۇچىنى يۇلقۇپ ئويغاتتى، — هوي، قوپەۋاي لاتا، ئەمدىكى ئۇيقۇڭنى ئۆيۈڭگە بېرىپ ئۇخلا!

مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بېرىپ، قەدىمىنى توختاتتىم. ھېلىقى ئىككىيلەن يازغۇچىنى قولتۇقلاپ دەرھال قوزغالدى.

— سىلەر تېخى پۇل تۆلىمىدىڭلار، — دېدى دۇكانچى ئايال ئۇلارغا، — جەمئىي يىگىرمە بەش سوم.

— مەندە پۇل يوق، تۇفىي! — دېدى يازغۇچى بېشىنى گىلدىڭلاتقان ھالدا ئىككى ئاغىنىسىنىڭ بويىنىغا مەھكەم ئېسىلىپ، — سەنلەر بېرىش، تۇفىي.

— با، بايا ما، ماۋۇ بە، بەردىڭغۇ؟! — دېدى پاكار، ۋىجىك ئۆلپىتىم مېنى جونۇپ تۇرۇپ.

— ئۇياق، ئۆزى ئالغان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى تۆلىدى. ئەمدى سىلەر ئىچكەن ھاراقنىڭ پۇلىنىمۇ تۆلىسە بولامتى؟!

— خەپ، پۇلۇم ئۆيدە قاپتۇ، — دېدى ھېلىقى سېمىز.

— سالاھىيەت كىنىشكاڭلارنى قويۇپ قويۇپ، پۇلنى ئەتە ئەكىلىپ بەرسەڭلار بولىدۇ، — دېدى دۇكانچى سەمىمىي ھالدا، — سىلەر بۇ يەرگە خېلى تونۇشقۇ؟!

— ياسىنكا، سەن بېرىۋەتكىنە، — دېدى ھېلىقى يازغۇچى ماڭا بۇيرۇق قىلغاندەك، — يېقىندا مېنىڭ رومانىم چىقىدۇ، مەن سېنى مېھمان قىلىمەن... تۇفىي...

ئۇلار دۇكانچىغا مېنى كۆرسىتىپ قويدى-دە، بەخىرامان ھالدا دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

— نومۇسسىز مۇتتەھەملەر! — ئايال دۇكانچى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن دادلىدى، — پۇلۇڭ بولمىغاندىكىن ئېشەكنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچىشسەڭچۇ!

مەن غەزەپ، نومۇس ئىچىدە يانچۇقىمغا قايتا قول سالدىم. تالاغا چىققىنىمدا، يازغۇچىمۇ، ھېلىقى ئۇلپەتلىرىمۇ ئاللىقاياققا غايىب بولغانىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

(بېشى 152-بەتتە)

بىزنىڭ شېئىرلىرىمىزنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن تولغان ھېسسىيات، ئېگىلمەيدىغان ۋە يېڭىلمەيدىغان غەيرەت-ئىرادە، جۇشقۇن روھ ۋە غۇرۇر بىلەن جاراڭلاپ، ئۆز كىتابخانلىرىغا يېڭى روھ، يېڭى قان ئاتا قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بىزنىڭ شېئىرلىرىمىز تېما جەھەتتىن خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك رەڭدار بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېستېتىك تەلىپىگە ماسلىشىشى لازىم. نوقۇل قىز-يىگىتلەر مۇھەببىتىدىكى ئاھ، لەۋلىرىڭ گويا يالقۇن — ئوت، ھەر سۆيگەندە بولدۇم كۆيۈپ كۆل» دەيدىغان ئادەتتىكى پىكىرلەرنى تېزىشقىلا بېرىلىپ كەتمەسلىك لازىم. خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ، ئەل-يۇرتىمىزنىڭ ئارزۇ-ئارمان، ئوي-خىياللىرىنى چۈشىنىپ، خەلق كۆتۈۋاتقان تېمىلاردا كۆپرەك يېزىش ھەربىر يازغۇچى ۋە شائىرنىڭ ۋىجدان ۋەزىپىسى.

مىللەت ۋە شېئىرىيىتىمىزنىڭ غېمىنى ئويلاپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، شۆھرەت تەمەسىدە بولماي، ھالال ۋە جاپالىق ئەمگىكىمىز بىلەن ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنى مەملىكەت ۋە خەلقئارا سەۋىيىگە يەتكۈزۈش يولىدا ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتەيلى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئىدرىس روسۇل تەمكىن

# ئىككىنچى يوقىتىش

## ئىزدەش

تۇغۇلدۇ يېڭى سايىلەر،
تۇغۇلدۇ كۈندە بەخت ھەم.
پۈرەكلىگەن لىرىكىلاردىن
باشلىنىدۇ تەمكىن بىر قەدەم.

ئوخشىمايدۇ بۈگۈنكى ئۆتمۈش
ئەتىدىكى يېڭى قۇياشقا.
ئوخشىمايدۇ كۆمۈلگەن ئىزلار
بەخت ھېلى تۇغقان كۆز ياشقا.

ئوخشىمايدۇ بۈگۈنكى چاۋاك
قوش ئاۋازلىق ناخشا كۈيىگە.
بۇ دېگەن بىر تۆرەلمە بەخت،
گۈل قونىدۇ ئەتە گۈلىگە.

تەۋە بولماي قالارمەن بەلكى
ئەتىدىكى ئۆزگە ئاۋازغا.
بۈگۈنكى شۇ سۈرلۈك سىرىق چۈش
ھامىلداردۇر يېڭى پەرۋازغا.

## دېھقان، يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر

كەلگۈسىدىن كەلمەكتە بىر چال
تاغىرىغا قاچىلاپ ئەسىر.
سىلجىماقتا ئاستا، بەك ئاستا
ھەر ئىزىدا ئۆزگىچە بىر سىر.

كەلگۈسىدىن كەلمەكتە بىر چال،
دېھقاندۇر ئۇ ياكى پەرىشتە.
ئۆز قەۋمىگە تىلىدى ئەقىل
ئۇ ئېھتىمال تۇرۇپ ئەرىشتە.

كەلگۈسىدىن كەلمەكتە بىر چال
تۇلۇمىغا لىق قاچىلاپ سۇ.
نەۋرىسىگە ئەپكەلدى چوقۇم
تەگرى بەرگەن نېسىۋىنى ئۇ.

كەلگۈسىدىن كەلمەكتە بىر چال،
قۇرئاندىكى ئۇلۇغ سۈرىدەك.
سۆزلەپ كېلەر راۋان بىر تىلدا
خۇشال بولۇپ ئەل-يۇرت كۈلگىدەك.

uyghurkitap.com


پۇشقاق تۇرۇپ كەلمەكتە بىر چال،
كەتمىنىمۇ تېخى دولىدا.
كۇلۇپكىنە ئۆرۈلەر ئەسىر
ئۇنىڭ قاداق باسقان قولىدا.

## كەل، بۇ يەرگە

بارخانلارنىڭ كۆچمەن ناخشىسى
توشۇپ يۇرگەن ئاچچىق بىر ئۇدۇم
بوپ قالىدۇ ئەتىگە تارىخ.

بىز كۇلىمىز بۇگۇن قەھ ئۇرۇپ،
كەچكۇزدىكى ياپراق ئۇنىدە.
بارخان لېۋى كېتەر سويۇلۇپ
كولدۇرمىنىڭ ئىزگۇ كۇيىدە.

تۇنۇگۇنكى كارۋان ئىزىدىن
ئۇچار ئەمدى «ۋولگا»، مىنىبۇس.
چېچەك-چېچەك قۇملار قوينىغا
ئۇۋا سالدى بۇگۇن قىقنۇس.

كەل بۇ يەرگە ناخشا چولپىنى،
يۇرتۇڭغا بۇ سەھرامۇ ئوخشاش.
شاگىرتلىققا ئېلىۋال مېنى،
يىلتىزىمىز ئىكەنغۇ تۇتاش.

كېلىپ قالسا بۇ يەرگە ئەتە
شەھەردىكى ستۇدېنت قىزچاق.
كالېندارغا قويىدۇ بەلگە:
كەلمەيتمەن ئەجەب بۇرۇنراق.

دېھقان، سۇ، يەر، پەرىشتىدەك چال
ئەتە سورار چۇشىگە تەبىر.
چېھرىلەردە تۇنەپ قالار بال
مېۋە بەرگەچ سىگدۇرگەن ئەجىر.

## لەۋلەر ئارا شۇنداق بىر يول بار

لەۋلەر ئارا شۇنداق بىر يول بار،
ئۆتەگلىرى بىر سىر-مۇئەمما.
بوۋام ماڭغان، بىز ماگدۇق، ئەتە...
يۇرەلمەيسەن بەدەلسىز ئەمما.

لەۋلەر ئارا شۇنداق بىر يول بار،
بېكەتلەردە كۇتكۇچى شەيتان.
دوقمۇشلاردا ئۇششۇق تىلەمچى
ھەر قەدەمدە سوراپ يۇرەر جان.

لەۋلەر ئارا شۇنداق بىر يول بار،
كارۋىنى كۆپ ئەسىرلەر بېرى.
تونجى ئىزى ئادەم، ھاۋانىڭ
باشلاپ ماڭغان ھەممە-ھەممىنى.

لەۋلەر ئارا شۇنداق بىر يول بار،
ئۇزۇلمەيدۇ كارۋان ئەبەدىي.
جەننەت، ۋەيلۇن ھەممە بار ئۇندا
ئۇيۇپ قالغان سانسىزلار قېنى.

لەۋلەر ئار شۇنداق بىر يول بار
ئۇزۇلمەيدۇ كارۋان ئەبەدىي...

## بىرلا قېتىم راست سۆزلىگىنە

باياۋاندەك كۇتۇشلىرىمنى
پايخان قىلىپ ئۆتتىڭغۇ دەسسەپ.
دەپ باققىنا ئۇھسىنىش، كۆيۇش
قايسىمىزدا بولغانتى دەسلەپ.

سىرلارغا لىق قاراشلىرىڭنى
قويغىنىمدا قەلبىمگە باشلاپ.
خالىغانىچە قىلىپ تاماشا
بەك تاسادىپ كەتتىڭغو تاشلاپ.

تېپىۋالدىڭ باشقا بىر يۈرەك
پۇلغا بەكمۇ يېقىن بىر جايدىن.
بىھاجە تكەن سېنىڭدىن رەنجىش،
پۈتكەن تۇرساق ئەسلى بىز لايدىن.

« ئۇ بىچارە تونەپ يولۇمدا »
ئاشۇ گېپىڭ چىنمۇ دېگىنە ؟
قايسىمىزدىن ئۆتتى سەۋەنلىك
بىرلا قېتىم راست سۆزلىگىنە ؟!

ئۆمەرجان سىدىق

## باغرىمغا يېقىلغىن سۆيۈملۈك لالەم

مېھىر ئالەمدە يېگانە كۈيسەن،
ئاشىق يۈرىكىمگە بەرگەنتىڭ مېھىر.
باغرىڭ قەلبىم ئۈچۈن سۆيۈملۈك ۋەتەن،
بويۇڭدا مۇجەسسەم ئۆزگىچە سېھىر.

ھايات تەكرارلىنار سۆيگۈدە پىنھان،
ئىشق سەۋداسىدىن تىترەيدۇ يۈرەك.
ئۆتەر ۋەسلىڭ ئىزدەپ كۈنۈم دەرگۇمان،
ھېسسىم ھىجرىڭ ئارا ئۆتكۈزەر كۆرەك.

روھىڭ سەير ئېتەر تۈنلەردە رەت-رەت،
خىلۋەت ماكانىمغا شادلىق بېغىشلاپ.
ئوتلۇق سۆيۈشۈڭنى ئىزدەيمەن پەقەت،
بۇلاق كۆزلىرىڭگە تەلمۈرۈپ قاراپ.

گۈزەل قامىتىڭگە كەتمەيدۇ تەسۋىر،
بىغۇبار غۇنچە سەن شۇنچىلىك ئۇماق.
لېكىن مۇھەببىتىڭ بولۇپ ماڭا سىر،
ۋىسالدىن، سۆيۈشتىن قىلماقتا يىراق.

ئۈمىد گىرەلەشكەن تاتلىق مۇھەببەت
جۇپ يۈرەك ئۈستىدە يۈرمەكتە لەيلەپ.
بىر سېنى سۆيىمەن ئەزىزىم ئەبەد،
سەبىي ئەقىدەڭنى دىلغا جا ئەيلەپ.

لالىرەڭ شارابتا تىترەيدۇ ئالەم،
كەل سۆيگۈ بەختىڭ پەيزىنى قۇچۇپ.
باغرىمغا يېقىلغىن سۆيۈملۈك لالەم،
ھاياجان ئىلكىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ.

مۇھەممەت كامال

## ياپراقتىكى شەبنەم جۇلاسى

### قېنىم شېئىر، جېنىم شېئىر

قېنىم شېئىر، جېنىم شېئىر، شېئىرلا
مېنى تۇغقان مېھرى ئىسسىق جان ئانام.
شېئىر دېسەم تۇغۇلدۇ قايتىدىن
باقىي دۇنيا يۇتۇپ كەتكەن جان دادام.

قىنىم شىئىر، جېنىم شىئىر، شىئىرلا
ھاياتىمدا ئەڭ مۇقەددەس بايلىقىم.
شىئىر بىلەن ئايان بولۇر ئالەمگە
چولپان، قۇياش ياكى تولۇن ئايلىقىم.

قىنىم شىئىر، جېنىم شىئىر، شىئىرلا
مېنى سۆيگەن ئەڭ ۋاپادار ئاشىقىم.
شىئىر دېسەم قايتىپ كېلەر ئەسلىگە،
كالېنداردىن غايىب بولغان ياشلىقىم.

## ئايدىڭ لىرىكىسى

كۆمۈش نۇردىن ئارتىپ پەرەنجە،
سۇنايلىنىپ ئۈگدەر ئورمان.
جامالىنى ئىزدەپ تولۇنئاي
دەريا بويلاپ كېلەر بىدەرمان.

ياپراقتىكى شەبنەم جۇلاسى
گۈلدىن بوياق تالاشماس بۇدەم.
مۇزىكىسى چېكەتكىلەرنىڭ
كۆڭۈللەردىن ھەيدەيدۇ ئەلەم.

نۇرغا شۇڭغۇپ ئۇماق يۇلتۇزلار
پەر ياستۇقتىن بەخت تاپىدۇ.
قىيا بويلاپ كەلگەن زۇمرەت سۇ
داللىلارغا تۇلپار چاپىدۇ.

ئۈنى ئۆچكەن ئالا بويناقنىڭ،
چۆشەپ داڭگال مەستخۇشتۇر خوراز.
بىراق سۈكۈت باسقان جاھاننىڭ
جىملىقىنى بۇزار بىر ئاۋاز...

## دوقمۇش

كوچىلارنىڭ قاڭشىرى ئۆزۈڭ،
يولنى يولغا ئۇتاشتۇرسەن.
ئۆتكۈرلۈكتە بۈركۈتتۇر كۆزۈڭ،
قەلبلەرنى ئۇچراشتۇرسەن.

كارۋانلارغا قونالغۇڭ تەييار،
تېنەپ قالماس سەندە ھېچ ئادەم.
تۈنلىرىڭنى يۇلتۇز يورۇتار،
قوينۇڭ كىچىك گۈزەل بىر ئالەم.

مەركىزىڭدە تۇرسام مەن ساقلاپ،
ئۇ كوچىدىن گۈل ھىدى كېلەر.
ماڭا بەرگەن ۋەدىنى ئاقلاپ
بۇ كوچىدىن يار ئۆزى كېلەر.

مۇرات ناسىر

# شاراب غەۋغالىرى

ئىچمەن پىغاندا سىنى ئەي ھاراق،
قىلسىمۇ مەيلىغۇ مەھشەردە سوراق.
ھارام يەپ ئۆلگەنلەر شۇنچە جىق تۇرسا،
ئۆلەردىن ئاشارمۇ بىزلەرگە دوزاخ.

* *

مەن شۇنداق ئاۋارە، ئاجىز بىر يېتىم،
ئىچمەن شارابنى كۈندە ئۈچ قېتىم.
ئاڭلىسام مەھشەردە يوق ئىكەن شاراب،
بارارمەن مەھشەرگە مەست بولغان پېتىم.

* *

يار بىلەن مەي ئىچىش بۈيۈك ئارمانىم،
مەي توشۇپ ھارمىسا دەيمەن كارۋانىم.
خەبەردار — پادىشاھ، شۇڭا ئەي ساقىي،
توختىماي مەي توشۇ، شۇدۇر پەرمانىم.

* *

مەي ئىچسەم مەستلىكتە جاھىل بولۇرمەن.
كۆپ ئىچىش نادانلىق، قايىل بولۇرمەن.
ۋە لېكىن مەيسىز كۈن ئۆتكۈزمەي دېسەم،
قانداقمۇ دوستلارغا مايىل بولۇرمەن.

* *

مەيخوردىن يىراق بول، چۈشمە تۇزاققا،
مەينى دەپ ئۇ سېنى باشلار دوزاخقا.
شارابنى ئۆمرۈڭگە گەر قىلساڭ ئۈلپەت،
ساقلىقىڭ بارمايدۇ ھەرگىز ئۇزاققا.

* *

ئىچمەن شارابنى ھەييامنى ئەسلەپ،
يايرىغان تېنىممۇ ئىچكەندە دەسلەپ.
كۈنى تۈن ئادەت قىپ ئىچكەچكە مەينى،
بارماقتا ئىناۋەت-ئابرويۇم پەسلەپ.

* *

قاۋاقتا كۆپتۇر دوست ھەممە ئۈلپىتىم،
مەي بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتەر سۆھبىتىم.
ۋە لېكىن شارابنىڭ نەتىجە شۇكى،
خۇشلۇقتىن مىڭ ھەسسە كۆپتۇر كۈلپىتىم.

* *

قېرىماس ۋىجدانلىق ياشىغان ئادەم،
زەررىچە ئىللەتنى تاشلىغان ئادەم.
ھۆرمەتكە سازاۋەر بولار ئەل ئارا
نادانى بەختكە باشلىغان ئادەم.

* *

سىنالغان دوستۇڭنىڭ ئىززىتىنى قىل،
بېشىغا كۈن چۈشسە خىزمىتىنى قىل.
دوستلۇقنىڭ شەرتىدۇر كەڭ قورساق بولۇش،
بولمىغىن ھەرگىزمۇ ئىچى تار بېخىل.

* *

مەي ئىچىپ جاھاندىن خۇشال ئۆتىمىز،
ئەزرائىل كەلسىمۇ شاراب تۇتىمىز.
ئاڭلىسام پېلىسرات كۆۋرۈكى يامان،
مەست بولساق ئۇنىڭدىن قورقماي ئۆتىمىز.

**تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم يىلتىز**

# پاشا، شىر ۋە ئىت

ئورماندا ياتاتتى باتۇر شىر خۇشال،
بۇرنىغا بىر پاشا كىردى تېز شۇئان.
ئۇستى شىر دەرەختكە، بولماي ھېچ ئامال،
يىقىلدى ئايلىنىپ، ئېغىز-بۇرنى قان...

بىر لالما ئىت كەلدى ئۆتمەستىن ھايال،
ئۇ ئىتنىڭ ئاغزىدا چوڭ شىر بەردى جان...
بىزدە بار بىر ھېكمەت، سېلىپ قوي قۇلاق:
يارار قاڭشارنى،
بۇرادەر، سەن كۆزگە ئىلمىغان چوماق!

ئۆمەرجان شاۋۇدۇن

# ئۈچ غەزەل

1

كېلىپ نورۇز چېچەك پۈركۈپ گۈزەل كۆكلەم چىراي ئاچتى،
باھار بىرلە ئانا تۇپراق يېقىپ لەۋ چىك قۇچاقلاشتى.
جاھاننىڭ شام-چىراغى زەر قۇياشمۇ بوپ ئاڭا مەپتۇن،
نورۇزغا ئەڭ ئېسىل سوۋغات ئاتاپ گۈل چاچقۇلار چاچتى.
زىمىستاندىن قورۇنغان تەن باھارنىڭ تەپتىدىن ئىللىپ،
چىرايلارغا يېڭىباشتىن خۇشاللىق كۈلكە ياماشتى.
ئەگىز سۈيى ئېقىپ شىر-شىر قاقاس ساي ۋە جىرالارغا،
بولۇپ ھاسىل ئېقىن-دەريا ئېدىر-قىرلارغا يامراشتى.
گۈزەل تاڭنىڭ ساباسى يەلپۈپ ئۆتكەن قانچە گۈلزارغا،
ئەقدە باغلىغان بۇلبۇل كېلىپ بەس-بەستە سايراشتى.
بۇ نورۇز پەيزىگە تولغان قەدەھنى تەڭ جاراڭلاتتۇق،
كۆڭۈللەر شادلىقى دەريا ياساپ ئۆركەشلىدى-تاشتى.

2

مەيلى باي، نامرات چېغىم بولمىدىم نەپسىمگە قۇل،
بەرسە شەيتان داپ چېلىپ يۈرمىدىم ئويناپ ئۇسسۇل.
كۆڭلى قىڭغىرلار مىنى پۇتلاش ئۈچۈن تەييار ھامان،
يەڭ ئىچىدە بەرسە سوۋغات قىلمىدىم ئەسلا قوبۇل.
پاك تۇغۇلدۇم پاك كېتىشنى كۆردى ۋىجدانىم راۋا،
بۇ ھايات قەسرىگە زەر خىش بىلەن قويماقتا ئۇل.
دوستقا مەيدەمنى كېرىپ يۈرمىدىم يولدىن ئېزىپ،
بىر ئۆمۈر ئۇڭدا يېتىپ خەجلەشكە كۆپ تاپساممۇ پۇل.

دىلدىكى مەقسەت-مۇرادىم بولدۇ هاسىل مېنىڭ،
هەر تىنىقتىن سۆيگۈ چاچسام ئەل ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل.
پاكلىقىم هاياتقا مىزان، تاپمەن نۇرلۇق نىشان،
ماڭمەن مەنزىلىمىرى غالىب قەدەم تاشلاپ ئۇدۇل.
مېھنىتىمدىن سايە تاشلاپ بارچە دىلداشلارغا مەن،
بولمەن دوستقا سېخىي، ياۋغا بېخىل باتۇر ئوغۇل.

3

شاھ ئىدىم مەن قۇل بولاي خەلقىم ئۈچۈن،
ساتسا هەم نەق پۇل بولاي خەلقىم ئۈچۈن.
چاڭقىسا چۆلدە بولۇپ پۈتمەس بۇلاق،
توڭلىسا كەمزۇل بولاي خەلقىم ئۈچۈن.
سالسا خىشتىن يۈز قەۋەت ئالىي بىنا،
تەكتىگە چىڭ ئۇل بولاي خەلقىم ئۈچۈن.

تۆت پەسىل تىنمايلا شوخ سايرايدىغان
خۇش ناۋا بۇلبۇل بولاي خەلقىم ئۈچۈن.
مىسلىسىز خۇش ھىد چېچىپ ئالەمگە مەن،
تۇزۇماس بىر گۈل بولاي خەلقىم ئۈچۈن.
ئات قىلىپ مىندۇق سېنى تېز چاپ دېسە،
نەكى ئات، دۇلدۇل بولاي خەلقىم ئۈچۈن.

ئابلىمىت مىجىت ۋاپادار

# تەكپۇكلۇقتا ياشايدۇ جاهان

هەر سەهەر ئۈپۈق يېرىپ بالقىيدۇ كۈن،
يۇلتۇزلار تۈن قوينىدا چۆكەر مۇڭغا.
بۇ كەڭرى دۇنيانىڭمۇ باردۇر چېكى،
ئىشلىرىڭ تارتىۋەرمەس هەر كۈن ئوڭغا.

بەك سىرلىق ئىنسانلارنىڭ كۆزى دېگەن،
بار ئۇندا قۇياش، چولپان، نەيزە، قىلىچ.
بېسىلسا ياشلىقىڭنىڭ يولى خاتا،
يوق پەقەت تۈزەتكىلى ئامالمۇ هېچ.

بىلىدۇ زەر قەدرىنى زەرگەر پەقەت،
پەرقى يوق تونۇمساڭ زەرنىڭ تاشتىن.
تۇرمۇشتۇر ئەڭ مۇرەككەپ سىرلىق ئۆتكەل،
نى قىسمەت-كەچۈرمىشلەر ئۆتەر باشتىن.

كۆتۈرەر بىر يۇلۇپلا يەرنىمۇ دەس،
كەلگەندە ۋاقتى نۇرغا ئاشىق يۈرەك.
ئېھ هايات تۇرىۋەرمەس غۇنچە پېتى،
تۈزۈيدۇ هەممە نەرسە بىر كۈن گۈلدەك.

دەسلەپتە قەھ-قەھ ئۇرۇپ كۈلسە بىراۋ،
شەكسىزكى، ئاقىۋەتتە يىغلار يۇم-يۇم.
دەرد تارتقان ئۆمۈر بويى دەردلىك ئەمەس،
ئۇنىڭمۇ شادلىقى بار بىر كۈن چوقۇم.

هەر نەرسە تاپار ئاخىر ئۆز ئەسلىنى،
(بۇلبۇلمۇ كېلىپ قونار گۈل شېخىغا.)
ياشايدۇ تەكپۇكلۇقتا جاهان شۇنداق،
كۈلگەنلەر كۈلىۋەرمەس، باردۇر يىغا...

www.uyghurkitap.com



تۇرسۇن يۇسۇپ

# مرافقیه

( پوۋېست )

بۇگۇن بېك ۋەزىپىسنى ئۆتەۋاتقان ئەخمەتبېكنىڭ كەيپىياتى ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئىدى. ئۇ چۇشتىن بۇرۇن ئۆتكۇزۇلگەن پۇتبول مۇسابىقىسىدە ئاخىرقى چەك سىزىقىغا قويۇلغان توپنى بىر تېپىپلا قارشى تەرەپ ۋارىتاسىدىن كىرگۇزۇۋەتكىلى تاس قالدى. توپ قاتتىق ھەم بۇلۇڭ گرادۇسىمۇ توغرا تېپىلگەنىدى. پۇتنىڭ زەرب بىلەن تېگىشى بىلەنلا ھاۋاغا كۆتۇرۇلگەن توپ سېنتىردىن ئۆتۇپ، قارشى تەرەپ مەيدانىنىڭ ئۇن سەككىز مېتىرلىق رايونى ئەتراپىغا چۇشتى-دە، قاڭقىپ چىقىپ ۋارتا لەڭگىرىنىڭ بۇلۇڭىغا قۇيۇندەك ئۇچتى. بۇ چاغدا رەقىب بېكىنىڭ بىۋاستە ھۇجۇمىغا ئۇچرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرمەي بىخۇد ھالەتتە تۇرغان ۋارىتار جىددىيلىشىپ، ئۆزىنى ۋارىتا لەڭگىرىنىڭ بۇلۇڭىغا ئەسەبىيلەرچە ئاتتى. ۋارىتار ناھايىتى ماھىر تەنھەرىكەتچى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، توپ ۋارىتارغا كىرمىدى. لېكىن، قاتتىق كېلىۋاتقان توپ ۋارىتارنىڭ ئۇچقاندەك سەكرەپ چىقىپ توسقان چۆر قوللىرىنى قايرىپ ئۆتۇپ، لەڭگەر ياغاچتىن ھالقىپ ئۆتۇپ كەتتى. نەتىجىدە ئەخمەتبېك تەرەپنىڭ كورنى توپ ئۇرۇشىغا ھۆكۇم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ھەۋەس بىلەن مۇسابىقە كۆرۇۋاتقان پۇتبول مەستانىلىرى چۇقان-سۇرەن ئىچىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۆرە-تۆپە بولۇشۇپ كەتتى.

— ئەخمەتبېك، يارايسەن!

— ئەخمەتبېك! ...ئەزىمەت ئىكەنسەن!

قى-چۇۋ ئاۋازلار ھەر تەرەپتىن ياڭراپ، ئۇنىڭ شاۋقۇن-سۇرەنلىرى تاكى مۇسابىقە ئاخىرلاشقۇچە داۋاملاشتى.

بۇگۇنكى مۇسابىقىدە نەتىجە زور بولمىسىمۇ ئەخمەتبېك مەيداندىن روھلۇق ھالدا يېنىپ چىقتى. ئىمتىھاندىن كېيىن ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىناۋىتى ئۆسكەنگە ئوخشاش، ھەر قېتىملىق مۇسابىقىدىن كېيىن مەشغۇلاتى چۆر تەنھەرىكەتچىلەر تاماشىبىنلارنىڭ

ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولاتتى. بۈگۈنكى مەيداندىن تارىغان تاماشىبىنلار ئەخمەتبەكنى ئىما-ئىشارەت قىلىشىپ، ئۆزئارا بىر نېمىلەر دېيىشمەكتە، ئۇزايى ۋە سۆزلەشكەن ۋاقىتدىكى ھالەتلىرىدىن ئەخمەتبەككە چوقۇنۇش ئىپادىسى بىلىنمەكتە ئىدى. ئەخمەتبەك بولسا جەڭدىن غەلىبىلىك قايتقان كۈرەش قەھرىمانى پاراتتىن ئۆتكەندەك، كىشىلەر ئارىسىدا مەغرۇر قەدەم تاشلاپ مەيداننىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن چىقتى.

ئەخمەتبەك ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ خېلى ۋاقىتقىچە نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۆينىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈردى. ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال، ئۆزىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى. گەرچە مۇسابىقىدە قارشى تەرەپ بىلەن بىرگە قارشى بىر بىلەن تەڭلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەپكەن ھېلىقى بىر توپى پۈتۈن مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش قوزغىۋەتتى. پۇتبولچى ئۈچۈن بۇ يېتەرلىك شەرەپ ئىدى. شۇڭا، ئەخمەتبەك قانچىلىك خۇشاللانسىمۇ ھەقلىق ئىدى. ئەگەر ئۇ سەللا ھەرىكەت قىلسا، خۇشاللىقى نەچچە ھەسسە ئاشاتتى، ئالايلى، كەسىپداشلىرىنىڭ ياتىقىغا بارسا بۈگۈن ئەتىگەنكى مۇسابىقە ھەققىدە پاراڭ بولۇپ، ھەممە ئۇنى ماختىشىدۇ، ئايلىنىپ كېلەيچۇ دەپ كوچا-كويلارغا چىقسا، دوقمۇش-دوقمۇشتا پۇتبول مەستانىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى، ئۇلار ئۇنى قەھۋەخانا ياكى كاۋاپدانىڭ ئالدىدىلا بىر مۇنچە پۇل خەجلەپ مېھمان قىلىۋېتىشى، مەيداندا كۆرسەتكەن ماھارىتىنى ماختاپ، ئۇنى ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان پۇتبول مەبۇدىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن دوست-ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بارسا ئىش تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ. چۈشتىن ئىلگىرىكى مۇسابىقە ئەھۋالى كەچتە تېلېۋىزورنىڭ ھەر قايسى قانالىرىدا ئارقا-ئارقىدىن كۆرسىتىلىدۇ. ئەخمەتبەكنىڭ مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش قوزغىۋەتكەن كۆرۈنۈشى تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۆرۈنگەندە، ئۇنى كۆرگەنلەر ئۆيىگە كەلگەن مېھماننىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ جامائەتكە تونۇلغان پۇتبول چولپىنىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ-دە، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ، شۇئان داستىخان قايتىدىن سېلىنىشىمۇ، ئەخمەتبەكنى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق كۈتۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن. مانا شۇنداق قىلىپ ئۇ بۇ خۇشاللىقنىڭ پەيزىنى بىرنەچچە كۈنگىچە داۋاملاشتۇرالىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئەخمەتبەك ئۇنداق قىلمىدى، ئۇ بۇ خۇشاللىقنىڭ پەيزىنى ئايالى بىلەن بىرگە سۈرمەكچى بولدى.

ئەخمەتبەك تامدىكى كاككۇك سائەتكە قارىدى. سائەت ئون يېرىم بوپتۇ. ئايالىنىڭ چۈشلۈك دەم ئېلىشقا كېلىشىگە يەنە بىر يېرىم سائەت ۋاقىت بار، بۇ ئارىلىقتا ئۇ تاماق تەييارلاشقا تامامەن ئۈلگۈرىدۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئايالىنى كۆڭۈلدىكىدەك سۆيۈندۈرەلىشى ناتايىن ئىدى.

ئەخمەتبەك كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئايالى خىزمەتتىن چۈشكىچە تاماقنى تەييارلاپ قوياتتى؛ لېكىن ئايالى بۇنى ئەخمەتبەكنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى دەپ قارىغانلىقتىنمۇ، كەيپىياتى ئادەتتىكىچە بولاتتى. خۇشى كېلىپ قالسا پىسەڭدە كۈلۈپ قوياتتى. ئەخمەتبەك

ئايالنى سۆيۈندۈرۈشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە ئۆيلىنىۋاتقاندا كالىلىسىغا ناھايىتى تېزلا بىر ئوي كەلدى. ئۇ دەرھال بىر چىنە گۈرۈچنى يۇيۇپ قويدى-دە، ئىككى چېلەكنى كۆتۈرۈپ، پار قازان سېخىغا ئىسسىق سۇ ئالغىلى ماڭدى. ھېلى ئەخمەتبېك تاماق راسلاش بىلەن كىر يۇيۇشنى كىرىشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرەر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىرمۇنچە ئىشلارنى تۈگىتىشنى ئويلىغانىدى. مانا ئۇ گۈرۈچ دەم يەپ بولغۇچە بىر تالاي كىرنى يۇيۇۋەتتى. ئەمدى كىرلەرنى يېيىۋېتىپ سەيگە تۇتۇش قىلسا، تامامەن ئۆلگۈردى. ئىشلار ئۆزى كۈتكىنىدىنمۇ ياخشى بولدى. ئەخمەتبېك شۇنىڭدىلا ئۇزۇن يول باسقان ئادەمدەك ئۇھ دەۋەتتى.

ئەخمەتبېك بىرەر سائەتتىن بېرى قىلىۋاتقان مۇشۇنچىۋالا ئىشلارنىڭ پەقەت ئايالنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا ئۆزىنىڭ ئايالنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق چىرايلىق ئايالى بارلىقىدىن پەخىرلەنگۈسى كەلدى. لېكىن، نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئايالىمنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشمايدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ ئىچى پۇشاتتى.

كىشىلەر ئەخمەتبېكنىڭ ئايالى ھەققىدە سۆز-چۆچەك قىلىشىپ، ئۇنى ئاتىكاچى، ھازازۇل خوتۇن، ھالى چوڭ، يات ئەرلەردىن ئۆزىنى تارتمايدۇ، دېيىشەتتى. لېكىن، ئەخمەتبېك بۇنداق گەپلەرگە ھازىرچە پىسەنتمۇ قىلىپ باقمىدى. ... تەنھەرىكەتچىلەر ئىچىدە، مەنلا توي قىلدىم، شۇڭا ئۇلار مېنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ، ئۇلارمۇ توي قىلىپ باقسۇن، شۇنىدىلا «ئەر-خوتۇن يېپىتۇر، ئارىغا چۈشكەن ئىتتۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئاندىن چۈشىنىدۇ، ئايالىمنىڭ ماڭا ئانچە-مۇنچە گەپ ياندۇرۇپ قويۇشلىرىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئارزۇلاپ باققان باللارمۇ ئاتا-ئانىسىغا گەپ ياندۇرىدۇغۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ئەخمەتبېك بىلەن رازىيە دەسلەپكى قەدەمدە كەسپداشلىق تۈپەيلى تونۇشقانىدى. بىر قېتىملىق پۇتبول مۇسابىقىسى ئالاھىدە داغدۇغا ئىچىدە باشلىنىش ئالدىدا ئىدى، تەنتەربىيە كومىتېتى مۇسابىقە باشلىنىشتىن ئىلگىرى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كوماندا ئەزالىرىنى تاماشىبىنلارغا تونۇشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى، مىكرافوندا سۆزلەشكە ئاۋازى ياڭراق ئادەم لازىم بولۇپ، سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ھەممە بىر ئېغىزدىن رازىيەنى مۇۋاپىق تاپتى. دېگەندەك رازىيە دېكتورلۇقنى شۇنداق قاملاشتۇرۇۋەتتىكى، ئۇ مىكرافوندا سۆزلىگەندە تاماشىبىنلاردىن تارتىپ مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى تەنھەرىكەتچىلەرگىچە مىكرافون ئورنىتىلغان مۇنبەرگە قاراپ، بۇ جاراڭلىق ئاۋازنىڭ ئىگىسىنى بىر كۆرۈشكە ئىنتىلدى.

مەيداندىكى تەنھەرىكەتچىلەر ئىچىدە ئەخمەتبېكمۇ بار ئىدى. ئۇمۇ بويىنىنى سوزۇپ مۇنبەرگە قارىدى، ئارىلىق يىراق بولغاچقا، ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ دېكتور قىزنىڭ چىراي-شەكلىنى ئېنىق كۆرەلمىدى. تەنھەرىكەتچىلەر ئارىسىدا ئۇ قىزنى تونۇيدىغانلار بولسا كېرەك، كومىتېتتىكى رادىست قىز، ئىسمى رازىيەغۇ... ھە... ھېلىقى قېرى قىزمۇ،

دېگەن گەپ-سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى. شۇنىدىلا ئەخمەتبېك ئۇ قىزنى تونۇمايدىغانلىقىنى جەزم قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئۈستىكى كاللىسىغا كىرىۋالدى.

تونۇشتۇرۇش نۆۋىتى ئەخمەتبېككە كەلدى. ئەخمەتبېك ئۆز ئىسمىنىڭ بۇ يوچۇن قىزنىڭ ئاغزىدا قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن تىڭشاپ تۇردى.

«ئىككىنچى نومۇر، ئەخمەت، مەيداندىكى ئورنى بېك...»

دېكتور تونۇشتۇرۇشنى باشقا تەنەرىكەتچىگە يۆتكىدى، لېكىن ئەخمەتبېك خۇددى قۇلىقى پۈتۈپ قالغان ئادەمگە ئوخشاش تۇرغان يېرىدە قوزۇقتەك تۇرماقتا، دېكتور قىزنىڭ ئۇنى تونۇشتۇرغان بىرنەچچە ئېغىز سۆزى كاللىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلماقتا ئىدى. ئەخمەت — بۇ ئىسىم بۈگۈن مۇشۇ سائەت، مۇشۇ مىنۇتتا ئەخمەتبېكنىڭ ئۆزىگىمۇ يېڭىلىقتەك، ئىلگىرى بۇنداق ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغاندەك تۇيۇلدى. دېكتور بۇ ئىسىمنىڭ ئالدىنقى بوغۇمىنى ناھايىتى جاراڭلىق باشلاپ، يېرىم تىنىۋالغاندىن كېيىن كېيىنكى بوغۇمىنى چىقىرىپ «ئەخمەت» دېگەن تەلەپپۇز شەكلىدە ئېيتقانىدى. ئەخمەتبېك دېكتور قىزنىڭ ئۆز ئىسمىنى بۇنداق چىرايلىق تەلەپپۇز قىلغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈندى. ئەسلى بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنىڭ سەت-چىرايلىق بولۇشى ئىسمىدىن ئاڭلىنىلغان مەندە ئەمەس، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ قانداق چاقىرىشىدا بولسا كېرەك. ئەخمەتبېك ئىلگىرى قۇشنى قولىغا قوندۇرۇپ سايرىتىپ، ئۇنىڭغا تىل ئۆگىتىۋالايدىغان، غۇنچىنى پۇۋلەپ ئېچىلدۇرالايدىغان قىزلار بارلىقىنى چۆچەكلەردە ئاڭلىغانىدى. ئۇ ھازىر ئۇنداق قىزنى رېئال تۇرمۇشتا كۆرگەندەك بولدى. بۇ قىز رازىيە ئىدى.

ئەخمەتبېك شۇ كۈنكى مۇسابىقىدە پۈتۈن زېھىن كۈچى ۋە چېۋەر مەشغۇلات ماھارىتى بىلەن ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، دېكتور قىز رازىيەنىڭ دىققەت-ئېتىبارىغا ئېرىشمەكچىدى. لېكىن ئىش ئۇ كۈتكەندەك بولۇپ چىقمىدى. ئۇ ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچە توپنىڭ مەشغۇلات قائىدىسىدە كەتكۈزۈپ قويدى. ھەتتا بوشلۇقتا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان توپنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەپمەكچى بولغاندا پۇتى توپقا تەگمەي ئۆزى يىقىلىپ چۈشتى-دە، مەيداندىكى جىمى تاماشىبىن ۋە تەنەرىكەتچىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالدى. ئۇ تېزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى-دە، پوكاندەك قىزارغان ھالدا يەنە ھەر ياققا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئەخمەتبېك بەزىدە ئۆزىنىڭ نەدە يۈگۈرۈۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇ خۇددى كونۇپكا ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقتەك ئۆز ئىرادىسىنى يوقاتقان ھالدا بىر خىل ياسالما مەشغۇلات بىلەن بەنت ئىدى. بۇ كونۇپكىنى كىمنىڭ باشقۇرۇۋاتقانلىقى پەقەت بىر ئەخمەتبېككىلا ئايان. ئۇنىڭ كاللىسىدا دېكتور قىز رازىيەنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى سىيماسى ئەركىن پەرۋاز قىلماقتا. بۇ ئەھۋالدا ئۇ قانداقمۇ كوماندا ئۈچۈن شەرەپ

www.uyghurkitap.com



كەلتۈرەلىسۇن؟ زېھىن كۈچىنى يىگىرمە ئىككى ئادەمنىڭ ئالدىغا تاشلانغان كىچىككىنە توپىنى تالىشىشقا مەركەزلەشتۈرەلىسۇن؟ تېرىنېر ئاخىر ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى ئالماشتۇردى. ئەخمەتبېك مەيدان سىرتىغا چىققاندىلا ئېسىنى يىغقاندەك بولدى. شۇندىلا ئۇ قىرىق مىنۇتقا يېقىن مەيداندا يۈرۈش جەريانىدا بىرەر مىنۇتمۇ رازىيەنى خىيالىدىن نېرى قىلمىغانلىقىنى ئەسلىدى. بۇ يوچۇن قىز نېمە ئۈچۈن كاللامدىن شۇنچە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىۋالىدۇ؟ مەن نېمىلەرنى قىلىپ قويدۇم؟ ئەخمەتبېك خورسىندى.

ئويلىمىغان يەردىن تاسادىپىي نەتىجىلەر ۋۇجۇدقا كېلىدىغان، چۈشنىڭ داۋامىنى ئويغىدا كۆرىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەخمەتبېكنىڭ بۈگۈنكى پالاكەتچىلىكى مانا مۇشۇنىڭ مىسالى ئىدى. بۇ مۇسابىقىگە قاتناشقان شۇنچە كۆپ تەنھەرىكەتچىلەر ئۆز ئورنىدا نورمال مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، ئۆز كوماندىسى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېلىشىپمۇ نام چىقىرالمىغان بولسا، ئەخمەتبېك ئۆزىنىڭ پالاكەت ھەرىكىتى بىلەن ئاتاق كۆتۈردى. ئۇ ھەر قېتىم مەشغۇلات قائىدىسىدە كەتكۈزۈپ قويغاندا مۇسابىقە كۆرۈۋاتقان پۇتبول مەستانىلىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئەيىبلەيتتى، مەسخىرە قىلاتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئىسمىنى يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. رازىيە ئۇنىڭ ئىسمىنى بىر دەملىك دېكتورلۇق خىزمىتى يۈزىسىدىنلا تىلغا ئالغان، ئەينى چاغدا كىمنىڭ ئەخمەتبېك، كىمنىڭ پۇستانچى ۋارىتا ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىغان بولسىمۇ، مۇسابىقە تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېسىدە قالغىنى پەقەت بىرلا كىشى — ئەخمەتبېك بولدى.

— ئەخمەتبېك، تېز ئورنۇڭنى تاپ! — تېرىنېر زەردە بىلەن ۋارقىرىغاندا، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان رازىيە:

— ئورنىنى تاپالمايدىغان تەنھەرىكەتچىمۇ بولىدىكەن، ھە — دەپ كۈلۈپ قوياتتى.

— ئەخمەتبېك، مەيداندا ھوشۇڭنى يىغىپ يۈر! — جان-جەھلى بىلەن ۋارقىرايتتى تېرىنېر ئورنىدىن توپتەك سەكرەپ تۇرۇپ. بۇنداق چاغدا رازىيە:

— بۇ ئادەمنىڭ ھوشى قەيەرلەردە پالاس قېقىپ يۈرىدىكىنە، — دەپ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، كۈلۈپ كېتەتتى. قىسقىسى، ئەخمەتبېك رازىيەنىڭ بىرەر سائەتكە يېقىن تېرىنېرنى چاقچاقتا كەلتۈرۈۋالىدىغان دەستىكى بولۇپ قالغانىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە ئەخمەتبېك رازىيەنىڭ ئىشخانىسىغا ئۈچ-تۆت قېتىم كىرىپ بولدى. ئۇ ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەرنى تاپاتتى. رادىست ئىشخانىسىدا رازىيەدىن باشقا ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئايالمۇ بار ئىدى. ئۇلار دائىم ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ئىش قىلاتتى. ئەخمەتبېك ئىككى قېتىم ئۇيياقتىن بۇيياققا ئۆتتى. ھەر قېتىم ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەندە ئىشخانا ئىچىگە قايرىلىپ قارايتتى-دە، رازىيە شۇنداقلا بېشىنى كۆتۈرۈشىگە ئۇنىڭ كۆز نۇرى ئەخمەتبېكنىڭ تېنىدىن ئۆتۈپ يۈرىكىدە توختىغاندەك بولاتتى ۋە بەدەر تىكىۋېتەتتى. بىر قېتىم ئەخمەتبېك قالتىس

غەيرەتكە كەلدى.

— ياخشىمۇسىلەر، قىزلار؟ — ئەخمەتبېك بىرىنى ئىزدىگەن بولۇپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇنىڭ بۇنداق كىرىشى رازىيەنىڭ كىشىنى تاتلىق ھېسلارغا چۆمدۈرىدىغان ياڭراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ لەززەتلىنىش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىن خۇددى ئىمتىھان مەيدانىدا تۇرغاندەك ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇراتتى.

رازىيەچۇ؟ ئۇ بۇ يىگىت ماڭا قانات سۆرەۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنەتتى ۋە ئىچىدە مەغرۇرلىناتتى. لېكىن، كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى.

— بىر كىمنى ئىزدەمسىز؟ — رازىيە يىگىتنىڭ ھېچكىمنى ئىزدىمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ قەستەن شۇنداق سورىدى.

— شۇنداق، ئىشخاناڭلارغا بىزنىڭ تېرىنېر كىردىمىكىن دەپ...

— كومىتېتىمىزدا تېرىنېر كۆپ، ئىسمى بىلەن ئېيتمىسىڭىز بىز قانداق جاۋاب بېرىمىز؟— رازىيە گەپنىڭ بېلىگە ئۇرۇۋېتىپ، بولاقتەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى.

ئەخمەتبېك ھودۇقۇش ئىچىدە كۆزىنى رازىيەدىن ئېلىپ قاچتى. ئۇنىڭ قايىنامدەك كۆزى خۇددى ئەخمەتبېكنى يۇتۇۋېتىدىغاندەكلا ئىدى. ئەخمەتبېك ئالمان-تالمان بۇ ئوسال ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ:

— ئەسئەت ... ئەسئەت تېرىنېرنى. ئىزدەيتتىم، بولمىسا بوپتۇ، — دېدى-دە، كەينىچىلەپ مېڭىپ ئەمدىلا بوسۇغىدىن ئاتلىشىغا ئىككى ئايالنىڭ پاراقلاپ كۈلۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەخمەتبېك كېتىۋېتىپ، بۇ بوسۇغىغا ئىككىنچى قەدەم باسمايمەن دەپ ئويلىغانىدى. قارىغاندا ھېچقانچە ئىش بولمىغاندەك قىلغان بىلەن ئەخمەتبېك ئۈچۈن بۇ ناھايىتى چوڭ ئوڭۇشسىزلىق ئىدى. لېكىن، ئەخمەتبېكنىڭ ۋەدىسى ئىككى كۈنگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. شۇ ئىش بولۇپ ئەتىسى رازىيەنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە ئۆتمىگەن بولسىمۇ، بىنانىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئايلىنىپ يۈردى. رازىيەنى كۆرۈپ تۇرۇش ئىستىكى ئەخمەتبېكنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى. شۇندىلا ئۇ بۇ قىز بىلەن ئۇچرىشىش ئارزۇسىنىڭ ئاددىيلا ئاۋازىنى ئاڭلاش ۋە بىر كۆرۈپ بېقىش بولماستىن، بەلكى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، لېكىن بۇ مۇمكىنمۇ؟ بۇنى ئەخمەتبېك بىلمەيتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ رازىيەنىڭ پىراقىدا كۆيۈپ پىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا يىگىتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك جۈرئەت، شىجائەتنى ئۆزىگە توپلاپ رازىيەگە ئۆز ئىلتىجاسىنى ئېيتماقچى بولدى.

— ياخشىمۇسىز، رازىيە؟ — ئۇ ئالدىنقى كۈنى ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك ئىشىكتىن چەبدەس قەدەم بىلەن كىرىپ، توغرىدىن توغرا رازىيەنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدى.

— ياخشىمۇسىز تەنھەرىكەتچى؟ كەچۈرۈڭ، سىز مېنىڭ ئىسمىمنى بىلگەن بىلەن مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى بىلمەيمەن، ھە... يەنە بىرىنى ئىزدەپ كىردىڭىزمۇ؟ —

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



رازىيە ھە دېگەندىلا ئۇنى گەپكە كۆمۈۋەتتى.

— شۇنداق، بۇ قېتىم سىزنى ئىزدەپ كىردىم، بىر ئىش بىلەن كىرگەندىم.

— ۋوي! سىزنى مەن تونۇمسام، سىزنىڭ مەندە ئىشىڭىز بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ياكى باشقا بىر قىزغا ئوخشاتتىڭىزمۇ مېنى؟

رازىيە ئەخمەتبېكنىڭ كىرگىنىگە ئىچ-ئىچىدىن خۇش ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ خۇددى مۇشۇك چاشقان ئوۋىناتقاندەك ئۇنى كولدۇرلاتقىلى تۇردى. بۇ چاغدا ئەخمەتبېك يەنە ئوسال ئەھۋالدا قالماسلىق ئۈچۈن ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ياقە، ياق، سىزنى باشقا بىرىگە ئوخشاتقىنىم يوق، سىزگە ھاجىتىم چۈشۈپ قېلىپ ... — ئۇ شىمىنىڭ ئوتۇك يانچۇقىدىن ۋاراقلارنى چىقاردى-دە، ئۇنى رازىيەگە سۇنۇۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇشۇ خەتنى بىر كۆچۈرۈپ بەرگەن بولسىڭىز، مەنمۇ سىزنىڭ ھەر قانداق ئىشىڭىز بولسا جان-دىلىم بىلەن...

— بەللى، قىزلارنىڭ ئىشنى جان-دىلى بىلەن بەجا كەلتۈرىدىغان يىگىت يەنە ئالدى بىلەن قىزلارغا ئىش قىلدۇرامدىكىن؟ دېمەك، مەن سىزنىڭ ئىشىڭىزنى قىلىپ بەرمىسەم، سىزمۇ مېنىڭ ئىشىمنى قىلىپ بەرمەيسىز، شۇنداقمۇ؟

رازىيە سۆزلەۋېتىپ، گاھ ئەخمەتبېكنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىسا، گاھ سېھىرلىك كۈلۈپ قوياتتى. ئەخمەتبېكنىڭ خەت سۇنغان قولى ئېتىبارسىز قالدى.

رازىيەنىڭ سۆزى ئەخمەتبېككە نەشتەردەك تەگدى. ئۇ قىلماقچى بولغان گېپىنى رەت-رېتى بىلەن تولۇق قىلالمىغانلىقىدىن ئاچچىق يۇتۇپ، كەڭ پېشانىسىدە يول-يول قورۇقلار پەيدا بولدى. شۇ تاپتا رازىيەگە ئويۇن، ئەخمەتبېككە قىيىن ئىدى. ئۇ ئەمدى يەنە ئاشۇ ئاددىي مەقسىتىنى تولۇقى بىلەن ئۇقتۇرۇش ۋە پۇرسىتىنى يارىتالمىسا، ئۈمىدسىزلىكنىڭ تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ۋەھىمىگە چۈشتى. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىم رازىيەنىڭ يۈزىگە ئەمەس، ئۇستەل ئۈستىگە يېيىلغان ئەينەكنىڭ ئاستىدىكى ئاجايىپ-غارايىپ رەسىملەرگە قارىغىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرمەيتتى.

— ياق، ياق، ھەرگىز خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، بۇ مۇنداق ئىش ئىدى، مەن يۇرتۇمغا خەت يازغانىدىم، سەۋىيەم بەك تۆۋەن، خېتىممۇ سەت، چوڭ شەھەردىن يوللانغان خەتنىڭ ئالاھىدىرەك بولۇشىنى ئويلاپ بۇ خەتنى ماشىنىكىدا ئۇرۇپ بېرەمدىكىن دەپ كىرگەندىم.

ئەخمەتبېك گېپىنى تۈگىتىپ، يەنە بىر دەم رەسىملەرگە قارىغاچ رازىيەنىڭ جاۋابىنى كۈتتى. ئەگەر مۇشۇ قېتىم قىز ئۇنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالسا، ئۆتكەنكى ئوڭۇشسىزلىقلار ئەخمەتبېك ئۈچۈن ھېچ ئىش ئەمەس، قىزغا يېقىنلىشىشىنىڭ يولى ئېچىلغان بولاتتى.

رازىيە بىر پەس يا ھا، يا شا دېمەي ئىشخانىنى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆكتۈرۈۋەتتى.

بۇ ئۇنىڭچە ئەخمەتبېكنىڭ تەقەززالىقىغا سالغان تەھدىت ئىدى. كېيىن ئۇ ئەخمەتبېكنىڭ قولىدىكى قەغەزگە كۆز قىرىنى سالدى-دە:

— مەكتۇبىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، كۆرۈپ باقاي، — دەپ، ئەخمەتبېكنىڭ قولىدىكى ۋاراقلارنى شارت قىلىپ سۇغۇرۇپ ئالدى-دە، خەتنىڭ باش-ئاخىرىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئەخمەتبېككە قاراپ:

— يىگىت، بۇمۇ سالام خەت بولامدۇ؟ مەزمۇنىدىن ئىملا قائىدىسىگىچە سالام خەتكە بولۇشقا تېگىشلىك تەلەپتىن ناھايىتمۇ يىراق، كىرىش قىسمى سەكسەن ياشلىق بوۋاينىڭ چەۋرىسىگە يازدۇرغان خېتىگە ئوخشاپتۇ، ئەنى دېگىنىڭىز نېمە؟ جانابىسىچۇ؟ ئاپىڭىزغا يازغان خەتتىمۇ مۇشۇنداق ئىبارىنى ئىشلىتەمسىز؟ مەزمۇنى تېخىمۇ تاققا-تۇققا، بىردەم باغدىن، بىردەم تاغدىن سۆزلەپسىز، ئىككى ۋاراق خېتىڭىز بىرلا ئابزاس بىلەن پۈتۈپتۇ، نە چېكىت، نە پەش دېگەن نەرسە يوق، مۇشۇنداقمۇ خەت يازامسىز؟ — دېدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى تاپشۇرۇقنى توغرا ئىشلىيەلمەي گۆشىيىپ تۇرغان ئوقۇغۇچىغا تەنبىھ بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىنىڭكىدەك چىقاتتى.

رازىيە ئەخمەتبېكنى بىر پەس تەتۈر قىينىغاندىن كېيىن ئاۋازىغا پەرۋاسىز تۈس بېرىپ:

— بولىدۇ، خېتىڭىزنى تۈزەپ كۆچۈرۈپ بېرەي، سىز ماڭا نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيسىز؟ — دېدى.

— تونۇشۇپلا قالساق ھەر قانداق ئىشىڭىز بولسا...

ئەخمەتبېك ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى قىزغا تىكتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يالقۇنجاپ، خۇشاللىقىدىن چىرايى ئاپپاقتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار تونۇشۇپ قالدى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇلار توي قىلىشتى.

ئەخمەتبېكنىڭ توي ئىشى پۈتۈن كومىتېتتىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى. ئەسلىدە كوماندا ئەزالىرىنىڭ توي قىلىشى قاتتىق مەنئى قىلىناتتى، تاماق راسخوتى بىلەن تۇرمۇش پۇلىنى مائاشقا ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئۆينىڭ روزنىغارىغا راسخوت قىلىش تەنەرىكەتچى تۇرماق تېرىنېرىنىڭمۇ ئوخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان مۆجىزە ئىدى. شۇڭا، نەچچە تەنەرىكەتچى بىرىيەرگە جەم بولسىلا ئەخمەتبېك ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشىدىغان بولدى.

— ئەخمەتبېك جىمغۇر كۆرۈنگىنى بىلەن خېلى ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدىغان يىگىتكەن جۇمۇ.

— راست، ئۇ قالتىسكەن، تۆت ئوغۇل بار يەردە ئىككى ئېغىز پاراڭ قىلمايدۇ، ھە دېسە سەۋىيەم بەك تۆۋەن دەپ ۋايسايدۇ... توختام سۇدا دولقۇن پەيدا قىلىدىغانلار ئەنە شۇنداق ئادەملەر.

— راست، راست، ئالدىدا يالىسى يوق، كەينىدە قۇيرۇقى دېگەن شۇدە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى كۇتۇپخانىسى



تەنھەرىكەتچىلەر بۆلۈنۈپ، مەيدانغا سىزىق تارتىش، چىملىقتا چۈشكەن تاش-داشقال ۋە بوتۇلكا سۇنۇقلىرىنى تېرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. تېرىنېر ئەسئەت ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تۇشمۇ تۇشتىن قىلىشقان ئەخمەتبېك ھەققىدىكى گەپ-سۆزلىرى تېرىنېرنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ئۇ ئازا بىلىناتتى، لېكىن نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ يېقىندىن بۇيان جەمئىيەتتىكى بەزى يامان ئىللەتلەر تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئاسمىنىدا قارا قۇيۇن چىقارماقتا ئىدى. ئۆي چېپىپ، مەنسەپ چېپىپ، يەنە بىر نېمە چاي دېگەنلەر نۇرغۇن تېرىنېرلارنى راسخوت ئاۋارىگەرلىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلار ئۇزۇن يىللاپ تېجەپ يىغقان پۇللىرىنى قىسقا بىر مەزگىللىك ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئۈچۈن بۇزۇپ چاچماقتا، ھەتتا بەزى تېرىنېرلار (چېلىشچى، بوكسيورچىلار تېرىنېرلىرى) جەمئىيەتتىكى «نوچىلار» توپىغا ئارىلىشىپ يۈرەتتى. بۇ «نوچىلار» تېرىنېرلارنى خۇددى ئەتىلا باشقا توپنىڭ نوچىلىرى بىلەن ئېلىشىشقا سالىدىغاندەك بورداپتتى، ئىچكۈزەتتى، ھەر خىل بەزمىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرەتتى. نەتىجىدە بەزى تېرىنېرلار جەمئىيەتتىكى يامان ئىللەتلەرگە چېتىلىپ، قانۇن ئالدىدا ئەيىبلەنسە، بىرمۇنچە تېرىنېرلار ئۆلۈكتەك مەست ھالدا ھارۋىلارغا بېسىلىپ، ئۆيلىرىگە ئەكىلىپ قويۇلاتتى. تەنھەرىكەتچىلەرچۇ؟ كوماندىدىكى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بەدەن ۋە كەسپىي ماھارەت سۈپىتى تەكشى ئەمەس ئىدى. بىر قىسىم تەنھەرىكەتچىلەرنى تېرىنېرلار تاللاپ، تەلەپكە لايىق بولغانلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلغان؛ يەنە بىر قىسىم تەنھەرىكەتچىلەر بولسا تەنتەربىيە كومىتېتىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئۇلار خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىنلا كوماندىغا تېڭىپ كىرگۈزۈلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشلىقنىڭ باللىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار خۇددى چەت ئەللىك سەيياھلاردەك ناھايىتى پوزۇر كىيىنەتتى، كۈندە نەچچە قېتىم كىيىم ئالماشتۇراتتى. تانسخانا، قەھۋەخانىدىن كېلەلمەيتتى، يېزىدىن قوبۇل قىلىنغان كەمبەغەل تەنھەرىكەتچىلەرگە تولىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى، مەشىق جەريانىدا تېرىنېرلار ئۇلارغا قاتتىقراق تېگىپ قويسا، ئۇلار چىرايىنى چۈشۈرۈپ يەۋالغاندەك پۇرۇشتۇرۇپ، ھومىيىشاتتى. بۇنداق ئەھۋاللار تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ھەممە كوماندىلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت ئىدى. كومىتېت بۇ ئەھۋاللارنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يىغىنلاردا كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، يۇقىرىدىن ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىلمىغاچقا، ئەسئەتتەك پەزىلەتلىك تېرىنېرلار بۇنداق ۋەزىيەتتە يىرگىنىچ ئىچىدە تەن بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. ئەخمەتبېكنىڭ توي ئىشىمۇ مانا مۇشۇ قۇيۇننىڭ بىر بۆلىكى ئىدى. لېكىن، ئەسئەتنىڭ ئۆزى يېتەكلەۋاتقان كوماندىدىكى بۇنداق ئىشلارنى كۆرەر كۆزى يوق ئىدى. ئۇ تەنھەرىكەتچىلەرگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى، تەنھەرىكەتچىلەرنى مىللەتكە، رايونغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان قابىل ئەزىمەتلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆيىنىمۇ، باللىرىنىمۇ ئۇنتۇپ، كۈنىگە ئون سەككىز سائەتلەپ تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن بىللە بولاتتى، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشاتتى، شۇڭا ئۇ كوماندىدىكى

قىرىققا يېقىن تەنەھەرىكەتچىنىڭ قايسىسىنىڭ مەيداندا قانچىلىك ئۇنۇم كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى، پىسخىكىسىنى، ھەتتا ئائىلە ئەھۋاللىرىنىمۇ پىششىق بىلەتتى. بۇ تويىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ «مۆجىزە» ياراتقان بىردىنبىر پائالىيەتچىنىڭ ئەخمەتبېك ئەمەسلىكىمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇنى ئازابلايدىغىنى ئەخمەتبېكتەك بىر يارامىلىق تەنەھەرىكەتچىنىڭ مەزگىلسىز توي قىلىشى، ئۇنىڭ توي كۈنلىرىگە قەدەر ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قېلىشى ئىدى.

ئەخمەتبېكچۇ؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋە بولۇۋاتقان ئىشلار گويا بىر مۆجىزە ئىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ پىكىر ھېسسىياتى رازىيەنى ياخشى كۆرۈش بىلەنلا چەكلىنەتتى. توي قىلىش ئىشىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، لېكىن تا ھازىرغىچە ھېچقانداق بىر تەنەھەرىكەتچى ئورۇنۇش تۇگۇل خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بۇ «مۆجىزە» نى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا رازىيەنىڭ رولى ئالاھىدە بولدى.

— نېمە؟ بۈگۈن شەنبە؟ شەنبە بولسا نېمە بوپتۇ؟ سىرتتا ئۇچرىشايلى؟ قارىغۇ چاشقان ئويۇنىنى ئويناۋېرەيلى دېمەكچىمۇسىز؟

رازىيە ئەخمەتبېكنىڭ شۇنچە قىزغىن تەكلىپلىرىنى ئەنە شۇنداق ئېتىبارسىز قالدۇراتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئەخمەتبېكنى تويغا قىستىغانلىق ئىدى. رازىيە قارىغۇ چاشقان ئويۇنىنى كۆپ ئويناپ باققان، ئۇ ئون يەتتە ياشتىن تا ھازىرغىچە بولغان سەككىز يىل ئىچىدە بىرنەچچە يىگىت بىلەن يۈرۈپ باققان، رازىيەنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېرىم چېلەك سۇ ئىدى. ئۇلار بىر مەزگىل شالاقشىپ باقاتتىيۇ، رازىيەنىڭ ئۇسسۇزلۇقىغا دال بولالمايتتى، بىرى ئۇنىڭدىن جىمجىتلا ئۆزىنى تارتسا، يەنە بىرى رازىيەگە «سىز قول يەتمەيدىغان ئالما» ئىكەنسىز دەپ مۇناسىۋەتنى ئۆزگەنلىكىنى جاكارلىدى، ئۇنى تەكەببۇر كۆرۈشتى. يەنە بىرلىرى ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈۋېتىپ، دوستى بىلەن تېپىشىپ قالدى-دە، ئۇنى تاشلىۋەتتى. ئاقىۋەت دوستلىرى ھەممىسى توي قىلىپ كېتىپ، رازىيە تىكەندەك يالغۇز قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەك ھار كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، تونۇشقان يىگىتى بىلەن كۆپ ئۇچراشمايدىغان، لېكىن قانۇنلۇق تويىنىڭ دەخلىسىز، ۋاقتىدا بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدىغان بولىۋالدى.

— سىز تولىمۇ ھاماقەت ئىكەنسىز، — دەيتتى رازىيە ئەخمەتبېكنىڭ ھازىرقى شارائىتتا توي قىلىشنى چىققىلى بولماس چوققا قىلىۋەتكەن سۆزىگە جاۋابەن، — تەشكىلنى خاتىرجەم قىلىش شەرتى ئاستىدا سۇنغان توي قىلىش تەلىپىڭىز قانۇنىي يوسۇندا قوبۇل قىلىنىدۇ، يەنىمۇ تاقاشقان يېرىگە ھازىرقى زامان مۇناسىۋەت ئىلمىنى ئىشقا سالسىز ئىشىڭىز پۈتىدۇ.

— ئارقا ئىشىكتىن ماڭىمىز دېمەكچىمۇسىز؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق، گەرچە قىلىۋاتقىنىمىز قانۇنلۇق ئىش بولسىمۇ، ئۇ توي ئىشى، شاۋقۇنسىز بولمايدۇ، شۇڭا ئازراق سازاك تاشلاپ بېرىپ ئاغزىنى ئاچۇرماسلىق كېرەك-تە!

— ئۇنداق قىلساق پارا بەرگەن بولمايمىزمۇ؟

— ھازىر بۇنى كۆڭۈل ئىزھارى دەيدۇ، ئەرزىمەس نەرسە، پىۋا ئىچىڭلار دەيسىز، رەھمىتىنىمۇ قوشۇپ دەيسىز...

ئىشلار كۈتكەندىكىدىنمۇ كۆڭۈللۈك يۈرۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە قۇتىدەك چاققان بىر ئۆيمۇ راسلىۋالدى. ئۆي ئىچى رازىيەنىڭ ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئۆي جاھازىلىرى ۋە بېزەك بۇيۇملىرى بىلەن تۈزەشتۈرۈلدى. ئەخمەتبېكنىڭ كۆزىگە تولۇق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بۇ ئۆي تولىمۇ ئالاھىدە كۆرۈندى. بۇنىڭدىن ئەخمەتبېك بەكمۇ مەمنۇن ئىدى.

ئەخمەتبېك مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاقىۋەت بىر كۈنى توي قىلىدىغانلىقىنى، بۇ مەجبۇرىيەتتىن خالىي كىشىنىڭ يوقلۇقىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۆزىدەك بىر دېھقان — سەھرا يىگىتىنىڭ شەھەرنىڭ بۇنداق ياسىداق ئۆيلىرىدە بىر شەھەر قىزى بىلەن توي قىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

ئەخمەتبېكنىڭ ئاتا-ئانىسى دېھقان، ئۇ يالغۇز ئوغۇل ئىدى. ئۇ يېزىسىدا ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىپلا ئوقۇشتىن توختاپ قالدى. ئەخمەتبېك مەكتەپتىكى چاغلىرىدىلا پۇتبولغا ناھايىتى قىزىقاتتى. مەكتەپتىن توختاپ قالغاندىن كېيىنمۇ ھەر قېتىم ناھىيىگە بارسا ساۋاقداشلىرى بىلەن پۇتبول ئويناشقا ناھايىتى خۇشتار ئىدى. يېزىسىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ باشقا يېزىدىكى كوماندىلار بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇسابىقە پائالىيەتلىرىدىمۇ ئۇ تەشەببۇسچى، تەشكىلاتچى بولاتتى.

بىر كۈنى تەنھەرىكەتچى تاللاش خىزمىتى بىلەن كەلگەن تېرېنېر ئەسئەت ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، ئەخمەتكە ئالاھىدە كۆزى چۈشتى.

ئەخمەت بويى ئېگىز، ئىككى مۈرىسى كەڭ، ئاق-سېرىق يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ توپ ئېلىپ مېڭىشلىرى پۇتبولچىلارغا خاس ئالاھىدە شەكىل پەيدا قىلاتتى. باشقىلارغا ئۆز ئورنىنى تېپىپ تۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ ئاۋازى پۈتۈپ قالغۇچە ۋارقىراپ-جارقىراشلىرى تېرېنېرنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياقتى. ئۇ توپنى قاتتىق تېپەتتى، پاس توپنى كۆزلىگەن جايىغا چۈشۈرەتتى؛ مۇسابىقە ئاخىرلاشقۇچە ئۇنىڭدا ھەرگىزمۇ ھارغىنلىق ئالامىتى سېزىلمەيدى، مۇسابىقە كۆرۈۋاتقان ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ماختىشاتتى. تېرېنېر بولسا خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ھازىرقى پۇتبول كوماندىسىغا يۆتكەپ كېلىندى.

ئەخمەت مەخسۇس تەربىيە كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك تېخىمۇ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ مەيلى پەستىن بولسۇن، مەيلى بوشلۇقتىن بولسۇن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىدىن توپ ئۆتكۈزمەيتتى. بويىنىڭ ئېگىزلىكى باش توپ ئۇرۇشقا ياخشى ماسلىشاتتى. بۇنىڭ كورنى ۋە ئىختىيارىي ئۇرۇلغان توپلارنى توسۇشتا ۋارىتارغا

ياردىمى زور ئىدى، تېرىنېر ئۇنىڭدىكى بۇ ئارتۇقچىلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ئاخىرقى مۇداپىئە ئورنى — بېككە ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

ئەخمەتنىڭ مەيداندىكى ئورنى بارا-بارا بېككە مۇقىملىشىپ قالدى. ئادەتتىكى مەشقلەر، مەشق تۈسىنى ئالغان مۇسابىقىلەر ھەتتا مەملىكەتنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى كوماندىلار بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەردە ئۇ ئىزچىل تۇردە بېكتە تۇرۇپ، مۇداپىئە مەشغۇلاتىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ كەلدى. ئۇ ئەركىن بېك سالاھىيىتى بىلەن مەيداننىڭ قايسى بۇرجىكىگە بارسا شۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتى ئوڭشىلاتتى. مۇسابىقە كۆرۈۋاتقان ھەۋەسكارلار ئۇنىڭ تەپكەن توپىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. پۇتبول مەستانىلىرى بولسا كوماندىنىڭ غەلىبىسىنى ئەخمەتكە باغلاپ تىلغا ئېلىشاتتى. كىشىلەر بارا-بارا ئۇنىڭ ئىسمىغا مەيداندىكى ئورنىنى قوشۇپ، ئۇنى «ئەخمەت بېك» دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئۇنىڭ خاس ئىسمى بولسا يىلدا بىر قېتىم يۇرتىغا بارغاندىلا قوللىنىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، ئاۋام خەلق ئاغزىدا ئىسمىنىڭ پۇتبولچىلار نامى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتىلىشى ۋە تۇنجى مۇھەببىتىدىكى بۇ زور ئۆزگىرىشلەر ئۇنى ھاياجانلاندۇراتتى، بۇنى ئەخمەت بېك ھەممىلا يىگىتلەرگە نېسىپ بولىۋەرمەيدىغان، تەنتەربىيە كومىتېتىدا پەقەت ماڭىلا كەلگەن مىسلىسىز ئامەت، ھاياتلىق يولۇمدىكى غايەت زور مۆجىزە دەپ قارايتتى.

ئەخمەت بېك توي قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ روھىدىمۇ، جىسمىدىمۇ تېزلا ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ئەمدى ئەتىگەنلىك مەجبۇرىي مەشقتىن كېيىنلا ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بەنت بولىدىغان، ئىختىيارىي مەشقلەرگە بۇرۇنقىدەك ئۆزلۈكىدىن چىقمايدىغان بولدى. تەنھەرىكەتچىلەر كەسىپ ئۈستىدە بەس-مۇنازىرە قىلىشقاندا ئۇ ئىلگىرىكىدەك قىزغىن ئارىلاشمايدىغان، ھەتتا بۇنداق گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمايدىغان بولدى. ئۇ ئائىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن جەمئىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشتى، ھەدېسە مېھماندارچىلىقتىن قالمايتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا تەنھەرىكەتچىلەر ئىختىيارىي مەشق قىلىۋاتقاندا ئۇ ئائىلى بىلەن قولتۇقلىشىپ بازار تەرەپتىن كېلەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ بولۇشىغا ھاراق ئىچكەن، گەدەن-پاتاڭلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن بولاتتى. بۇ چاغدا ئۇ تېرىنېرنىڭ تەنقىدىي تەربىيىلىرىگىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان بولۇۋالغانىدى. نەتىجىدە، ئۇ كەسپتە ناھايىتى تېز چېكىنىپ، كەسپداشلىرى ئىچىدىكى ئىناۋىتىمۇ چۈشۈپ كەتتى. ئاقىۋەت ئۇ يارىلانغان تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئورنىغا چۈشىدىغان «ئىككىلەمچى» تەنھەرىكەتچى بولۇپ قالغانىدى. ناھايەت، بۈگۈنكى مۇسابىقە ئۇنىڭغا قەددىنى رۇسلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شۇڭا، ئۇ باشقىلارنىڭ «ئەخمەت بېك توي قىلغاندىن كېيىن ئوسەيگە چىقتى، رازىيە ئارقا ئىشىكنى تەنھەرىكەتچىلەر ئىچىگە سۆرەپ كىردى» دېگەن پىتنە-ئىغۋالىرىغا دەككە بەرگەنلىكىنى ئائىلىگە دەپ، بۇ غەلىبىنى بىللە ئولتۇرۇپ تەنتەنە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەقەززالىق

www.uyghurkitap.com


بىلەن كۈتتى.

* * *

رازىيە چۈشلۈك تاماققا كەلمىدى. ئەخمەتبېك بۈگۈنكى كەيپىياتىنى تېخمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن قورۇۋېرىپ سەيىنىڭ تۈرىنى تۆتكە يەتكۈزگەنىدى، ئۆزى يەپ تۇرماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان خۇشاللىقنى ئايالىغا دەپ ئىچىنى بوشاتماي تۇرۇپ تاماق گېلىدىن ئۆتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ تالاغا چىقاتتى، ئۆيگە كىرەتتى، ئىككى-ئۈچ سائەت ۋاقىت بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. كۈتۈۋېرىشكە تاقىتى قالماي بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ رازىيەنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى-دە، ئېگىرقاپ قالدى. ئىشخانىدىكى ئايال رازىيەنىڭ ئەتىگەندە كېلىپ كۆرۈنۈپ قويۇپلا كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەخمەتبېك گاھ ئايالىنىڭ كەتكەن يېرىنى قىياس قىلىپ باقاتتى، گاھ كاللىسىغا كىشلەرنىڭ «يات ئەرلەردىن ئۆزىنى تارتمايدۇ» دېگەن گەپلىرى كىرىۋالاتتى-دە، ۋۇجۇدى تىترەپ كېتەتتى. ئەخمەتبېكنىڭ توي قىلغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، تېخى يېقىنقى كۈنلەرگىچە رازىيە بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ئىناق-ئىجىل تۇرمۇشىنىڭ ھېچقانداق بىر دەقىقىسىگە شۈبھە كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك تاسادىپىي بىرنەچچە سائەت يوقاپ كېتىشىگىمۇ بىپەرۋا قارايتتى، لېكىن ئۇ يېقىندىن بۇيان بىر گۈزەل ئايالغا مىڭلارچە كۆزنىڭ باقىدىغانلىقىنى، مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ شاۋقۇنسىز بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. كىنو-تېلېۋىزورلاردىن مۇشۇنىڭغا ئائىت ئېپىزوتلارنى كۆردى، قۇلاقتىن قۇلاققا ئاڭلىدى، بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىغا كىشلەرنىڭ ئېيتقىنى راستمىدۇ؟ دېگەن ۋەھىمىلىك خىياللارمۇ غىل-پال كېلىپ قالاتتى. ئەخمەتبېك شۇركەنىدى، ئۇ مانا مۇشۇنداق ۋەھىمىلىك خىياللار ئىلكىدە بېشىنى سالغىنىچە ئۆيىگە يېقىن كەلگەنىدە ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئايالىنىڭ كەلگەنلىكىگە جەزم قىلدى-دە، بايىقى خىياللىرى تۇماندەك تارقاپ، چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى. ئەخمەتبېك ئۆيگە كىرگەنىدە رازىيە گىرىم جازىسى ئالدىدا ياسىنىۋاتاتتى.

— قاچان كەلدىڭىز رازىيە؟ جىندەكلا يوقاپ كەتتىڭىزغۇ؟!

ئەخمەتبېك كىرگەن پېتى رازىيەنى دەست كۆتۈرىۋالدى-دە، ئاستا جايىغا قويۇپ قويدى. قايرىلىپ قارىغاندا سۆيمەكچى، ئاندىن كۆڭلىدىكى خۇشاللىقنى تۆكمەكچى بولدى، بىراق رازىيە ھېلى نېمىش قىلىۋاتقان بولسا شۇ ئىش بىلەن بەنت بولىۋەردى. قايرىلىپمۇ قارىمىدى، ئەكسىچە ئەخمەتبېككە تاپا-تەنە ياغدۇرۇۋەتتى:

— ئەخمەت، بۈگۈن كۈنگە شەنبە ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ ھەر شەنبە كۈنى يا مېھمانغا بارىدىغانلىقىمىز يا ئۆيدە مېھمان كۈتىدىغانلىقىمىز ئېسىڭىزدە بارمۇ، يوق؟ تۈنۈگۈن ئۆيدە مېھمان تەييارلىقى قىلمىغانىكەنمىز، دېمەك بۈگۈن مېھمانغا بارىدىغانلىقىمىز

ئېنىق، سىز شۇنىمۇ بىلمىدىڭىزمۇ؟ ئىشلىمىگەن كالىلىنىڭ دەردىنى پۈت تارتىدۇ دېگەن گەپ بار، لېكىن پۈتىڭىزلا تارتسا مەيلى ئىدى. مانا بىرمۇنچە ماتېرىيالنى زايە قىلىپسىز...

رازىيەنىڭ كىنايىلىك سۆزلىرى تۇگە يەدىغانىدەك ئەمەس ئىدى. ئەخمەتبېك ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— بولدى رازىيە، بولدى، ئىككىمىز خوش كەيىپ ئولتۇرۇپ يەۋەتسەك تۈگىمەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن مەن... — رازىيەنىڭ جاراڭلىق ھەم چىرقىراق ئاۋازى ئەخمەتبېكنىڭ گېپىنى بېسىپ كەتتى:

— ھەممە ئادەم بۇ جاھاندىن سىزگە ئوخشاش ئۆزى يەپ، ئۆزى ماختاپ، ھاياتىنى تاغ باغرىدىكى كۆل سۈيىدەك تىنىق، ئۆلۈك ئۆتكۈزۈشى كېرەكمۇ؟ بۇنداق بىگانە ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشتا نېمە خۇشاللىق، نېمە لەززەت بولىدۇ؟ ئۇنداق ئادەمنى يەر يۇتىدۇ!

ئۆينىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. رازىيەنىڭ ئاچچىقى تېخى بېسىلمىغانىدى. ئەخمەتبېكنىڭ ۋۇجۇدى لاسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئۇ بىر پەس لام-جىم دېمەي تۇرغاندىن كېيىن پەرياد چەككەندەك ئۇھ... دەۋەتتى-دە، ئېغىر قەدەملەر بىلەن سافا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئەخمەتبېك سافادا ئولتۇرۇپ ئىككى جەينىكىنى تىزىغا، ئېڭىكىنى ئالىقىنىغا قويۇپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى. ئەخمەتبېك قەلبىدە ئويغانغان تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ رۇياپقا چىققانلىقىدىن ئالەمچە مەمنۇن ئىدى، رازىيەنى قەدىرلەيتتى، ئايالغا بولغان مۇھەببىتىنى ئۆزىنىڭ ئىشچانلىقى، ئېغىر-بېسىقلىقى، ئايالىدىن ھېچنېمىنى ئايىمايدىغان كەڭ قورساق پەزىلىتى بىلەن ئىسپاتلىماقچى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ رازىيەنىڭ ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ دېگىنى دېگەن دەپ تۇرۇۋېلىشلىرىغا يول قويۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتاتتى، بىپەرۋا قارايتتى، بۈگۈنچۇ؟ تۇنجى قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ ئەرلىك غۇرۇرى سۇنۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ مۇشۇ سائەتتە چۈشتىن ئىلگىرى كومىتېتتىكى بارلىق رەھبەرلەر، تەنھەرىكەتچىلەر ۋە شۇنچە كۆپ تاماشىبىنلار ئالدىدا قازانغان ئۇتۇقىنى ئايالىغا ئېيتىپ، ئۇنى بىللە ئولتۇرۇپ تەبرىكلىمەكچى بولغان ئەمەسمىدى! بۇ خۇشاللىقنىڭ تەنتەنىسى ئۈچۈن بىر مۇنچە تاماق تەييارلاپ ئاۋارە بولغىنىچۇ؟! شۇنچە پايپېتەك بولۇپمۇ رەھمەت سىزگە، دېگەن بىر سۆيۈنچىگە ئېرىشەلمىسە-ھە؟! ئەخمەتبېك ئۈمىدسىزلەندى.

رازىيە ئەينەككە قاراپ يىر خىلدا چېچىنى ياساپ پوكۇس چىقىرىۋاتاتتى، ئۇ ئەينەكتىن ئەخمەتبېكنىڭ سافادا ئولتۇرغان تۇرقىنى كۆردى-دە، قايتىدىن جاۋىلداشقا باشلىدى:

— ۋۇيت، سىزگە قوزغاتقۇچ دورا كېرەكمۇ؟ ۋارىتاسىغا ئۇنلارچە توپ كىرىپ كەتكەن «بىك» تەك غەمكىن ئولتۇرۇپ كەتكىنىڭىز نېمىسى؟ تۇرۇڭ، شىمىڭىزغا

www.uyghurkitap.com

دەرھال سېلىپ مېڭىشقا ھازىرلىنىڭ!

ئەخمەتبېكنىڭ مۇشۇ تاپتىكى روھىي كەيپىياتىنى چۈشەنمەك تولىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ نېرۋىسى خۇددى بىر مەيدان رېپىرسىز مۇسابىقىدەك قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالدا رازىيەنىڭ مېھماندارچىلىققا مېڭىشقا كوماندا بېرىشى ئۇنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇ نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى.

ئۇلار مېھماندارچىلىققا باردى. يىگىرمىدىن ئارتۇق ئەر-ئايال قاتار قويۇلغان شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، ئۈزۈلمەي تارتىلىۋاتقان ئاش-تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. ئالاھەزەل ئىككى سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن شىرەگە قورۇمىلار تارتىلىپ، ھاراق بوتۇلكىسى ۋە رومكىلار كەلتۈرۈلدى. ھاراقنىڭ قوزغاتقۇچ رولى بىلەن ئەرلەر جەمئىيەت ۋە دۇنيادىكى ئۇزۇن-قىسقا خەۋەرلەر ئۈستىدە تالاشسا، ئاياللار نۆۋەتتە مودا بولۇۋاتقان كىيىم-كېچەك، ئۆي جاھازىلىرى ئۈستىدە پاراڭغا چۈشتى. لېكىن، رازىيە ئاياللارنىڭ بۇنداق گەپلىرىگە ئارىلاشمايتتى. ئۇنىڭچە روھىي دۇنياسى تولىمۇ نامرات ئادەملەرلا مۇشۇنداق پاراڭلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تېمىلاردىكى پاراڭلارغا ئوبدانلا ھەمسۆھبەت بولالايتتى. بەزىدە ئۇ پىكىر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مۇستەقىل كۆز قاراشلىرى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، سورۇندىكىلەرنى ئۆزىگە تارتاتتى.

بۈگۈن رازىيەنىڭ ياسىنىشى ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدىن ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا ئاق چېكەندىن چوڭ ئويما ياقىلىق كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، كۆڭلەكنىڭ ئېتىكى يەرگە سۆرۈلۈپ تۇراتتى. بۇ پاسون ئۆسكىلەڭ بويىغا بەكمۇ يارىشىپ ئۇنى چوڭ سۈپەت كۆرسىتىپ تۇراتتى. چېچىنى بولسا سورۇندىكى بۇدۇرە چاچ ئاياللارنىڭ ئەكسىچە باستۇرۇپ تاراپ، ئاددىي بىر يىپتا باغلاپ ئارقىغا تاشلىۋەتكەنىدى. قۇلاقلىرىغا، بويىنىغا، قوللىرىغا تاقىغان قىممەت باھالىق بېزەك بۇيۇملىرى يالتىراپ تۇراتتى. رازىيەنىڭ بۇ قىياپىتى بىرلا قارىغان كىشىگە قارلىق تۆپىلىك ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان «قار لەيلىسى» ماركىلىق توڭلاتقۇنىڭ ئۈستىدە پۇت-قوللىرىنى سوزغىنىچە سونايلىنىپ ياتقان ئېلان سەنئىتى ئارتىسىنىڭ بىرلا سەكرەپ مېھمانلار ئارىسىغا كىرىۋالغىنىدەك تۇيغۇ بېرەتتى.

بېلىق كۆزى قويۇلغان رومكىلارنىڭ ئىككىلا قېتىم ئايلىنىشى ئەخمەتبېكتەك ئاقسېرىق ئادەملەرنى گەدەن-پاتاڭلىرىغىچە قىزارتىۋەتتى. لېكىن، بۇ قىزىرىشنىڭ ئەخمەتبېككە پايدىسى چوڭ بولدى، جۈرئىتىنى ئاشۇردى. ھېلى ئەخمەتبېك ئىشىكتىن كىرگەندە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سالاملاشقان ئاياللار ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى مودا ئارتىسلىرىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەچكە، بۇ ئاياللارغا تىكىلىپ قاراشتىن ئەيمىنىپ، ئۆيىنىڭ تۆت تېمىدىن، ئۆي جاھازىلىرىنىڭ نۇسخىلىرىدىن زوق ئېلىپ ئولتۇرغانىدى. ئەمدىچۇ؟ ئىككى رومكا ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن ئولتۇرغان ئاياللارنى بىر باشتىن نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ يۈزىدىكى ئەڭ ئىنچىكە ھالقىلار — خالىدىن زىناقلىرىغىچە تەپسىلىي

قادىلىپ كۆزنىتىپ چىقتى. قىلچىمۇ ئەيمەنمىدى. روھىي دۇنياسىدا باشقىچە ئۆزگىرىشمۇ بولمىدى. لېكىن، كۆزى ئايالىغا يۆتكەلگەندە كۆز ئالدى ئىختىيارسىز يورۇپ كەتكەندەك بولدى. رازىيە شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ئاياللار ئارىسىدا گويا توخۇلار ئارىسىدىكى تۇرنىدەك كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. رازىيە شۇ تاپتا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەددىنى تىك تۇتۇپ، قالتىس يۇقىرى تەربىيە كۆرگەن زىيالىي خانىملاردەك باشقىچە بىر سالاپەت بىلەن مەغرۇر ئولتۇراتتى. ئەخمەتبېكنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى-دە، تۆت-بەش مېتىر نېرىدا ئولتۇرغان رازىيەگە كىشلەرنىڭ باش-بويۇنلىرى ئارىسىدىن تىكىلىپ ئولتۇرۇپ ئۆز-ئۆزىگە خىتاب قىلدى: ئىھ، رازىيە، رازىيە! مەن سەندىن تېخى بايىلا قاتتىق ئاغرىنغان ھەم ئۈمىدسىزلەنگەنىدىم. سەن ئاشۇ گۈزەل بويۇڭنى ماڭا مىننەتسىز ئاتا قىلغان يەردە، مەن سېنىڭ ئانچىكى چېچىلىشلىرىڭنى، شۇنچىكى چېقىۋېلىشلىرىڭنىمۇ كۆتۈرەلمىسەم-ھە! پاشا-قوڭغۇزلارمۇ بىگۇناھ كىشلەرنى بىمەھەل چېقىۋالىدىغۇ! ئىختىيارىي توپ ئۇرۇلغاندا ئالدى بىلەن بىزدەك بېكلەر گۈرزىدەك تېگىدىغان توپنىڭ ئالدىدا زەربىنى كۆتۈپ ئادەم سېپىلى ياساپ تۇرىمىزغۇ!

ساھىبخانىلار قايتىدىن پەيپەتەك بولۇشۇپ ئاشخانا بىلەن مېھمانخانا ئارىسىدا يورغىلاپ، مېھمانلارنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئەخمەتبېك بۇ سورۇننىڭ لەززىتىدىن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغاندەك كۆزىنى رازىيەدىن يۆتكەپ، ئەتراپتىكىلەرگە نەزەر سالدى. شۇندىلا ئۇ ھېلىدىن بۇيان رازىيەدىن زوقلىنىۋاتقان ئادەمنىڭ بىر ئۆزىلا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى، بەزىلەر رازىيەگە يەر ئاستىدىن تىكىلىپ قارىسا، بەزىلەر دىققىتىنى باشقا ياققا يۆتكەشكە قىيالمايۋاتقان ھالەتتە كۆزىنىڭ قىرىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. قادىرنىڭ قارىشى تېخىمۇ باشقىچە ئىدى. ئۇ رازىيەگە ئۇدۇل، يېقىنلا بىر يەردە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەۋېتىدىغاندەك ئېچىرقاپ قارايتتى.

ئەخمەتبېك قادىر ئىسىملىك بۇ كىشىنى تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ تويىدا كۆرگەن، رازىيە ئۇنى ساۋاقدىشىم، دەپ تونۇشتۇرغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ كىشى ئەخمەتبېكلەر بارغانلىكى سورۇننىڭ كۆپىنچىسىدە كۆزگە ئەڭ بەك چېلىقىدىغان شەخس بولۇپ قالغانىدى. ئەخمەتبېكنىڭ نەزەرىدە قادىر ئىسكەتسىز بىر ئادەم ئىدى. ئۇ تولىمۇ ئۇرۇق ھەم ئېگىز بولۇپ، يالاڭ قاپاق، كىرپىكسىز كۆزلىرى، كەپكىسىنىڭ ئاستىدىكى جەينەكتەك بېشى ئەخمەتبېككە ئۆز ناھىيىسىدىكى ھېلەك ناۋاينى ئەسلەتتى. غازىنىڭكىدەك ئۇزۇن بويىندىكى يوغان ئىككى تارتۇقى ئۇنى شېخىنى پۇتۇۋەتكەن قاپاق تېرەككىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. لېكىن، شۇنداقلىقىغا قارىماي ئۇنىڭ ھەرقانداق سورۇندا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە بەلگىلىك ئىناۋىتى بار ئىدى. ئۇ تۇرپان، توقسۇن، غۇلجا، خوتەننىڭ يەرلىك شېۋىسىنى ئاشۇرۇپ سۆزلەپ، ئولتۇرغانلارنى، بولۇپمۇ ئاياللارنى كۈلكە بۆشۈكىدە تەۋرىتىۋېتەتتى. قايسى بانكا بىلەن نەچچە ئون تۈمەن يۈەنلىك ھېساب ئاچقانلىقى ھەققىدە زورۇقۇپ سۆزلەپ، سۆلەتۋاز خوتۇنلارنى، ئەخمەتبېكتەك

uyghurkitap.com



مائاشى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى ئادەملەرنى ھەيران قالدۇراتتى، لېكىن بۇ كىشى ئەخمەتىپىككە ياقمايتتى. ئۇ ئۇنى ئاتىكاچى كۆرەتتى. ئۇنىڭ سورۇنلاردا ئاياللارنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەسلىكى ئەخمەتىپكتە بىلىنەر-بىلىنمەس ھەسەت تۇيغۇسى پەيدا قىلاتتى.

مۇزىكا توختاپ، ئوتتۇرىدا تانسا ئويناۋاتقان بىرنەچچە جۈپ ئەر-ئايال ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشى بىلەن شىرەدە ئولتۇرغانلار يەنە قەلب چۈشەندۈرۈشلىرىنى باشلىۋەتتى. رازىيە تانسا ئوينىماي ئەتراپىدىكى بىرنەچچە كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. پاراڭ ئەۋجىگە چىقتى. قادىرمۇ بۇ پاراڭدىن چەتتە قالمىدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— دېمەك يولدىشىڭىز تەنھەرىكەتچى، ئۆزىڭىزمۇ تەنتەربىيە كومىتېتىدا ئىشلەيسىز شۇنىڭ ئۈچۈنلا سىز تەنتەربىيە ساھەسىنىڭ جەمئىيەتنىڭ تولۇق ئېتىبارىغا ئېرىشەلمەيۋاتقانلىقىدىن ۋايسايسىز، قېنى ئېيتىڭا، رايونىمىز كوماندىلىرىنىڭ مۇسابىقىلەردە ئۇتتۇش بىلەن ئۇتتۇرۇۋېتىشىنىڭ باشقا كىشىلەر بىلەن نېمە پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى بار؟

— قادىر، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىش يىراقنى كۆزدە تۇتۇش نوقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلسا، نۆۋەتتىكى شارائىتتا كىشىلەرنىڭ كۆڭۈلدىن-كۆڭۈلگە ئېشىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر بىر قىسمى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ، سىزچە باشقىلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان ساھە ۋە كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىنى جەمئىيەتتىن سىقىپ چىقىرىۋېتىش كېرەكمۇ؟ — رازىيەمۇ بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەرنى ئەتراپتىكىلەرنىڭ جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاۋازىغا تېخىمۇ جاراڭلىق ۋە رىتىملىق تۈس بەردى.

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن، — دېدى قادىر تالىشىپ سۆزلەپ، — ھازىر پۈتكۈل جەمئىيەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلەندى. ھەممە ئادەم ئۆز ئىگىلىكىنى يارىتىش ئۈچۈن مىدىرلاۋاتىدۇ، «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپتىكەن، ھازىر ھېچكىم ئەتىكى قۇيرۇق مايىنى دەپ بۈگۈنكى ئۆپكىدىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمايدۇ، شۇڭا سىز نەتىجىسى يوق، مەنزىلى غۇۋا بۇنداق ساھەنى ھەر قانچە كۆچەپ تەشۋىق قىلسىڭىزمۇ نەتىجىسى بولمايدۇ دېمەكچىمەن. ئەخمەتىپكنى ئېيتساق ئۇ سوقا-سەندەلدەك بېجىرىم، بۇقىنىڭ مۈڭگۈزىدىن تۇتۇۋالسا سۇندۇرۇۋېتىدىغاندەك كۆچتۈڭگۈر، تونۇلغان پۇتبولچى، لېكىن ئۇ قانچىلىك شەرەپ قازىنالىدى؟ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قانچىلىك روناق تاپالىدى؟ بۇنداق كەسىپنى كۆككە كۆتۈرۈشنىڭ نېمە پايدىسى؟

قادىر قىلغان گېپىنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ باققاندەك ئەتراپقا قارىدى. ئۆي ئىچى خۇددى مۇھىم ئىش ئۈستىدە ئاخىرقى قارار چىقىرىش ئالدىدا تۇرغان يىغىن زالىدەك جىمجىت ئىدى. ھەممە ئادەم رازىيەگە قارىدى. رازىيە بولسا ھېچنېمە كۆرمىگەن،

ھېچنېمە ئاڭلىمىغان ئادەمدەك ئالدىدىكى رومكىغا قويۇقلۇق شامپاندىن بىر يۇتۇم ئىچتى-دە، بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— سىز ھېلى تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ نەتىجىسى يوق دېدىڭىز، سىزدەك بېيىغان سودىگەرلەر ئۇنىڭغا بىپەرۋا قارىسا، ئۆزى يەپ، ئۆزى ماختاپ يۈرسە، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ئۇنىڭغا يېتەرلىك مەبلەغ سالمىسا، يەنە نەتىجىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ مەنزىلى غۇۋا دېگىنىڭىزچۇ تېخى، سىز بۇ نۇقتىدا ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىنى نەزەردە تۇتىسىز، ئەلۋەتتە، سىز سودىگەرچىلىكتە مەيلى كۆڭىگە نەچچە مىڭ يۈەن پايدا ئېلىپ باي بولۇپ كېتىڭ، مەيلى زىيان تارتىپ تاپقان-تەرگىنىڭىزنى بىر كۈندىلا يوقىتىپ، زەردە گۆش بولۇپ كېتىڭ، ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، دەردىنى ئۆزىڭىزلا تارتىسىز، تەنتەربىيىچۇ؟ ئۇ ئاۋام خەلقنىڭ ئىشى، بىر مەيدان مۇسابىقىنىڭ غەلىبىسى بىلەن سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ياشىرىدۇ، مەغلۇبىيىتى بىلەن يەنە سانسىزلىغان كىشىلەر مەيۈسلىنىشىدۇ. ئەگەر تەرغىباتچى دېيىلسە مەن مانا مۇشۇنداق ساھەنىڭ تەرغىباتچىسى بولالىسام ئارمىنىم يوق. ئەمدى ئەخمەتبېكنىڭ قانچىلىك روناق تاپقانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، مەن تۇرۇپ سىزنىڭ باش قاتۇرۇپ كېتىشىڭىز تولىمۇ ئارتۇقچە.

پاراقلاپ كۈلۈشكەن كۈلكە ئاۋازى ئۆيىنى بىر ئالدى.

— رازىيە، سىز مېنى تەنتەربىيىگە پەقەت قىزىقمايدىغان، ئۇنى كۆرۈشنى ھەۋەس قىلمايدىغان گالۋاڭ چاغلىماڭ، مەنمۇ سەۋىيىسى يۇقىرى مۇسابىقىلەرنى نەق مەيداندا كۆرەلمىسەممۇ تېلېۋىزوردىن قىزىقىپ كۆرىمەن، — دېدى قادىر ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، — مېنىڭچە تەنتەربىيىنىڭ مېغىزىنى چەت ئەللىكلەرلا چاقىدىكەن، بولۇپمۇ پۇتبولنى ئۆزىنىڭ پەيدا بولغان ماكانى ياۋروپادا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئارگېنتىنا، برازىلىيە قاتارلىق ئەللەردە قالتىس تېپىدىكەن.

— دېمەك سىز تېلېۋىزوردىن نەچچە مەيدان توپ مۇسابىقىسىنى چالا-بۇلا كۆرۈپلا، توپنىڭ ئەسلى پەيدا بولغان ماكانىنىمۇ، توپ تېپىشنىمۇ باشقىلارغا بۇيرۇۋېتىپسىزدە...

رازىيەنىڭ گەپلىرى ناھايىتى سالماقلىق ئىدى. ئەتراپتا ئولتۇرغان ئاياللار سەل ئىلگىرى قىزىل ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن چىرايلىرى ئېچىلىپ قاش-كۆزلىرى ئويناپ كەتكەن، رازىيەنىڭ گېپىدىن كۈلكە بۆشۈكىدە تەۋرەنگەن بولسا، ئەمدىلىكتە بىر سورۇن ئەركەكنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، بىر ئۆزىلا كانايدەك سۆزلەۋاتقان بۇ «بەختلىك» ئايالغا يەر ئاستىدىن ھومىيىپ قارىشىۋاتاتتى، ئەلۋەتتە، ئاياللارنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشكە ئەرلەر سەۋەبچى بولغانىدى. ئۇلار شىرە ئارىلاپ رازىيەنىڭ گېپىنىڭ پاساھىتىگە پاس چېقىرىپ رومكا سوقۇشتۇراتتى، قادىر سەككىز قەۋەتتىن چۈشۈپ كەتتى! دەپ چوقان كۆتۈرۈشەتتى. رازىيەنىڭ يېنىغا رومكا كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى تەبرىكلىشەتتى؛ رومكىسىغا شامپان قويۇپ، ئۇنى رومكا سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشكە تەكلىپ قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com



رازىيەنىڭ سۆزلىرىدە، ھەرىكەتلىرىدە شوخچىلىق بىر تەبىئىيلىك بار ئىدىكى، بەزىلەر رازىيەگە تاغدىن-باغدىن سۆز ئاتسا، ئۇ ھېچقانچە باش قاتۇرمايلا دەل جايىدا جاۋاب بېرەتتى. رازىيە ئۆزى كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزى بولۇپ قالغاندا، ھامان ئۇلۇك-سولغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەش بىلەن جاۋاب بېرەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ۋە زوقلىنىش نەزەرى بىلەن قاراۋاتقاندا ئۇ ئاياللىق سېھىر كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئۆز نازاكىتىنى تولۇق نامايان قىلاتتى. بۈگۈنچۇ؟ ئۇ ھەر قاچانقىدىنمۇ بەك قاملاشتۇرۇۋەتتى. رازىيەنى تۇنجى قېتىم مۇشۇ سورۇندا كۆرۈپ گېپىنى ئاڭلىغۇچىلار يارەببىم، دەۋەتتى. قادىر بولسا بېشىنى سىلىغىنىچە بىر چەتكە چىقىپ زورىغا كۈلۈپ ئولتۇراتتى.

ھاراق توختاۋسىز ئايلىناتتى، بوتۇلكىلار ئارقا-ئارقىدىن بوشىماقتا ئىدى. ئەخمەتبېك بولسا قەددىنى رۇس تۇتۇپ، كەلگەن ھاراقلارنى ئۈن-تىنسىز ئىچىش بىلەن بەنت ئىدى. يېنىدا ئولتۇرغانلار بىلەن ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزمۇ قىلىشمايتتى. ئۇ ئەمدىلا سۆز باشلىسا، رازىيە ئۇنىڭغا قاراپ بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ «جىم» ئىشارىتى قىلاتتى، كېيىن بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىر سۆيۈش ھەدىيە قىلاتتى. بۇ رازىيەنىڭ مەن سورۇندا سىز ئۈچۈنمۇ سۆزلەپ قويۇۋاتىمەن، گەپ قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەن شەرتلىك بەلگىسى ئىدى. ئۇ يولدىشىنىڭ سەھرا شېۋىسىدە سۆزلەپ قويۇپ، سورۇندىكى خوتۇنلارنىڭ ئېغىزلىرىنى ئۇمچەيتىشىگە، مەسخىرە قىلىشىغا قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا، ئەخمەتبېك ھاراق بىلەنلا مىلىكە بولۇپ كۆپرەك ئىچىۋەتتى. ھەتتا «دوستلۇق ئۈچۈن»، «ئىزدىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن» سونۇلغان نۆۋەتتىن تاشقىرى رومكىلارنىمۇ رازىيەدەك چىچەن، گۈزەل ئايالغا ئەر بولۇش شەرىپىگە بېرىلگەن مۇكاپات دەپ بىلىپ، رومكىنى بېشىدىن ھالقىتىپ كۆتۈرۈپ، لىمون سۈيى ئىچكەندەك ئىچىۋەردى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ تاشقىرىغا چىقىپ شامالدىۋالغۇسى، تاماكا چېكىۋالغۇسى كەلدى. جايىدا ئولتۇرۇپ چېكىۋەرسىمۇ بولاتتىغۇ؟ لېكىن، رازىيەنىڭ ئەخمەتبېكتىن كۈتىدىغان تەلەپلىرى بەكمۇ زىل ئىدى. ئۇنىڭ ھاراق ئىچىشىنى تەشەببۇس قىلاتتىيۇ، سورۇندا تاماكا چېكىشىنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىمۇ تەنھەرىكەتچى سالاھىيىتىنى نامايان قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئەخمەتبېك بالكونغا چىقىپ خېلى ئۇزاق تۇردى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزى ئۇزۇلمەي قاتنىشىۋاتقان بۇنداق سورۇنلاردىن مەمنۇن بولغىنىچە خىيال دۇنياسىغا پاتقانىدى.

يېزا تۇرمۇشى بىلەن شەھەر تۇرمۇشىنىڭ پەرقى نېمىدېگەن چوڭ-ھە! ئالدىنقىسى نېسىي، كېيىنكىسى نەق، ئالدىنقىسى تىرىكچىلىك ئۈچۈن سازاڭ قۇرتتەك بىر ئۆمۈر تىرىشىپ، تىرمىشىش؛ كېيىنكىسى ئالتە كۈن ئىشلەپ، ئۇنىڭ پەيزىنى يەتتىنچى كۈنى كۆرۈش. بۇ ئەخمەتبېكنىڭ ئاددىي ۋە ئېنىق خىيالى ئىدى. ئۇ ئەمدى پەسكە قاراپ،

چىراغلىق كوچىلاردا مۇسابىقىگە چۈشكەندەك تېز كېتىۋاتقان ھەر خىل ماشىنىلارغا كۆز تىككىنىچە يەنە نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىيالىنى قوشنا بالكون تەرەپتىن چىقىۋاتقان شەپە بۆلۈۋەتتى.

ساھىبخان مېھمانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن قوشنىسىنىڭ ئۆيىنىمۇ ئارىيەت ئالغانىدى. بۇ خېلى يىللار ئىلگىرى سېلىنغان ئائىلىلىكلەر بىناسى بولۇپ، بالكونلىرىمۇ كىچىك، ئەينەك قاپقىقىمۇ يوق ئىدى. ئىككى بالكون ئون سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى بېتون تاختا بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى. شۇڭا، ھەر قانداق ئاۋاز، ھەتتا ئادەمنىڭ كېرىلىپ قاتتىقراپ ئەسنەشلىرىگىچە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بالكوندىن بوغۇق كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەخمەتبېك كۈلكىنىڭ ئەر-ئايال ئىككى ئادەمنىڭ ئىكەنلىكىنى، ئايالنىڭ رازىيە، ئەرنىڭ قادىر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. بېشى قېيىپ، قۇلاقلىرى غۇڭۇلداپ كەتتى. ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ، يۈرىكى قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى.

ئەمدى ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— بۇ دۇشقاق.

— مېنىڭ تۇتقۇشۇم.

— شۇنچە كىشىلەر ئالدىدا گەپتە چۈشۈرۈۋەتكەنلىكمنى كەچۈرەمسىز؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، سورۇندا ئىككىمىزدىن باشقىلارغا گەپ ئاشمىغىنىغا مەن بەك خۇش.

— سىزدىن ئالغان مېدالىئون، ئۆزۈكلەرنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋېتەي دەيمەن.

— نېمىشقا بۇلارنى ئېغىزغا ئېلىپ يۈرۈيسىز؟ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، رازىيە...

— قادىر سىز بەك ياخشى. مەنمۇ ياخشى كۆرۈش. ياخشى كۆرۈلۈش ئۈچۈن ياشاشنى بەك ئارزۇ قىلىمەن... ۋىيىەي، نەپەس ئالالماي قالدىم...

— يارەببىم!

ئەخمەتبېك لەۋلىرىنى بارماقلىرى بىلەن بېسىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاغزىدىن تۇيۇقسىز بۇ بوغۇق ئاۋاز چىقىپ كەتتى. شۇئان قوشنا بالكون پاتىپاراق بولۇپ، بالكون ئىشىكى ئەنسىز ئېچىلىپ، قاتتىق يېپىلدى.


ئەخمەتبېك ئاشخانا ئارقىلىق كارىدورغا چىققاندا، قادىر بىلەن رازىيە ئۇلەر-تىرىلىشىغا قارىماي نەچچە بالداقنى بىر ئاتلاپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەخمەتبېككە رازىيەنىڭ ئاخىرقى كۆرۈنۈشى تولىمۇ غەلىتە كۆرۈندى. ئۇ خۇددى نېرۋا كېسىلى ئادەمدەك ئىككى-ئۈچ بالداققا بىر سەكرىگەندە پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرى تىكلىشىپ، كارىدوردىكى غۇۋا قىزىل چىراغ نۇرىدا پاراس-پۇرۇس فوسفور چىقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ گەۋدە ئەخمەتبېككە راستىنلا جەسەت كۆيدۈرۈش ئوچىقىدىن قېچىپ كېتىۋاتقان جىنەدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئەخمەتبېك باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلدىمۇ ياكى كالىسىغا باشقا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىر خىيال كەلدىمۇ، ئىز بېسىپ قوغلىمىدى. ئۇ بالكوندىن قانداق چىققان بولسا، خۇددى شۇنداق قايتىپ كىردى-دە، ئىشىكنى دۈمبىسى بىلەن ئىرىۋالدى. كۆزلىرى ھېچنېمىنى كۆرمىسىمۇ، ئۇدۇلغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئىزلىرى بەدىنىنى كۆتۈرەلمىگەندەك پۈكۈلەتتى. بېشى قېيىپ، قولاقلىرى غۇڭۇلدايتتى، بىر ھازادىن كېيىن كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇ زۇلمەت گۈلدۈرلەپ پارچىلانغاندەك بولۇپ، كۆزى گىرىمسەن يورۇغاندەك بولدى. ئاسماندا چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا گويا ئۇتى ئۆچكەن سەرەڭگە ياغىچىدىكى قوقاستەك. بىلىنەر-بىلىنمەس ئۇچقۇندىغاندەك كۆرۈنەتتى. شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى شۇتاپ ئۇنىڭغا شۇ قەدەر خۇنۇك ۋە قاراڭغۇ كۆرۈندىكى، چوقچىيىپ تۇرغان بىنالار ئۇنىڭغا چۆچەكلەردىكى غايەت زور دىۋىلەر ھومىيىپ قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ گاڭگىراشتىن سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولدى، خىيال ئېكرانىدىن ھېلى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن بىر كۆرۈنۈش غىل-پال ئۆتۈپ كەتتى. بۇ رازىيەنىڭ يەلەمپەيدىن ئۆرۈلۈپ-سوقۇلۇپ چۈشۈپ كېتىپ بارغان كۆرۈنۈشى ئىدى. بۇ ئۇنىڭغا قاچاندۇر بىر ۋاقىتتىكى ئىشنى ئەسلەتكەندەك ھېچقانچە تەسىر قىلمىدى. ئاھ! ھەممە ئىش تامام، ئويلايدىغان، غەم قىلىدىغان ھېچنېمە قالمىدى. پەقەت كېرەكسىز، كۆڭۈلسىز ئوي-پىكىرلەردىن قۇتۇلسىلا بولدى! ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ قىلىشقان گەپ-سۆزلىرى، ئاۋازنى چىقىرىپ سۆيۈشكەنلىرى ئاڭلىنىپ بېشىدا قايتا چاقماق چاققاندەك بولدى. شۇ تاپتا ئەخمەتنىڭ لەۋلىرى ئۈنسىز پىچىرلايتتى:



... ئاھ لوپوخوۋ①، سەن مېنىڭ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ھەم ئاخىرقى قېتىم ئوقۇپ تۈگەتكەن رومانىمدىكى جەزىبىلىك شەخس. (رازىيە ئەخمەتبېككە «نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن روماندىن پارچىلارنى قايتا-قايتا ئوقۇپ بېرەتتى ھەمدە رومانىنى بىر ئوقۇپ چىقىشنى ۋەزىپە قىلغانىدى). مەن تۇرمۇشتا سەندەك غايىۋى مۆجىزە يارىتالمايمەن، شۇنداقتىمۇ سېنى ئاشۇ مىنۇتلارنىڭ ئاچچىق ئەلەملىرىگە چىداتقان پەرىشتىلەرنىڭ سەۋرسىدىن ماڭىمۇ بىر قەترە بەرگىن، ئاھ ئۇرماي، خورسىنماي ھاياتىمنى داۋاملاشتۇراي!

بۇ ئۆزۈك، ئەلەملىك پېچىرلاشتا قاتتىق ئۈمىدسىزلىك بار ئىدى. ئەخمەتبېككە بۇ ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر ئىش باردەك، ئۇ بۇ ئىشنى چاققانراق تاماملىغاندىلا ئاندىن بارلىق غەم-غۇسسىلەردىن خالاس بولالايدىغاندەك بىلىندى. لېكىن، قىلىشقا تېگىشلىك بۇ مۇھىم ئىش نېمە؟ نېمە قىلىش كېرەك؟ ئەخمەتبېككە بۇ ئىش تازا ئېنىق ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسەبىيلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى.

ئەخمەتبېك كۆككە قاراپ قىمىرلىماي تۇرۇۋەردى. لېكىن، قولى ئىخلاس بىلەن تاماكا ئورايتتى. ئۇ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ ئېغىر بىر نەپەس ئېلىپ قاتتىق چاڭقىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەتراپقا قارىدى، ئۇنىڭچە ئۆزىگە مۇشۇ كىچىككىنە بالكوندىن باشقا پاناھلانغۇدەك ئورۇن قالمىغاندەك، ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر يەردىن تېپىلىدىغاندەك ئىدى. ئەخمەتبېك كۆزىنى يۇلۇڭغا تىكتى. بىرنەچچە چوڭ-كىچىك قەغەز يەشكىلەرنىڭ ئۈستىلەپ رەتسىز تىزىپ قويۇلغانلىقى ئاي يورۇقىدا ئېنىق كۆرۈندى. بىر چەتتە ئۇزۇنلۇقى ئىككى غۇلاچ كەلگۈدەك قىلدىن ئۆرۈلگەن بىر چار ئارغامچا تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قارىسى سەل كېڭەيگەندەك بولدى-دە، كۆزلىرىنى يۇمدى. شۇئان بۇ ئارغامچا ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىنى دەھشەتلىك دولقۇن چىقىرىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا باشلاپ باردى. ھېلىقى ئارغامچا غايەت زور سۇ يىلىنىدەك بىر تولغىنىپ، بىر سوزۇلۇپ، دەريانىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە باشلاپ ماڭماقتا، ئەخمەتبېك بولسا دولقۇن پەيدا قىلغان قايىنامدا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ئۇنىڭغا ئەگەشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇرۇن-قۇلاقلىرىغا سۇ كىرەتتى، باشلىرىنى چايقايتتى، ئاغزىغا سۇ كىرەتتى، پۇركۈيتتى، لېكىن ئۇسسۇزلۇقى قانمايتتى. ئۇ قىيانغا ئېقىپ كېتىۋاتقان يوپۇرماقتەك ئىختىيارسىز لەپەڭشىپ ئېقىۋەردى، دەريا سۈيى قايسىبىر بىپايان سۇلار دۇنياسىغا قۇيۇلغاندەك، ئەخمەتبېكمۇ بىر ئازدىن كېيىن ئۆزىنى چەكسىز دېڭىزدا بىر كۆتەككە ئېسىلىۋېلىپ، دولقۇن بىلەن تەڭ ئۆركەشلەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. دېڭىز ئۇنىڭغا ئۇچماراۋان دەرياسىدەك تەسەللى بېرەلمەيتتى، چېتىنى كۆرسىتەلمەيتتى، توقايلىقلىرىدا دەم سالالمايتتى. ئەخمەتبېك بولسا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە رازىدەك ئىدى. ئۇنىڭ ئالدى كۆز يەتكۈسىز — بىپايان، مەنزىلى ئۇزۇن — دۇنيانىڭ

① لوپوخوۋ — «نېمە قىلىش كېرەك» ناملىق رومانىنىڭ باش قەھرىمانى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ چېتىدەك قىلاتتى. ئەخمەتبېككە مەنزىلگە يەتكەندىلا ئۇسسۇزلۇقى قانىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ بۇ پىداكارلىقى دېڭىز ئىلاھىنى تەسىرلەندۇرگەنلىكى ئېهتىمال... ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى يورۇق دۇنيادا ئەمەس، ئەتراپى ئېتىكلىك تۈلۈم يەلكەن ئىچىدە يورۇقلۇق تېزلىكىدە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى... خەيرىيەت، بېلىقچى بوۋاي رىۋايىتىدىكى ۋاپادار بېلىق ئۇنى ئۆز مەنزىلگە — دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە يەتكۈزۈپ قويسا!

## خاتىمە

تۆتىنچى نۆۋەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە بۇ كوماندا ھېچقانداق تۈردە نەتىجە ئېرىشەلمىدى؛ بىرمۇ ئالتۇن مېدال ئالالمىدى؛ «0» نومۇر بىلەن قايتىپ كەلدى.

بۇ كۈنلەردە مۇخبىرلارنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ پەۋقۇلئاددە جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇلار ھەرقايسى ئورۇنلارغا بېرىپ زىيارەت قىلاتتى. مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ئىزدەيتتى.

تەنتەربىيە ساھەسىنىڭ رەھبەرلىرى قوبۇل قىلىدىغان مۇخبىرلار تىزىملىكىدە مۇختەر ئىسىملىك ياش پراكتىكانت مۇخبىرمۇ بار ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى تەنتەربىيە كومىتېتى بىناسىنىڭ كارىدورىدا پەرىشان ھالدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. كۆزلىرى بولسا چوڭقۇر خىيال ئىلكىدە يالقۇنجايتتى. ئۇ ئۆز ئادىتى بويىچە بۇ يەرگە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە چۈشتىن كېيىن كىشىلەر ئىشتىن چۈشۈشكە يېقىن كېلەتتى. ئۇنىڭچە مۇشۇنداق قىلغاندا زىيارەت ئوبيېكتلىرى بىلەن ئۇچراشقىلى بولاتتى. ئۇ ئىككى ھەپتىدىن بۇيان بۇ يەرگە مۇشۇ تەرىقىدە كېلىۋەرگەچكە ھەربىر ئىشىك، ھەر بىر پەلەمپەي ئۇنىڭغا بەش قولدەك تونۇش بولۇپ كەتتى. بىرى يەنە بىرىگە، ئۇ يەنە بىرىگە ھاۋالە قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇ نۇرغۇن خادىملارنى ئىزدەشكە توغرا كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ھېچكىم ئەستايىدىل جاۋاب بېرەلمىدى. «... تەنھەرىكەتچىلىرىمىزنىڭ تەنتەربىيە ئاساسى ۋە بەدەن سۈپىتى ئەسلىدىنلا تۆۋەن...»، «... ھازىرقى تەنتەربىيە تۈرلىرى رايونىمىزدىكى خەلقلەرگە ئومۇمەن يات، ئەنئەنىۋى باغلىنىشى ياكى ئاساسى يوق...»، «...تەنھەرىكەتچىلەر مەيداندا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ماھارىتىنى تولۇق جارى قىلدۇردى... لېكىن ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن تەڭلىشىش ئۈچۈن يەنە نەچچە ئون يىللاپ جاپالىق ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ...» بۇ نېمىدېگەن چەكسىز ئېتىبار ۋە شەرتسىز مۇكاپاتلار-ھە! بۇ ساھەدىكى رەھبەرلەر خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى تەتقىق قىلمامدىغاندۇ؟ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختا ئاتنىڭ بىقىنىنى دەسسەپ، ئۈستىنى ئارامگاھ، يالىنى نوختا قىلىپ يۈرىدىغان چەۋەنداز مىللەت سۈپىتىدە قەيت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىشمەمدىغاندۇ؟ ياۋروپالىقلار ئالاھىدە چوڭ بىلىدىغان «پاقا كۆندۈرۈش ھەرىكىتى»، «گولف توپ»تىن كۆپ قىزىقارلىق،

رىقابەتلىشىش دەرىجىسى كۈچلۈك، تەن ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى تەلەپ قىلىدىغان «ئات ئۈستى توپى» چەۋگان، ئۈردىكام، كالتەك توپ (گاگار)، دارۋاز، چوكان كەلدى قاتارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئاساسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، ھەتتا بۇ تۈرلەرنىڭ سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، توي-تۆكۈن ۋە مۇراسىملاردا ئوينىلىدىغان ئاممىۋى ھەرىكەتكە ئايلانغانلىقىنى بىلىشمەمدىغاندۇ؟ بەش يىل سىستېمىلىق تەنتەربىيە كۆرگەن، پات ئارىدا جەمئىيەتكە چىقىش ئالدىدا تۇرغان بىر مۇخبىر مۇشۇنداق قېلىپلاشتۇرۇلغان سۆز-ئىبارىلەر دۆۋىسىنى كۆچۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئىككى ھەپتىدىن ئارتۇق يول ماڭدىمۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن شىنجاڭ تەنتەربىيە سېپىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتى ئۈستىدە سۆز ئاچمايدىغاندۇ؟ مۇختەرنىڭ كارىدوردا توختىماي ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشى — يۇقىرىقى قاتمۇ قات مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەش ئۈچۈن ئىدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ھېكايىمىزنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بۇ مۇخبىرنى كىمكىن دەپ قالماڭ، ئۇ رازىيەنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى مۇختەر.

مۇختەر قېيىن ئاكىسى ئەخمەتبېكنى ئويلىدى. ئۇنىڭ بالكونغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇ ھازىرغىچە چۈشەنمەيتتى. قانداقتۇر «تېرىنېردىن قاتتىق تەنبىھ ئاڭلىغانلىقى... بىرنەچچە مەيدان مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلمىغانلىقىنى ھار ئېلىپ شۇنداق قىپتۇ...» دېگەن مىش-مىش پاراڭلارنىلا ئاڭلىغانىدى. ھەدىسىمۇ ئەرزىمەس سەۋەبلەر بىلەن خىزمىتىنى باشقا شەھەرگە يۆتكەپ، ئۇلار بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قالغانىدى.

مۇختەر يەنىلا كارىدوردا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن مۈكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بۇ چىرايلارنىڭ بىر مۇنچىسى ئۇنىڭغا تونۇش بولسىمۇ ئۇ خۇددى يېنىدا ئادەم يوقتەك، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك گاھ ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى. گاھ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالاتتى. چىرايى بولسا جىددىي تۈس ئالغان ھالدا چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

مۇختەرنىڭ ئېسىگە تېرىنېر ئەسئەت كەلگەنىدى. ئىلگىرى ئەخمەتبېك بۇ تېرىنېرنىڭ نۇرغۇن ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى مۇختەرگە سۆزلەپ بەرگەن، ئۇنىڭچە بۇ تېرىنېر تەنتەربىيە سېپىدىكى ئالىيجاناب كىشى ئىدى.

مۇختەر شۇئان خۇددى دادىسىدىن ھېيتلىق ئېلىپ بازارغا چاپقان باللاردەك نەچچە پەلەمپەينى بىر ئاتلاپ تۆۋەنگە قاراپ شۇڭغۇدى. چۈنكى، ئۇ كۆڭلىدىكىدەك ماتېرىيال بېرىدىغان مەنبەنى تاپقانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلغانىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

www.uyghurkitap.com

ياسىن زىلال

# ساداقەت

(داستان)

## مۇقەددىمە

ئانام قارنىدا،
روھىمدا مانان ئارا ئىقبالىم
گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي،
ئۆمرۈمگە ئىزلىگەن كومپاس.
شۇ چاغ روھىم يۇلقۇنۇپ تەندىن
ساماۋى كۆكتە
ئەنقا بولۇپ پەر قاققىنىم راست.
ئۈچرىتالماي تەگرىمنى ئۈندىن.
مەن خوشلىشىپ چىققاندا كۈندىن،
قۇياش بەرگەن بىر پارچىسىنى
ئىرادەمگە بىلدۈرۈپ ئىخلاس.
تۇغۇلدۇم،
تەقدىر زاكىسغا بوغۇلدۇم،
بىلمىدىم، ھازىرغىچە سورايمەن:
— مەن كىم؟
جاۋابىمنى ھېچكىم ئۇقالماس.
گاھى ئويلاپ قالىمەن،
شەكلى جان-روھىمنىڭ
شامال سوققان گۈل بەرگىدىكى
ئېرىگەن ئالماس.

روھ نېمە ئۇ؟
ئوخشار نېمىگە؟
بەلكى يوقتۇر ئۇنىڭغا تەققاس.

1

مانا كەچ...
ياتاتتىم ئويغاق
خىيال رۇجىكىدىن ئاسمانغا بېقىپ.
غىدىقلىدى نىگاھىم كۆكنى،
بۇلۇتلارنىڭ كۆكسىنى چېقىپ.
دومىلىغان ئالتۇن شارسىمان
بىر سەييارە كەلمەكتە ئېقىپ.
زىلزىلىدە قالدىم تېگىرقاپ،
ھېسلىرىمدىن چاقماقلار چېقىپ...
قارىغىنا ھېچ بىلەلمىدىم،
ئۇ نېمە؟
مۆئەمما!
پەنجىرەمگە قوندى ئۇ مانا،
ھۇجرام ئىچرە تۆمەن رەڭ شولا.

مىدىرلىماس جىسمىم ئەجەبا؟
تۇرىدۇ ئەنە ئۇتتەك ۋالىلداپ.
ئاڭلىنىدۇ ئاياغ تىۋىشى،
يۇلقۇنىدۇ جىنىم تىپىرلاپ،
كۆكرىكىمگە تەگدى بىر نەرسە،
قەپەسلىرىم سۇندى چاراسلاپ.
كەلدى غايىب قول،
يۇلۇندى ئاھ يۈرەك پاراسلاپ.
ئۇچتى شولا، كەتتى يىراقلاپ.
بولدۇم تارىسىز، كۆكسى يوق راۋاپ،
مۇز دەرياسى ئاقتى تېگىمدە
كۆزلىرىمدىن مۆلدۈر تاراسلاپ.
چىقىپ قالدىم تالاغا بىردىن،
ئۇچتۇممۇ يا ئۇچۇرۇلدۇممۇ؟
بارماقتىمەن ئاسماننى بويلاپ.
كائىنات تىمتاس،
شەلپەر شولا بارار لەرزان،
يۈرىكىم بار ئۇنىڭ ئىلكىدە،
پەريادىمغا ئاسمان سىيرىلدى،
تىك چوققىلار چاك-چاك يېرىلدى،
پەقەت ھېلىقى
يۈرىكىمنى مىجىقلاپ ئويناپ،
مازاق قىلىپ سالىدۇ خەندە.
يۈرىكىمنى قوغلاپ، مىڭ يىغلاپ،
كەزدىم تىكە نزار،
ئوت ئىچتىم ھەتتا،
گۈلدۈرماما چاقماق سۈرگەندە.
يا يېتەلمىدىم، يا كېچەلمىدىم،
قانداق كېچىمەن؟
يۈرىكىمدىن كەچمەيمەن،
بوغۇزلىنىپ كەتسەممۇ ئەگەر.
قاي مەنزىللەر قالدى تاشلىنىپ
قانچە ۋاقىت قىلدىمكىن سەپەر؟

ئالدىمدىكى ئۇ قايسى لەنگەر؟
ئەييۇھاناس،
بىر قەسرى راۋاق،
قۇببىلاردا يالتىرايدۇ زەر.
تېمى كۈمۈش، ئىشىكى تىللا،
تورۇسلاردا تۈمەنلەپ گۆھەر.
دەرۋازىلار ئېچىلدى بىر-بىر،
بوسۇغىدىن ئاتلىدىم دىر-دىر،
پېشانەمدە چىلىق-چىلىق تەر.
كىرىۋاتىمەن،
دەرۋازىلار يېپىلدى بىر-بىر،
جان تولغاندى ئىچكەندەك زەھەر.
دەل ئاشۇ چاغ ھېلىقى شولا
بىر ئۆرگىلىپ بولدى ھۆر سەرۋەر،
ئاستا-ئاستا كەلدى يېقىنلاپ
لەۋلىرىدە كۆتۈرۈپ كەۋسەر.
ئاھ، مەن داجىدىم،
بۇلۇڭلارغا ئاتتىم ئۆزۈمنى،
ئۇ تاشلاندى گويا بولۇپ قۇش.
لەۋلىرىدە يېنىك تىترەش،
ماڭلىيىدا ئەسەب، ھودۇقۇش.
ئېرىمدىم
گۇناھتۇر-گۇناھ
نىگارىمغا تالىق ۋەسلىمنى
غەيرىيلەرگە لەھزە تۇتقۇزۇش...
ياڭراپ بىردىن ھەيۋەتلىك سادا
دەرۋازىلار كەتتى ئېچىلىپ.
كىردى گۈلگۈن يۈزلەر تىغ تۇتۇپ
ئىشكلەرگە سىغماي تىقىلىپ.
كۆزلىرىدە دوزاخ گۈركىرەر.
كېلىپ بىر لىۋەن
كېلىشتۈرۈپ سالدى تەستەككە،
(تاياق ئۇنى يەتتى پەلەككە)

www.uyghurkitap.com

يۈز-كۆزۈمگە نەقىش چېكىلىپ،
تاياق ئۇنى تېخى ئۆچمەستە،
بېشىمدىن ھوش ئەيلىدى پەرۋاز،
يىقىلغانىدەك ئاسماندىن دارۋاز،
تەگسىز ھاڭغا كەتتىم يىقىلىپ.
— نېمە بولدى؟
قانچە قېتىم ئالماشتى كېچە؟
ۋە قانچە رەت يورىدىكىن تاڭ؟!
نەزەر سالسام مەن زەر تۆشەكتە،
باشلىرىم گاراڭ.
جامالىغا جىلۋە تولدۇرۇپ،
ئولتۇرۇپتۇ ھېلىقى زىبا،
باشلىدى ئۇ سۆيگۈدىن پاراڭ:
جېنىم مەرھابا،
كېنىزەكلەر ئۆتكۈزدى سەۋەن،
ئالدىڭىزدا مىڭ ئېگىلىمەن،
كۆڭۈلگە ئالماڭ!
ماڭا قاراڭ،
ئالتۇن خانىدان، جىسمىم بىلەن جان،
سىزنىڭ بولسۇن ئىككىلا جاھان.
مېنى قىينىماڭ،
غايىب بىر كۈچ چۇلغاپ دىلىمنى،
جاسارەتكە ئۈندەپ تىلىمنى،
ۋارقىرىدىم قەھرىمنى چېچىپ:
كۆزۈمدىن يوقال، ئالۋاستى ساراڭ!
ئاۋازىمدىن قەسىر سىلكىنىپ،
ئىشكىلەردە ئالتۇن ھالقىلار
كاچاتلاشتى جاراڭ جاراڭ.
گۈليۈزلۈكتىن ئۆچتى تەبەسسۇم،
يۈرىكىمنى تاشلىدى ئوتقا،
شۇنچە دەھشەت ۋە شۇنچە مەشئۇم...
ئاتەش مېنى كاۋاپ ئېتەلمەس،
گۈلخاندۇر-دە، مېنىڭ بار-يوقۇم!
ئوتلۇقۇمنى ئوت ئاشۇرمامدۇ،
ئىسسىقلىقىم تارالسا كەڭ-كەڭ
يىراقلارغا يانار يورۇقۇم.
لاخشىگىردا قىسىلغان يۈرەك،
ئۇ بەئەينى قېپقىزىل يالقۇن.
تاۋلانغانتى ئاۋۋالقىدىن بەك،
تاۋلانغانىدەك يالقۇندا ئالتۇن.
قەسىرلەرنى چاقناتتى تۈگەل
زۇلمەت بۇلۇڭ قوينىدا ئۇچقۇن...

2

قوللىرىمغا چۈشتى زەنجىرلەر،
پۇتلىرىمدا شاراقلار كىشەن.
ئاھ بوينۇمدا چوغلانغان ھالقا،
قامچىلاردىن قىيما-قىيما تەن.
بىر تۇتقۇچ بولدى گۈليۈز-گۈل بەدەن،
بولدى ئەزىم دەرياغا سالماق،
سۇر-توقاي بوپ كېتىۋاتىمەن.
ئەزىم دولقۇن، كۆرۈنمەس قىرغاق،
بۇركۈت ئۇچۇپ ئۆتەلمەس جەزمەن.
قاينام ماڭا بولماقچى ۋەتەن،
كۆزلىرىمدىن ئىزلەر ئىلىنجا،
غېرىب يىلىنىش،
ماقۇل دېسەم تاشلىماس ئىمىش،
ۋارقىرىدىم:
بول ئەي غالچىلار،
نېمە قىلساڭ مانا ھازىرمەن!
مۇئەللەقتىن تاشلىدى مېنى،
چۈشتۇم بۇلۇت ئاراشلىرىدىن،
شاۋقۇن يىغلار باغرىدا غەزەپ.
ئۇچتۇم قوچۇپ ئۇلۇغ ئۆركەشنى،
ھەم ئۇرۇلدۇم تاشلارغا ھەدەپ.

قايناملاردا پىرقىراپ گاھى
گاھ بۆزغۇنلار ئۈستىدە لەيلەپ.
يىغلىمىدىم ئۆلۈم ئالدىدا،
ھەر قىسمەتكە ئۆزۈمنى دەللەپ.
پەقەت ئارزاق ياشىسام دەيمەن،
تەقدىرىمنى ئۆزۈم ئىگىلەپ؟!
مەن باغلانغان زەنجىر چېتىلغان
قىرغاقنىكى قوزۇقتا مەھكەم.
ئۆلتۈرمەكچى ئەمەستۇر مېنى
ياۋاشلاتماق ئۈچۈن بۇ سەتەم.
مۇھەببەتنى بۇلاپ ئالغاننى
كۆرگەنمۇ سەن، ئېيتقىنا ئالەم؟
قىرغاقتا تۇرۇپ،
ناز، ھىيلە ھەم ئىما قىلدۇ،
ۋاي ئەقىلسىز، ۋاي-ۋاي كالتە پەم،
شۇڭغۇپ، لەيلەپ شىددەت ئىچىدە
يۇردۇم بىر مەھەل.
پۈت-قولۇمنى ئۆز ئەركىگە قويمايدۇ ئىشكەل.
سېھىرلىك ناخشىسىنى ئېيتماقتا ئەجەل.
مەن يىراقلاپ كەتتىم قىرغاقتىن،
سۇ قويىندا سوزۇلغان زەنجىر
جان-جىسمىمغا پاتماقتا تۈگەل.
ئاھ، قارىغىنا، بەك قورقۇنچلۇق،
كېلىۋاتىمەن نېمە ئۇ زادى؟
لەھەڭ ئۆزى دەل!
تۈيماقتىمەن، بۇ ئاخىرقى دەم،
كۆردى مېنى يىراقتىن لەھەڭ.
ئۇ يۇتماقنى ئويلاپ ئېتىلدى،
زەنجىر تارتىلدى قىرغاق تامان تەڭ.
لەھەڭ ئۈزدى زەنجىرنى، ھەيھات،
مەن يۇتۇلدۇم ئۇنىڭ باغرىغا،
ئەلۋىدا ھايات،
سۆيۈملۈكۈم قەترە ياش تۆكمەڭ!

لەھەڭ قارنىدىمەن،
ئېھتىمال يىرتىلغاندۇ يۈزلەپ كالپىندار.
پەقەت، پەقەت ئويلايدىغىنىم:
شۇ قومۇش كەپەم،
كېيىندىك قېنىم تامغان مەھەللەم
غەم ئۆيىگە ئايلانغانمىدۇ؟
ئۈچۈپ كەتكەندىمۇ قارلىغاچ جانىۋار؟!
كاككۇك مۇڭ كۆتۈرسە يىراق ئورماندا،
شامالار تاپالماي مېنى جاھاندىن،
گۈلگۈن ياش تۆكتىمكىن مەن ئامراق
باھار؟
مەن تۇغۇلۇپ قالدىم لەھەڭدىن
سۇ شەپەق رەڭگىنى ئالغان سەھەردە.
مەن خانىش بېلىقتا يۇتۇلۇپتىمەن،
ھەم ئۇنىڭدىن تۇغۇلۇپتىمەن
ھە، دېمەك مەن بۇندا شاھزادە،
قارا بۇ ئىشنى:
بىلەلمەيۋاتىمەن،
يا كۈلۈشۈمنى، يا يىغلىشىمنى.
مانا ئېسىل تەختىراۋانلار،
مەرمەر تۈۋرۈك قەسرى-ئايۋانلار
گۆھەر تەخت مېنىڭمىش بۇدەم،
ھەي بۇ قىسمەت، بۇ كەچمىشىمنى.
سۇ دۇنياسى ماڭا سەجدىدە،
مەن بۇندا سۇلتان.
ئالقىنىمدا سىرلىق ئەنگۈشتەر،
نۇسرەت ئەسلى ئۇنىڭدا ئىمىش،
لەكمىك-لەكمىك لاۋۇ لەشكەرلەر
يۈكۈنۈپ ئالدىمدا كۈتمەكتە پەرمان.
ئىبە، بۇ سەلتەنەت، نەقەدەر ھەيۋەت،
لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈم يوق پەقەت،
ئاھ، قومۇش كەپەم،
ياۋا توشقان قاچقان دۆڭلۈكۈم،

ئۇشتىلەنگەن ماتا كۆڭلىكىم،
قېنى سىلەر، قېنچۇ سىلەر؟
توشاي دەپلا قالدىڭغۇ يەيمان!
ئاھ، قېنى سەن ئىنسانىي دۇنيا؟!
ھارام ماڭا بۇنداق سەلتەنەت،
مەن بىچارە، بېگانە بۇندا.
ئانا يەر دەرىخدە بولۇپ بىر خازان،
مەيلى ئىدى ئۇچسام قۇيۇندا.
سەۋرىم پۈتتى،
سىھرىي ئەگۈشتەر
قەھرىم بىلەن ئۇرۇلدى تاشقا،
(قۇتۇلۇشقا يوق چارە باشقا.)
كۇكۇم-تالقان بولدى ئۇ مانا.
بىردىن ئەتراپ كەتتى لەپپەڭشىپ،
قەسىرلەر يىقىلدى، ئېقىن داۋالغۇپ،
مۇنار-مۇنار ياسالدى ئۇيۇقۇن،
تاشلار سوقۇلۇپ،
سۇ كۆكسىدە سويىلدى يالقۇن،
سەل يامرىدى ساھىلدىن تېشىپ.
تېگى يوق چوڭقۇرغا شۇڭغۇدۇم بىردەم،
گاھ ئاسمانغا ئۇرۇلدى سىنەم،
شۇ چاغ بىپەرۋا،
دىيدىم ھايات بىلەن كېڭشىپ:
مەن كۆرمىگەن نىمىلەرنى، ۋاھ،
بۇ كۇندىنمۇ قالىمەن ئېشىپ.

3

قاياقتىندۇر ئۇچقان بىر دولقۇن
ئېتىۋەتتى مېنى قىرغاققا.
بىلىق جىسمىم قۇچتى بارخاننى،
يۇچىلاندىم قوقاس تۇپراققا.
قۇم دانچىسى تولدى تامغاققا،
جان تەقەززا بولدى پىچاققا.
يەردىن تونۇر تەپتى كېلىدۇ،
قۇملار كۆيۈپ چىرسىلاپ قالار.
قۇمغا ئۇرۇلۇپ نىمجان تېنىمنى
پىلتىلىك ئاتىمەن، يوق قىلچە مادار.
قوڭغۇراق ئۈنى!
كۆڭلۈم ئاڭلىدى،
غايىب ئۇمىد ئاچماقتا رۇخسار.
راۋاپ ئۈنى ئۆچتى، يوقالدى
ئاڭلانمىدى ئۇزاق كولدۇرما.
خىرەلەشتى چۇشۇمدىكى چۇش،
كۆز ئالدىمدا پىرقىرايدۇ كۆك،
قىسماقتا دۇنيا.
قۇمغا يېرىم پاتقان بېشىمغا
چۇشتى بىر سايە
ئەجەلمۇ بۇ، ياكى ھىمايە؟!
ئاھ...!
كۆزلىرىدىن ئوت يانغان بىر قۇش
شىددەت بىلەن تاشلاندى ماڭا،
ئۆتكۈر تىرناق ئالدى پەنجىگە،
چوقۇلاپلا كۆتۈرۈپ مېنى،
پەرۋاز قىلدى چەكسىز ساماغا.
بىر تامچە قان تامدى تېنىمدىن،
جىسمىم بولدى قۇش بىلەن راۋان.
لېكىن، تامغان قان
ھاياتىمغا بولدى ئاشىيان
سىڭدىم يەرگە قان بىلەن شۇئان.
تاتىلدىم روھىمدا يەرنى،
قىمىرلىدىم تىنماي-توختىماي
يەرنى يېرىپ بىخلاندىم ئاخىر،
قارا، چۆلدە بۇ نىلۇپەرنى.
تاڭ قالدۇردى جىسمىمدىكى نۇر
قۇياش سۆيگەن ئالتۇن سەھەرنى.

زامان ئۆتتى، تىرىلدى چاتاق،
جىلۋەم چاقناپ قالغاچ ئەرشتە،
كۆرۈپ قاپتۇ مىنى پەرىشتە،
ئۇلار كەلدى مىنىپ ئۈكەرنى.
يۇلۇۋاتقىن، دەپ
قۇيۇنلارغا يالۋۇرۇپ تۇرسام،
هۇرلەر يۇلۇپ مىنى زىمىندىن،
تىكتى ئەرشتە ئالىي بىهىشكە.
جەننەت، جەننەت شۇنچىلىك ئىكەن،
بىزار هىسلار قەلبىمدە تىكەن،
ئاتا-بوۋام يا بولۇپ قاتقان
يىغلاپ تىلەپ ئاڭا كىرىشكە.
ئەي ئاق دىل مۆمىن،
پىشانەڭنى كۆتۈر تۇپراقتىن،
قالدىڭ ئوخشاپ قاتقان بىدىشكە!
مەن كىردىم مانا،
جەننەت كۆردى تۇنجى نىلۇپەر،
مەن كەلدىم يەردىن،
ئاه، قانچىلىك ئۇزۇن بۇ سەپەر؟!
رىزۋان ئىكەن هۇرلەرگە باشچى،
ماڭا ئاشىق بولۇپ تەلمۈرەر.
كىپچىلىرى، ئەل تىنجىغاندا،
ئالتۇن ئىدىش ئىككى قولىدا،
ئاپئاق نۇرغا پۈركىنىپ كىلەر.
ئۈزۈلمىدى زىبا سەهەرلەر،
ئۈپۈق هەر تاڭ يىڭى كىلىنچەك.
قوشۇلماقتا جىلۋەمگە جىلۋە
غولۇم غۇژمەك-غۇژمەك گۈل-پورەك.
كىچە ... ئاي هىلال،
رىزۋان كەلدى يەنە بۇ كىچە،
بۇزۇلغاندۇ چۈشى ئىهتىمال.
سۆيۈپ كەتتى بەرگىمنى قانماي،
ئازابلىق دەم، چۈشتى گويا ئال.

شاخ ئىچىدە قىينالدى روهىم،
ئاه، تىتىلدى بار سىهرىي قامال.
پەيدا بولدى ئەسلى سىياقىم،
قارىڭا، مەن ئادەم بەركامال
ئاجىز پەرىشتە يىقىلدى يەرگە،
تىترەيدۇ غال-غال.
كىتىۋىرەي دىدىم دەسلىپى
تاش بىغىرلىق ئىنسانغا بەدهال،
يەردىن ئالدىم باغرىمغا دەرهال.
ئۆتتى دەملەر، تاڭغا يىقىنراق،
قىمىرلىدى باغرىمدا ئاستا،
كىرپىك ئىچىپ، نۇرلاندى قاراق.
بىلىق قوللار قىستى بىلىمنى،
خۇمار بىقىپ لەۋ سوزدى مۇشتاق.
تىناللماي قالدىم،
يۈز-كۆزۈمنى يىراققا ئالدىم
كاۋاپ قىلدى كۆكسىنى پىراق.
قاچتىم،
يىقىلدىم.
تۇردۇم،
ئىىتىلدىم.
ئۇ كىلىدۇ ئارقامدىن قالماي،
قولىرىنى سوزار ئۇيالماي،
قارا تەقدىرگە
چالما-كىسەك تۆكتى نەپرىتىم.
يۈگۈرۈشتىن توختىدىم ئاخىر،
غىرىچ ئارىلىق نىرىدا رىزۋان،
كاچات ئۇردۇم چۆرۈلگەن پىتىم.
ئۇ يىقىلدى بىر چىرقىراپلا،
شەهۋەت تولغان كۆزىنى يۇمۇپ.
كىلىپ ئەزرائىل،
گاللىرىمدىن ئالدى چىڭ بوغۇپ،
مەن تۇرمىدىم ئاڭا يول قويۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئاجراپ چىقتىم قانچە يۇلقۇنۇپ.
لېكىن، ئامەت كاج
كۆكتىن چۈشتى بىر تۆمۈر قەپەس،
تۆت ئەتراپىم قالدى توسۇلۇپ.
تىلىدىم كۆككە يىغانلىق نىدا،
قۇدرەتلىك خۇدا، ئاھ، قەيەردىسەن؟!
بىز بىلەتتۇق سېنى باشپاناھ.
مەن قىلدىم نېمە؟
ئۆتكۈزگىنىم قانداق بىر گۇناھ؟
خىيانەتمۇ ساقلىماق ۋاپا؟
رازىمەن پۈتۈن،
بارلىقىمنى ئەيلىگىن تۈتۈن،
تەنلىرىمنى قۇمغا چېچىۋەت،
پاكى بولمىسا ھالىمنى سورا،
مەن ئاجىزغا بولغىن دادىخاھ!
سەل تەمتىرەپ قالدى ئەزرائىل،
قورقتى بولغاي بەلكى تەگرىمدىن.
سەككىز جەننەت ياگرىغان ئىدى
ئاۋازىمغا سىگگەن قەھرىمدىن.
دېدىم: توختا!
سەن ئالماقچى جان؟!
قاچان ئالساڭ ئالسەن ھامان،
پەرمانبەردارمەن، ئەمما، تىلىكىم،
جاۋاب بەر، سوراي:
جان ئالسەن زىنھار تۈيدۇرماي.
نېچۈك ھېكمىتىڭ؟
مەھشەر كۈنى ئەرزىم بولمىغاي
ئەزرائىل شۇئان
ئالدىمدىلا تىلى ئاستىدىن
ئالدى بۇغدايچىلىك نېمىنى.
ئۆز قولۇمغا ئېلىپ كۆرەي، دەپ
سوزدۇم ئاكا، مەن ئالغىنىمنى.
بىر ھارارەت چۇلغاپ قېنىمنى،
ئاغزىمغا سالدىم،
تۈيۈپ تۇردۇم يۇتۇۋاتقىنىمنى.
دېيەلمىدى ئەگگۈشتەر قېنى،
پەرۋاز قىلدى جىسمىمدىن جېنى.
توپا-تۇپراق بوپ كەتتى تېنى.
بۇ پىنھاندىن قالدى خەۋەرسىز،
ھەق دەرگاھى، روھلار ۋەتىنى،
كۆتۈردۇم چۇقان:
ئەمدى ئۆلۈم كۆرمەيدۇ جاھان،
ئەزىز تەندىن يۇلۇنمايدۇ جان!
ۋە لېكىن شۇئان
بىر ھېس كەزدى مەندە قوترىغان،
قان كۆرۈندى ئالدىم بىپايان.
جان ئالماققا قوزغالدى ھەۋەس،
غالجىرلىدىم ئەزرائىلسىمان.
دىلدا ئارمان، تىلىمدا بايان:
جان ئال، ئۆلتۈر، دېگەن بىر دەۋەت.
قۇتراپ كەتتىم غالجىرلىقىمدىن،
(ئەسەر يوقتۇر ئىنسانلىقىمدىن)
جان خۇمارى قىلدى بىتاقەت.
شۇنداق تۇرسام، يوچۇن پەرىشتە
ئېلىپ كەلدى خۇدادىن يارلىق.
دەپتۇ: «جاننى جۇدا قىل تېزدىن
تويى بولغان شۇ يىگىت-قىزدىن!»
شادلىقىمدىن يىرىلاي دېدىم،
قىلدى ماڭا كەڭ ئالەم تارلىق.
چاپتىم شۇ يان،
ئاياغ تېگىمدە
پايىخان بولدى تالاي گۈلزارلىق...
باردىم، كىردىم شۇ ئۆيگە غايىب،
يەشتى يىگىت قىزنىڭ ئەگلىنى،
قىز يىگىتكە باقار خۇمارلىق.
ماموق تۆشەك، چىرايلىق تەكىيە،

دىلدىن دىلغا ئاقار دىلدارلىق.
قىز تۆشەككە چىقتى قىزىرىپ،
ئىھ... خۇش چىھىر، قانداق چىرايلىق.
كۆزلەردىكى شەيدالىق نۇرلار،
تىترەتتى جاللاتلىقمنى،
يىرگەندۇردى بۇ سەتەمكارلىق.
سۆيگۈ ئۇلۇغ، سۆيگۈ مۇقەددەس،
مەن ھاياتنى ئۇتقا سالمايمەن.
يىرتمەنغۇ، يارلىقنىمۇ بەس،
بۇنداق ئىشنى مەن قىلالمايمەن،
كىمكەن گۈلنى كۆيدۈرمەك بولغان؟
كۆزنگە چوغ سالماي قويمايمەن.
كىم ئالماقچى جان؟
مانا مەن ئۆزۈم،
قاراڭلارچۇ بۇ ئاسيلىقنى،
مۇناپىقلىقنى،
ئۆز باغرىمغا خەنجەر سالايمەن،
ئۇدۇللىدىم كۆكسۈمگە خەنجەر،
ئوردۇم يۈرەك باغرىمغىلا دەل.
دىدىم ئۆزۈمگە:
بۇ ئالەمدىن يوقلە، ئەبلەخ!
تامامىلانسۇن سەن بىلەن ئەجەل.
يىقىلدىم يەرگە،
جان ھەلقۇمغا كەلگەن بىر مەھەل
ئاڭلىنىپ قالدى
مۇشپىقەمنىڭ ئاچچىق يىغىسى.
ئۆلمەسلىكىم لازىمدۇر-لازىم،
ھايات-مامات قۇچاقلاشتى بەل،
روھ ئۆلۈمدىن ئىكەن مۇكەممەل...

**خاتىمە**

پەنجىرەمدە تاڭنىڭ جىلۋىسى،
گۈل چىھرى بار شەپەق ھۆسنىدە.
تۇرغۇزدى مىنى قۇچۇپ ئامرىقىم،
جىسمىمغا قۇت بىرىپ ۋەسلىدە.
ئۇچۇپ كىردى قارلىغاچ سايراپ،
ئورنۇمدىن شاد تۇردۇم دەسسىدە.
كۆرگەنلىرىم ئاجايىپ بىر چۈش،
داستان قالدى روھنىڭ ۋەسپىدە...

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **مامۇت زايىت**



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ماقالىلەر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

## نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرەيلى

— «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۆتكۈزگەن نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

مەن ئالدى بىلەن 3-قېتىملىق «تارىم» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتورلار بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتور مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتورلارنى مۇبارەكلەيمەن. يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ئىجادكارلىرىمىز ۋە مەدەتكارلىرىمىزغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا ھەقىقەتەن گۈللەنگەن يېڭى دەۋر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالامىتى شۇكى، ئاجىز، قاتمال ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن نەسرىي ئەسەرچىلىكىمىز خۇددى تاشالماي تۇرغان تولغۇن سۇ ئېچىق ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن براقلا ئېتىلىپ چىقىپ ھەممە تەرەپكە يامرىغاندەك شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىدى. بەزى ژانىرلار يوقتىن بارلىققا كەلدى. ئارقا-ئارقىدىن 40 نەچچە رومان ئىجاد قىلىندى. بۇلاردىن «كۆرەشچان يىللار»، «ئىزدىنىش»، «سۇتۇق بۇغراخان»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئىلى دولقۇنلىرى»، «مېھرىگىياھ» قاتارلىق رومانلار مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلاندى. «قىزىلتاغ ئېتىكىدە»، «كۆرەشچان يىللار»، «قامەتلىك گىلتاغ»، «ئىزدىنىش» قاتارلىق رومانلار تەرجىمە قىلىنىپ، يازغۇچىلار نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى. تۈركۈملەپ پوۋېست-ھېكايىلەر بارلىققا كەلدى. مۇنۇ سانلىق سېلىشتۇرمىغا قاراپ باقايلى: بۇرۇن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنىلى بولۇپ كەلگەن «تارىم» ژۇرنىلىدا 1951-يىلدىن 1978-يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۈچ پوۋېست، 227 ھېكايە ئېلان قىلىنغان. 1982-يىلدىن 1989-يىلغىچە بولغان سەككىز يىلدا 51 پوۋېست، 532 ھېكايە، نەسىر، ئەدەبىي ئاخبارات ئېلان قىلىنغان. 1989-يىلدىن 1995-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە

بولغان ئالتە يىلدا 75 پوۋېست، 458 ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات (ھېكايە 400، ئەدەبىي ئاخبارات 58) ئېلان قىلىنغان. 1982-يىلدىن ھازىرغىچە بولغان قىسقىغىنا 13 يىلدا جەمئىي 126 پوۋېست، 980 ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات ئېلان قىلىنغان، باشقا مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا ئېلان قىلىنغانلىرىمۇ خېلى بار. بۇ، نەسرىي ئەسەر ئىجادىيىتىمىزدىكى چوڭ ئۆزگىرىش، چوڭ گۈللىنىشنىڭ ئىپادىسى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەر بار. «زەرەپشان بويىدا»، «ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى»، «بۇغدا ئاتا»، «دولان ياشلىرى»، «ئۇنۇتتايمەن گۈلسارە»، «ئېھ، توپىلىق يول»، «سەپداش»، «ئاقساق بۇغا»، «ساۋاقداشلار»، «قوش مەسچىت»، «قانلىق قىرغاق»، «قىزىق ئىشلار»، «مەن — كېرەمباي»، «تۆگمەس توساقلار»، «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە»، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» قاتارلىقلار 80-يىللاردا ئېلان قىلىنغان مۇنەۋۋەر نەسرىي ئەسەرلەر. 90-يىللارغا كەلگەندە نەسرىي ئەسەر ئىجادىيىتىدە يەنە بىر بالداق ئىلگىرىلەش بولدى. بولۇپمۇ ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى كۆرۈنەرلىك جانلاندى. بۇ يىللاردا «بۇرۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئۇستاكان»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چار خوراز»، «تۆت قولاق»، «ياۋا ئەترگۈل»، «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، «قوم باسقان دېڭىز»، «بۆشۈك»، «ھاڭگىرت كۆلى»، «رەڭدار قويۇن»، «ئوربىتا»، «ئۆچمەس يۇلتۇز»، «قارلىق تاغدا»، «سىرلىق يېشىل نۇر»، «خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئادەم»، «ئانا تىل ئىشقىدا»، «ئايالىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى»، «ئۈرۈك ھەر يىلى چېچەكلەيدۇ»، «قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز تەزكىرىسى»، «مەڭگۈلۈك ياشلىق»، «رەڭگا رەڭ ئالۋاستىلار»، «غۇر-غۇر شامال»، «تاش مۇنار»، «شەھلا كۆز»، «شەبنەم يالتىرىغان كېچە»، «ئۇيۇقتىكى سۇرەتلەر»، «چاڭ-توزان ئىچىدىكى گۈزەللىك»، «تەكلىماكان ئوغلى»، «باھار يەنە كېلىدۇ»، «ئۇزاقتا سوزۇلغان چۈش»، «يىراق ماكاندىكى قىممەتلىك ساراڭلار»، «لاي سۇ ئىچكەن جانلار»، «قىسمەت»، «قۇملۇقتىكى ئاتەش»، «ئۇيقۇغا كەتكەن كروران گۈزىلى»، «يالىلداپ تۇرغان مىتاللار»، «سادا»، «ئاينۇرى»، «ئاھ، جىگدە چېچىكى»، «شوم ئېغىز»، «كونا گىلەم»، «قىز چىقىرىش»، «ھايات ۋە بۇرچ»، «كېلىنچەك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ»، «يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ»، «دەرۋازىۋەن»، «يالغۇز تۇرنا»، «يالغانچى توسۇق»، «چۈغلۇق ۋە ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلىرى»، «كالتە قۇيرۇق چاشقاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى»، «يىلانلىق قورۇق» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى.

يۇقىرىقى ئەسەرلەر ئاما ئارىسىدا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تەسىر قوزغاپ، بىر قەدەر ياخشى باھاغا ئېرىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلانغانلىرىمۇ، باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغانلىرىمۇ بار. بۇ ئەسەرلەرنى سۈپەت، سەۋىيە جەھەتتىن نەسرىي ئەسەر ئىجادىيىتىمىزنىڭ

نەمۇنىلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا رېئال تۇرمۇش تېمىسى تۇتۇلۇپ، ھازىرقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئىنتايىن مەزمۇنغا باي رەڭگا رەڭ تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش يولىدىكى كۈرەشلىرى، مەنىۋى دۇنياسىدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر، غايە-ئىستەكلىرى، يېڭى زامان ئادەملىرىگە خاس يېڭىچە ئوبراز، بىرقەدەر جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇ ئەسەرلەردىن، بولۇپمۇ ياخشى يېزىلغان بىرمۇنچە ئەدەبىي ئاخباراتلاردىن ئەھمىيەتلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي سۈرىتىنى، كەڭرەك ئېيتقاندا، ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىنىڭ يارقىن تەسۋىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ دەۋردىكى كۈرەش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى كۆرەلىدى، قەدەم تىۋىشىنى، نەپەس رىتىمىنى، يۈرىكىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىيالىدى. شۇڭا بۇ ئەسەرلەر ئۇلارغا ياقتى.

نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى؟

مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى: 1) ئاپتورلارنىڭ ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، رامكا-چۈشەكلەردىن خالىي بولغانلىقى، 2) ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش غەيرىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى. مۇشۇ سەۋەبلەر ئۇلارنى سۈپەت جەھەتتە يۈكسىلىشكە يۈزلەندۈرگەن.

مېنىڭچە، بۇ يەردە يەكۈنلەشكە تېگىشلىك بىر قىممەتلىك تەجرىبە بار. ئۇ بولسىمۇ ئىدىيىنى ئازاد قىلىش. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ھەرگىز بىر مەزگىللىك ئىش ئەمەس. بىز ئىجادىيەت جەريانىدا داۋاملىق يېڭى مەسىلىلەر، يېڭى زىددىيەتلەرگە يولۇقۇپ تۇرىمىز. شۇڭا داۋاملىق ئىدىيىمىزنى ئازاد قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئىدىيىنى ئازاد قىلىش بىزگە ھازىرمۇ، كېيىنمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر.

بىز ئىنتايىن زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئۇلۇغ دەۋردە، ئەسىر ئالمىشىدىغان تارىخىي پەيتتە تۇرۇۋاتىمىز. دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ پسىخولوگىيىسى ۋە زوقلىنىش ئادىتىدە كۈندىن-كۈنگە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تەلىپى ئاشماقتا، ئۇلاردا كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمە، ساغلام مەنىۋى ئىستېمال تەلىپى بارلىققا كەلمەكتە. شۇنداقلا نۆۋەتتىكى رېئاللىقنىڭ، دەۋرنىڭ ئەدەبىياتقا قويغان تەلىپى ئېغىرلاشماقتا. مۇشۇ تەلەپ، ئېھتىياج نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىياتىمىزدا بىر جىددىي ئويلىنىشقا، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكى ئىجادىيەت سۈپىتى مەسىلىسى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرى بازار ئىگىلىكى دولقۇنىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلدى. بۇ، ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزمەي قالمىدى. بەزى ئاپتورلارنىڭ قىممەت قارىشىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ،

ئىجادىيەتتىكى تەلەپچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاجىزلاپ، شەخسىي پايدا-مەنپەئەت قوغلىشىدىغان ئەھۋاللار سەل باش كۆتۈرۈپ قالدى. بۇ بىر سەۋەب، يەنە بىرى، سىرتتىن كىرگەن بەزى پاسسىپ ئىجادىيەت خاھىشلىرىنىڭ تەسىرىدە، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان چوڭ تېمىلارغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، رېئال تېمىلارغا، چوڭ تېمىلارغا ئانچە قىزىقمايدىغان، ھەتتا چوڭ تېمىلاردا يېزىشنى سىياسىينى ئەدەبىياتنىڭ ئورنىغا قويغانلىق، شوئارۋازلىق، كونا مۇقامغا تۆۋلىغانلىق دەپ قارايدىغان مۇجمەل، بىر تەرەپلىمە تونۇش ۋە خاھىشلار سەل ئەدەپ قالدى. يەنە بىر سەۋەب شۇكى، تۆۋەنگە، ئاساسىي قاتلامغا، تۇرمۇش قاينىمىغا چۆكمەي ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىجاد قىلىدىغان، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، يېڭى مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولدى. نەتىجىدە، ھېكايە ۋە قىسقا ھېكايە قىلسا بولىدىغان بەزى ئەسەرلەر زورمۇزور سوزۇپ پوۋېست قىلىنىپ، پوۋېست بولىدىغانلىرى سوزۇپ رومان قىلىنىپ سۇيۇقلاشتۇرۇۋېتىلدى. بەزى ئەسەرلەر ئىقتىسادىي ئۇنۇم قوغلىشىپ ئالدىراپ يېزىلدى. بەزى ئەسەرلەر ئۆيدە ئولتۇرۇپ ھېكايە توقۇش ماھارىتىگە تايىنىپ يېزىلغاچقا، تۇرمۇشتىن، رېئاللىقتىن يىراقلىشىپ كەتتى.

ماددىي ۋە مەنىۋى گادايلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان خەلقىمىز ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى بېيىتىشنى، مەنىۋى جەھەتتىن كۆپرەك لەززەتلىنىشنى، مەنىۋى جەھەتتىن ئېخمۇ قەد كۆتۈرۈشنى، ئۆزلىرىنى روھلاندۇرىدىغان، كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ شادلاندۇرىدىغان، يېتەكلەيدىغان، ئىلھام-رىغبەت، ئۈمىد-ئىشەنچ بېغىشلايدىغان، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىرادىسىنى كۈچەيتىدىغان، جاسارىتىنى ئۇلغايتىدىغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىيىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. چۈشكۈن، يىغلاڭغۇ، مۇقامى تۆۋەن ئەسەرلەر ئۇلارنىڭ رايىغا ياقمايدۇ. پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ مەقستى مىللەتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق، پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش. ئەدەبىيات بۇ جەھەتتە باشقا ھېچقانداق ساھە ئۆستىگە ئالالمايدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. يازغۇچى بۇنى نەزەردە تۇتمىسا، ئۇنىڭ ئالىيجاناب ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى نەدە قالىدۇ؟

ھەممىزگە مەلۇم، تۇرمۇش چەكسىز ۋە رەڭدار. بۈگۈنكى دەۋردىكى تۇرمۇشىمىزنىڭ مەزمۇنى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن ئىنتايىن مول، شەكلى خىلمۇ خىل ۋە رەڭدار. ئىجادىيەت ئۈچۈن تېما مەنبەسى، تۇرمۇش خام ماتېرىيالى پۈتمەس-تۈگىمەس تۇر. ئەدىبلىرىمىز بۈگۈن تېما مەنبەسى، تۇرمۇش خام ماتېرىيالى جەھەتتە ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ياخشى شارائىت ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە. لېكىن، تۇرمۇشقا چۆكۈشكە، تۇرمۇش بايلىقىنى قېزىشقا دېگەندەك ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، ئىجادىيەتتە تېما گادايلىقى پەيدا بولۇۋاتىدۇ. بىرمۇنچە ئاپتورلىرىمىز ئەتراپىدىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار، ئىشق-مۇھەببەت سەۋدالىرى ياكى ئۆتكەن كونا ئىشلارنى يېزىش قاتارلىق تار

دائىرىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزىنى تېما جەھەتتىن بەكمۇ چۈشەپ قويۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تېما بىر خىللىشىپ، ئاددىيلىشىپ، ئىجادىيەت سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تەسىر يېتىۋاتىدۇ. ھەتتا خېلى ياخشى ئەسەرلەرنى يازغان بەزى غوللۇق ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك چېكىنىش ئالامەتلىرى بار. مېنىڭچە، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى رېئاللىققا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا.

ئەدەبىيات تارىخىدا ھېچقانداق بىر داڭلىق يازغۇچى رېئاللىققا ئېتىبارسىز قارىغان، رېئاللىقتىن چەتلىگەن، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرغان ئەمەس. شۇنداقلا تارىختىن بۇيانقى داڭلىق ئەسەرلەر رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، دەۋر روھىنى ئىپادىلىگەنلىكى، چىنلىققا سادىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا يۈكسەك بەدىئىي قىممەتكە، شان-شۆھرەتكە ئىگە بولالىغان. غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدا تەسىرى ئىنتايىن چوڭ يازغۇچى فرانز كافكانىڭ ئەسەرلىرى توغرۇلۇق باھا بەرگەن بەزى ئوبزورچىلار «ئەگەر دانتى، شېكسپىر ۋە گيۇتىلارنىڭ ئۆز دەۋرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق يېقىن بولسا، بىزنىڭ دەۋرىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى شۇنداق يېقىن يازغۇچىدىن بىرنى كۆرسىتىڭلار دېيىلسە، ئۇ چاغدا كىشىلەر بىرىنچى بولۇپ كافكانى ئېسىگە ئېلىشى مۇمكىن» دېگەن. بالزاكنىڭمۇ مۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك سۆزى بار: «ئەدەبىي ئەسەر ئۆتكەن ئىشلارنىڭ يىلنامىسى ياكى خاتىرىسى ئەمەس، بەلكى ھازىر ياشاۋاتقان، كۈرەش قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قاينام-تاشقىنلىق ئۆزگىرىش بىلەن تولغان رېئال ھاياتىنىڭ سەنئەت بويۇمىغا ئايلىنىشى.»

ئەدىبلىرىمىز رېئاللىققا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دەخلى يەتكۈزۈۋاتقان ۋە ئۇنى چۈشەپ قويۇۋاتقان مۇجمەل، بىر تەرەپلىمە، خاتا تونۇش ۋە خاھىشنى ئۆزگەرتىپ، رېئاللىققا يۈزلىنىشى، رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىشى، رېئال تېمىلاردا كۆپرەك ئىجاد قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك. مېنىڭچە، بۇ، ئىجادىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىرىنچى تەلىپى.

بىز بۇ يەردە دەۋاتقان رېئاللىق دەۋر رېئاللىقىنىڭ ئاساسىي تەرىپى، ئاساسىي ئېقىمى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خۇددى پاراۋۇز بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ پويىز سوستاۋىنى ئۈچقانداق ئىلگىرىلەتمەكتە. بىز دىققەت نەزىرىمىزنى مۇشۇ ئاساسىي ئېقىمغا قارىتىپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىن تېما ئېلىشىمىز، ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئاساسىي ۋاقتىنى شۇنىڭغا قارىتىشىمىز لازىم. بۇ دەۋرنىڭ تەلىپى بولۇپلا قالماي، كىشىلەرنىڭ مايىللىقى، رايى، تەقەززاسى ئەڭ مەركەزلەشكەن كىشىلەر بۇگۈننى، ئۆز ماھىيىتىنى، چىن، گۈزەل ئوبرازىنى كۆرەلەيدىغان، دەۋر روھىغا باي مۇھىم تېما.

يازغۇچىلار ئېغىر ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ دەۋر ئالدىدا، خەلق ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئالىيجاناب بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى بار. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئالدى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزمغا پايدىلىق بارلىق

ئىدىيە ۋە روھنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بارلىق ئىدىيە ۋە روھنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىگە پايدىلىق بارلىق ئىدىيە ۋە روھنى، ھالال ئەمگىكى بىلەن پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە بولۇشقا پايدىلىق بارلىق ئىدىيە ۋە روھنى زور كۈچ بىلەن كەڭ تەشەببۇس قىلىشى كېرەك. ئۇلار ياراتقان مەنىۋى مەھسۇلات خەلق مەنپەئىتىگە، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇشقا ئۇيغۇن كېلىشى لازىم. بۇ، ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم مەدەنىيەت فاڭجېنىنىڭ تەلىپى.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بۇ يىل 3-ئايدا ئېچىلغان ھەيئەت رىياسىتى يىغىنى «ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش» يىغىنى بولدى. يىغىن يازغۇچىلارنى پارتىيە بىلەن بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە بولۇپ، خەلق بىلەن قەلبداش بولۇپ، دەۋرگە مۇناسىپ كېلىدىغان، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە، بەدىئىي سېھرىي كۈچكە باي نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىشقا چاقىردى. فورمۇلالاشتۇرۇش-ئۇقۇملاشتۇرۇش، ئاددىي شوئارلاشتۇرۇش خاھىشى ئاساسىي مۇقام بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايدۇ. بەدىئىي سېھرىي كۈچى بولمىغان ئاساسىي مۇقام ئاساسىي مۇقامنى نۆلگە تەڭ قىلىدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاساسىي مۇقامنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشتىن مەقسەت ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ، ئىجادىيەتنىڭ ساغلام گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىش.

ئەدەبىياتىمىز يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىشى كېرەك. ئەسىر ئالمىشىدىغانغا بەش يىل ۋاقىت قالدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتنى يېڭى ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرى ئۆلچەملىك، يۇقىرى سەۋىيىلىك تالانت ئىگىلىرى ۋە نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. بۇ، دەۋرنىڭ چاقىرىقى، خەلقنىڭ تەقەززاسى.

يولداش جەي تەيفېڭ مەملىكەتلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت مەركەزلىرىنىڭ خىزمەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋەزىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە شۇكى، نادىر ئەسەر بەك ئاز. بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈمىدىمىز بىرلا، ئۇ بولسىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى، تالانت ئىگىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش.» يولداش جەي تەيفېڭ دەۋاتقان نادىر ئەسەرلەر ئىدىيىۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن، كۈچلۈك جەلپكارلىق ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە، جەمئىيەتتە ۋە ئامما ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلالايدىغان ئەسەرلەر. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىنى بۇ ئۆلچەم، بۇ سەۋىيە بىلەن سېلىشتۇرساق، ئىجادىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى سۈپىتىنىڭ خېلىلا تۆۋەن، تەلەپتىن خېلىلا يىراق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ئويلاشقا مەجبۇر بولىمىز.

مېنىڭچە، ئىجادىيەت سۈپىتىنىڭ قانداقلىقى ئالدى بىلەن ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىغا باغلىق. ئەسەرنى ئاپتور-يازغۇچى ئىجاد قىلىدۇ. ئاپتور — ئىجادكار. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئومۇملۇقىدىن قارىغاندا، ئاپتور مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپ چىقارغۇچى. كىتابخان-مۇشتەرىلار بولسا ئىستېمالچى، مۇھەررىر مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ، مەدەنىيەت تارقىتىش بىلەن مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشنىڭ ۋاستىسى، ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى ئۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان مەنىۋى مەھسۇلات — ئەسەرنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئاندىن ۋاستىچى بولغان مۇھەررىر ئىستېمالچى — كىتابخانلارغا ساپاسى يۇقىرى مەنىۋى ئوزۇق — ئەسەر يەتكۈزۈپ، كىتابخانلار ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلەپ-ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. ئاپتور ئەسەرنى بۈگۈن يازسىمۇ، ئەتە يازسىمۇ، بۇ يىل يازسىمۇ، كېلەر يىل يازسىمۇ، ھەتتا نەچچە يىلدا يازسىمۇ بولىۋېرىدۇ. لېكىن، مۇھەررىر ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئۇ كىشىلەرگە ۋاقتى-قارايىدا ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. ژۇرنالنى ۋاقتىدا چىقارماي ياكى بىرەر سانىنى چىقارماي كىتابخانلارنى ساقلىتىپ قويۇشقا، ئاچ قويۇشقا بولمايدۇ، ياكى ياخشى ئەسەرلەر توپلانغاندا چىقىرىمەن، دەپ كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. ژۇرنال سۈپىتىنىڭ، تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنىمۇ ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى بەلگىلەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ژۇرنالمۇ ياخشى ئەسەرلەرگە، سۈپىتى يۇقىرى ئەسەرلەرگە تېخىمۇ بەك موھتاج، بەلكى بۇنداق ئەسەرلەرنى ئىنتايىن ئەتىۋارلايدۇ.

يازغۇچىلىرىمىز، كەڭ ئاپتورلىرىمىز ئاز-تولا نەتىجىدىن قانائەتلىنىشتىن، ئۆز-ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتىن ساقلىنىپ، ئۆز ئاجىزلىقلىرىنى كۆپرەك كۆرۈشى كېرەك. مەدەنىيەت جەھەتتە جىددىي تاللاش — شاللاش ئەۋج ئېلىۋاتقان ھازىرقى زامان ۋەزىيىتىدە رىقابەت، خىرىس كۈچەيمەكتە. رىقابەت رەھىمسىز. رىقابەت دولقۇنلىرىدا چېنىپ شاللىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن يازغۇچىلىرىمىز قاتتىق ئىرادىگە، قاتتىق غەيرەتكە كېلىشى، ئۇلاردا كۈچلۈك رىقابەت ئېڭى، خەۋپسىرەش ئېڭى، نادىر ئەسەر ئېڭى بولۇشى لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىغا يۇقىرى تەلەپ قويۇپ سەممىي تۈردە مۇنداق دېگەن: «خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى... بەدىئىي جەھەتتە ئۆز ماھارىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، قولىنىڭ ئۇچىدا كەلسە-كەلمەس ئىش قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشى، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈستىدە ئەستايىدىل ۋە تەلەپچانلىق بىلەن ئويلىنىشى، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلىشقا تىرىشىشى لازىم.» بىز ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشقا، بۆسۈشكە، يېڭى سەۋىيە يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە، بەدىئىي سېھرىي كۈچكە باي نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشقا تىرىشىشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلىمىز.

# مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مۇھەممەتجان سادىق

## شېئىرىيىتىمىزدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا

1994 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە 6 - قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 2 - قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا شېئىر دېگەن نېمە؟ دېگەن تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭدىكى مەسىلىلەر نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىندى. سۆزگە چىققان يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرىنى ئەركىن - ئازادە ئوتتۇرىغا قويدى. مەن بۇ ماقالەمدە يىغىندا ئوتتۇرىغا چۈشكەن ۋە چۈشمىگەن بىر قىسىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچى.

**بىرىنچى، نۆۋەتتە توغرا ھەم ئىلمىي بولغان تەنقىد ۋە مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى.**

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا چۈشكەن مەسىلىلەرگە قاراپ، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار نۆۋەتتە مەخسۇس تېمىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش، تەنقىد ۋە مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇش شېئىرىيىتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

ھەممىگە ئايانكى، ھەرقانداق يازغۇچى، شائىرنىڭ ياكى مىللەتنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى ئۆزىنى تونۇش، توغرا باھالاش ۋە نۇقسانلىرىنى تۈزىتىش جەريانىدىلا ئالغا باسالايدۇ. بۇ جەريان تەبىئىي ھالدا تەنقىد ۋە مۇھاكىمە جەريانى بولىدۇ. لېكىن، بۇنداق تەنقىد ۋە مۇھاكىمە ئىككى پەزىلەتكە: بىرى، توغرىلىق ۋە سەمىمىيلىككە، يەنە بىرى، ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇشى شەرت، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان توغرىلىق ۋە سەمىمىيلىك شەخسىي غەرەزلەردىن خالىي بولۇشقا قارىتىلغان. پەقەت مەنمەنلىك، كۆرەلمەسلىك، كوچىلاش قاتارلىق ئىللەتلەردىن خالىي بولغان تەنقىد ۋە مۇھاكىمىلا ئالغا بېسىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولالايدۇ، شۇنداقلا تەنقىد ۋە مۇھاكىمە شەخسىي مۇددىئا ۋە شەخسىي ھېسسىياتلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىجادىيەتنىڭ

ئۆزىگە خاس ئىلمىي قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق ئېلىپ بېرىلغان تەنقىد ۋە مۇھاكىمىلا قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ. شەخسىي غەرەزلەردىن خالىي، سەممىي ۋە ئىلمىي تەنقىد ھەم مۇھاكىمىنىڭ بۈگۈنكى شېئىرىيىتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن ھاجەت بولۇۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان بولغان ھەقىقەت، چۈنكى بۈگۈنكى شېئىرىيىتىمىزدە مۇھاكىمە ۋە تەنقىد قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر خېلى نۇرغۇن، بۇ مەسىلىلەر بىزدىن سەممىي ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە تەلەپ قىلماقتا.

تەنقىد ۋە مۇھاكىمە سەممىيلىك ھەم ئىلمىيلىككە ئىگە بولغاندىلا ئۆزىنىڭ ھاياتبەخش كۈچىنى كۆرسىتەلەيدىغان شىپالىق دورىغا ئايلىنالايدۇ. بىر-بىرىمىزنى كۆرەلمەيدىغان، بىر-بىرىمىزنى كوچىلايدىغان ئەڭ يامان ئىللەتنى تەنقىد ۋە مۇھاكىمىگە ئېلىپ كىرسەك، ئۇ شىپالىق دورا ئەمەس، بەلكى ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغان زەھەرگە ئايلىنىدۇ. مۇشۇ بىر ئىللەتنىڭ كاساپىتىدىن مىللىتىمىز تارتقان زىيان ئازمۇ؟ قاچانغىچە ئاچچىق ساۋاقلار بىزنى ئويغاتمايدۇ؟ مۇتەپەككۇر شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ئېيتقان، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەيدىغان يامان قىلىقتىن خالىي بولۇپ، «قوپاي مەن، ماڭاي مەن، جاھاننى كېزەي مەن، جاھاندا ۋاپالىق ئىزدەي مەن، تاپاي مەن!» (6565) دېگەن ئالىيجاناب روھ بىلەن مىللىتىمىز ۋە شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ، توغرا ۋە ئىلمىي بولغان تەنقىد ۋە مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق بىر تەرەققىيات يولى ئېچىش ھەر بىر ئىجادكارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان تەنقىد ۋە مۇھاكىمىلىك ماقالىلەرنىڭ كۆپى سەممىي ۋە ئىلمىي بولسىمۇ، ئاز ساندىكىلىرى ئانچە سەممىي ۋە ئىلمىي بولمىدى. ھەتتا بەزىلىرىدە ئوچۇق-ئاشكارا مەنمەنلىك، شەخسىي غەرەز ئىپادىلەندى، ئازغىنا مەنپەئەتنى دەپ قاچانغىچە بىر-بىرىمىزنى كۆرەلمەي، بىر-بىرىمىزنى كوچىلايمىز؟ قاچانغىچە ئالدىمىزدىكىنى يىقىتىپ يۇقىرى ئۆرلەش كويىدا بولىمىز؟ نېمىشقا مىللىتىمىز ۋە شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى بىزنى ئويلاندۇرمايدۇ؟

ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنىڭ بولۇشى نورمال ئەھۋال، ئەلۋەتتە. بۇ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنىڭ قايسىسى توغرا، قايسىسى خاتا ئىكەنلىكى سەممىي ۋە ئىلمىي بولغان تەنقىد ۋە مۇھاكىمە ئارقىلىق ئايدىڭلىشىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنىمىز ئوخشاش بولمىغان نورمال كۆز قاراشلار ئەمەس، بەلكى شەخسىي غەرەز ئارىلىشىپ، بىر-بىرىمىزنى كوچىلايدىغان يامان قىلىقتىن ئىبارەت. كۆكسى-قارنى كەڭ، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر توغرا ۋە سەممىي سۆزلەيدۇ. تەنقىد ۋە مۇھاكىمىدە ئۇنىڭ توغرا ۋە سەممىي سۆزلىگىنىنى ئىلمىيلىكىگە قاراپ بىلىش ئانچە تەس ئەمەس، سۆزى ياكى ماقالىسىنىڭ ئىلمىيلىكى قانچىلىك كۈچلۈك ۋە يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ توغرا ۋە سەممىيلىكىمۇ شۇنچىلىك توغرا ئىپادىلىنىدۇ. توغرا نىيەتلىك بولمىغان ئادەملەر ھامان ساختا ئىلمىيلىك قىياپىتىگە

كىرىشىلىپ قۇرۇق تېرە تاراقشىتىدۇ. بۇنداق چاكىنا ئادەملەردىن كېلىدىغان زىياننى مىللىتىمىز ۋە شېئىرىيىتىمىز ئاز تارتمىدى.

مىللەت ۋە ۋەزىيەت بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە سەممىي ۋە ئىلمىي بولغان تەنقىد ۋە مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇپ، شېئىرىيىتىمىزنى مەملىكەت ۋە دۇنيا سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلماقتا. ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىدىغان، ھەممە بەس-بەستە سايرايدىغان بىر ياخشى مەيدان بارلىققا كېلىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۇ مەيداندا جەۋلان قىلىدىغان كۈنلىرىنى تويلايدىغان نىيەت ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىدە بولغاندىلا شېئىرىيىتىمىز دۇنياغا چىقالايدۇ.

**ئىككىنچى، يېڭى شېئىرلار ھەققىدە**

يېڭى شېئىرلار ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن بايان قىلىمەن.

1. گۇڭگا شېئىرلار دېگەن ئاتالمىنى ئىشلەتمەي، يېڭى شېئىرلار دەپ ئاتاشنى تەكلىپ قىلىمەن.

يېڭى شېئىرلاردا شېئىرىي پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، چەكسىزلىكى ۋە يوشۇرۇنلۇقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن گۇڭگىلىق بىرقەدەر كۈچلۈك بولسىمۇ (گۇڭگىلىق يېڭى شېئىرلار بىلەن بىللە پەيدا بولغان يېڭى مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىمۇ بار ئىدى)، يەنىلا يېڭى شېئىرلار، دەپ ئاتاش ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخىغا تامامەن ئۇيغۇن. يېڭى شېئىرلار قانداقتۇر بىر تاسادىپىيلىقنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يېڭى باھار» دېگەن ماقالەمدە يازغىنىمدەك، «ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتى» ئىدى. «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ كاساپىتى بىلەن شوئارۋازلىق، قېلىپبازلىق، قەسىدىچىلىك ئەۋج ئېلىپ، شېئىر ئۆزىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىدىن يىراقلىشىشقا باشلىدى. بۇنداق بۇرۇقتۇم، زېرىكەرلىك ھالەت تەبىئىي بىر خىل ئەسەبىي، يېڭى گۈلدۈرمامىنى كەلتۈرۈپ چىقارماي قويمايتتى. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بۇ ئەسەبىي، يېڭى گۈلدۈرماما ئاخىر گۈلدۈرلىدى. بۇ گۈلدۈرمامىنى چەت ئەللەرنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان شېئىر ئىجادىيىتىگە قەدەم قويغان ياشلار كۆتۈرۈپ چىقتى.

يېڭى شېئىرلار ھەققىدىكى كۆز قاراشلار ھەر خىل بولماقتا. ئومۇمەن قوللاش ۋە ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل پوزىتسىيە ئىپادىلەنمەكتە. يېڭى شېئىرلار ھەققىدىكى مېنىڭ كۆز قارىشىم مۇنداق: بۇ يېڭى شېئىرلاردا غەرب مودېرنىزم شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ۋە شېئىرىيەتنىڭ قانچىلىك تەسىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شوئارۋازلىق، قېلىپبازلىق، كالىندارچىلىق ئەۋج ئالغان، ئۆز پىكرىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلەيدىغان ئوبرازسىز، يالىڭاچ شېئىرلار يامراپ كەتكەن بۇرۇقتۇم، تۇرغۇن ۋە بېكىنمە ھالەتتىكى ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

شېئىرىيىتىنى بىر يېڭى غۇلغۇلا ۋە ئىزدىنىش ئىچىگە ئېلىپ كىرگەنلىكى بۇ شېئىرلارنىڭ قوللاشقا ئەرزىيدىغان بىرىنچى چوڭ نەتىجىسى. يېڭى شېئىرلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: شېئىرىي ئوبرازغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، پىكىرنى شېئىرىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈپ يوشۇرۇن ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆز كىتابخانىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاش؛ شېئىرنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئەقىل ئىشلىتىشنى (شېئىرىي ماھارەتنى) قاتتىق تەشەببۇس قىلىش ۋە ئەمەلدە ئىپادىلەش؛ شېئىرىي پىكىر چوڭقۇرلىشىش، مۇرەككەپلىشىش، قاتلاملىشىش يولىغا قاراپ ئىلگىرىلەش؛ شېئىرىي تىل جەھەتتە يېڭى ستىلىستىك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق شېئىرىي تىلنى بېيىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىككىنچى چوڭ نەتىجىسى. دېمەك، يېڭى شېئىرلار شوئارۋازلىق، قېلىپۋازلىق، كالىندارچىلىق ئەۋج ئالغان، پىكىرنى ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلەيدىغان ئوبرازسىز، يالىڭاچ شېئىرلارغا قارشى مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، يېڭى شېئىرلار دەپ ئاتاش مۇۋاپىق.

2. يېڭى شېئىرلارغا، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشكە جۈرئەتلىك ياش ئاپتورلىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغا يېتەكلەش، تەربىيىلەش مەيدانىدا تۇرۇپ ياردەم بېرىش لازىم.

ئىنسانلارنىڭ ئىزدىنىشى ئەبەدىي ئوخشمايدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تارىخى دەل شۇنداق ئىزدىنىش تارىخى بولدى. بۈگۈن ئىزدىنىش روھى بىلەن مەيدانغا چىقىپ، يېڭى شېئىرلارنى يېزىۋاتقان ياشلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيەت قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن. ئىزدىنىش يولى ھامان ئەگرى-توقاي، جاپالىق بولۇپ، ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا يا ئۇنداق، يا بۇنداق يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، نۇقسانسىز دۇنياغا كېلىدىغان، تەرەققىيات جەريانىدا نۇقسانلاردىن خالىي بولىدىغان يېڭىلىق تا ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى شېئىرلارنى يېزىۋاتقان ياشلاردا قانچىلىك يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارغا سوغوق سۇ سەپمەي كۆزىتىش، ئىلھام ۋە ياردەم بېرىش ئەڭ توغرا پوزىتسىيە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىدا يا بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ، ئۇپۇقتا قۇياش بولۇپ چىقىدۇ، يا بارغانسېرى كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ.

يېڭى شېئىرلار مەيدانغا كەلگەندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان ياخشى شېئىرلار ئېلان قىلىندى. بۇ ياخشى يېڭى شېئىرلار پىكىرنىڭ ئىجادىي ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن، يارىتىلغان شېئىرىي ئوبرازنىڭ يېڭى ۋە گۈزەللىكى بىلەن، شېئىرىي تىلنىڭ ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرگە باي ۋە رەڭدار بولۇشى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ يېڭى شېئىرلار يېتەرسىزلىكلەردىنمۇ خالىي بولمىدى. ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈپ چىققان شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا غەرب مودېرنىزم شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ۋە شېئىرلىرىدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلگەن نەرسىلەر بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ۋە شېئىرلىرىغا، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىلىرىدىمۇ

ئىنكار قىلىشتەك توغرا بولمىغان مەنمەنلىك بار، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى زادىلا چۈشەنگىلى بولمايدىغان «سىر» بولۇپ قالدى.

ياشلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش روھى قىممەتلىك! ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش بولمىسا، يېڭىلىق بولمايدۇ، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش يۈز بېرىدۇ. ياشلارنىڭ بۇ ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش روھىنى ئاسراپ، نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىپ رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇلارغا قارىتا سەممىي ۋە قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇش ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىپ، تۈزىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئۆز نۆۋىتىدە ياشلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇس ۋە شېئىرلىرىنى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىپ، خۇلاسىلەپ، يەنىمۇ ئالغا بېسىش ئۈچۈن توغرا يول ئېچىش كېرەك. بولۇپمۇ يېڭى شېئىرلارنى يېزىۋاتقان ياشلارنىڭ ئىككى مەسىلىدىكى پوزىتسىيىسىنى توغرىلىۋېلىشى نۆۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ئىككى مەسىلىنى ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىش ياكى باسالماسلىقىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم مەسىلىلەر دېيىشكە بولىدۇ. بىرى، چەت ئەلدىن قانداق ئۆگىنىش مەسىلىسى، چەت ئەلنىڭ مەيلى قانداق مېتود، قانداق ئېقىم ۋە قانداق ئىزىمىدىكى ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى بولسۇن ئۆگىنىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ شېئىرىيىتىدىكى بارلىق ياخشى تەرەپلەرنى ئۆگىنىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىكى مۇھىم مەسىلە كۆچۈرۈپ كېلىش ئەمەس، چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرى قانچىلىك ياخشى بولمىسۇن پەقەت ئەينەك قىلىشقىلا بولىدۇ. چەت ئەلدىن ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي شېئىرىيىتىنى چەت ئەل شېئىرىيىتىنىڭ ئىزىغا سېلىش ئەمەس، بەلكى شېئىرىيىتىمىزنى ئۆز مىللىي ئالاھىدىلىكى بويىچە گۈللەندۈرۈشتە ئەينەك قىلىپ پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ. چەت ئەلدىن ئۆگىنىش مۇشۇنداق روھتا بولمىسا، بىزنىڭ شېئىرلىرىمىز تەرجىمىگە ئوخشاپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىدۇ. يەنە بىرى، مىللىي ئەنئەنىۋى شېئىرلارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مەسىلىسى. بىز ھامان ئۆز ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بالىسى. چەت ئەللەردىن قانچىلىك يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، تۇرمۇش، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردە ئاتا ـ ئانىمىزدىن قانچىلىك پەرقلەنمەيلى، يەنىلا بىز ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بالىسى، زادىلا چەت ئەللىك پالانچىنىڭ بالىسى بولۇپ قالمايمىز. بىزنىڭ ئۆتكەنكى ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىز ئۇزۇن يىللىق تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان. بۇ بىزنىڭ پەخىرلىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ، ھازىرقى زامان ۋە يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىمىزدىمۇ نەتىجىلەر زور، «يىللارغا جاۋاب»، «تۈگىمەس ناخشا» دەك دۇنياۋى سەۋىيىگە ئىگە شېئىرلار ئاز ئەمەس. لېكىن، ئازادلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە «سول» لۇشيەننىڭ كاساپىتى بىلەن شېئىرىيىتىمىز بىر مەزگىل شوئارۋازلىق، سىياسەتۋازلىققا يۈزلەندى. بۇ قىسمەن ئەھۋال ئىدى. بۇنى تۈزىتىۋېلىپ، پۈتۈن ئەنئەنىۋى، مىللىي شېئىرىيىتىمىزنى ئىنكار قىلىش، تۈزكور بولۇپ كېتىمىز! بىز ياشلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزگە ۋە ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ،

www.uyghurkitap.com



مىللىي ئەنئەنە زېمىنىدا يېڭىلىق يارىتىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۈمىد قىلىمىز. بىزنىڭ ياشلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ چەت ئەلدىن ئۆگىنىش ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشنى تېخىمۇ توغرا يولغا سالسا، ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولاتتى.

ياشلار ئۆگەنسۇن، ئىزدەنسۇن! ياشلار شەخسىي غەرەز، شۆھرەت تەمەلىرىدىن، مەنمەنلىك ۋە ھاكاۋۇرلۇقلاردىن خالىي بولۇپ، كەمتەر ۋە جۈرئەتلىك بىلەن ئۆگىنىپ ھەم ئىزدىنىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى مەملىكەت ۋە دۇنيا سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش يولىدا جاپالىق ئىشلەۋەرسۇن!

### ئۈچىنچى، رېئالىزم ھەققىدە

رېئالىزم ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئومۇمىي، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ھەممە تۈر ۋە شەكىللىرىگە، جۈملىدىن شېئىرىيەتكىمۇ مەنسۇپ بولغان ئىجادىيەت مېتودى. ئۇ يازغۇچى-شائىرلاردىن رېئاللىققا سادىق بولۇپ، تىپىك شارائىتتىكى تىپىك خاراكتېرنى يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

1. چىلىنىڭ مەشھۇر شائىرى پابلونېرۇدا «شائىر ئالدى بىلەن رېئالىزمچى بولۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇ رېئالىزمچى بولمايدىكەن، ئەرزىمەس شائىر بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شائىر رېئالىزمچىلا بولسا، ئۇزاق ياشىيالمايدۇ» دېگەنىدى. شائىر ئەڭ ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىققا سادىق بولۇشى كېرەك، لېكىن بەدىئىي ئىجادىيەت، جۈملىدىن شېئىر ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئاددىي خاتىرىسى ئەمەس، ئەگەر ئۇ شۇنداق بولسا، بۇ شېئىر ۋە بۇ شېئىرنى يازغان شائىر ئۇزاق ياشىيالمايدۇ. «رېئالىزمچىلا بولسا بولمايدۇ» دېگەن جۈملە ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان: بىرى، شائىر تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىققا كۆتۈرۈشى كېرەك. شائىرنىڭ يازغىنى تۇرمۇش چىنلىقىدىن يۇقىرى بولۇشى، تىپىكلىك قىممىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. شائىر ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى تېپىپ ياكى تىپىكلەشتۈرۈپ، كىشىلەرگە ئىستېتىك تەربىيە ۋە ئوزۇق بېرىدىغان شېئىرلارنى يازغاندىلا ئۇ ھەقىقىي رېئالىزمچى بولالايدۇ. يەنە بىرى، شېئىر ئەڭ كىچىك بەدىئىي شەكىل. ئۇ بىر قانچە مىسرا بىلەن شېئىرىي ئوبراز يارىتىپ، جۇشقۇن ھاياجان ۋە تاۋلانغان تىل ئارقىلىق ئۆز خاھىشىنى كىتابخانلىرىغا تەسىر قىلدۇرۇشى كېرەك. بالزاكنىڭ «كىچىككىنە دائىرىدە ئەڭ كەڭ كۆلەمدىكى ئوي-پىكىرلەرنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ» دەپ سەنئەتكارلارغا قارىتىپ ئېيتقان سۆزى شائىرلارغا تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. شائىرنىڭ ئەڭ كىچىك دائىرىدە ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر ئوي-پىكىرلەرنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈشى تېخىمۇ مۇھىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، شېئىر شائىر ئىچكى دۇنياسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، سۇبيېكتىپچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. شېئىرنىڭ كىچىكلىك ۋە ئىخچاملىق خۇسۇسىيىتى بىلەن سۇبيېكتىپچانلىق خۇسۇسىيىتى

شائىردىن يۇكسەك ماھارەت-ئەقىل ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرىدا شۇ شائىرنىڭ ماھارىتى ياكى ئەقىل ئىشلەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرمىسا، ئۇنىڭ شېئىرى ئادەتتىكى ئادەملەر يازغان شېئىر بولۇپ قېلىپ، شائىر شېئىرى بولالمايدۇ. بۇ مەسىلە بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ نەزەرىدە شائىر بولماق ۋە شېئىر يازماق ئاسان، دەپ قارالماقتا.

تاشلىدى ئالدىمغا مويسىپىت ئالىم
بىر سوئال مەن ئۈچۈن چىگىش ۋە قىيىن.
قەدىمىي، مەدەنىي، ئىجادكار مىللەت
قالدىڭلار نېمىشقا ئىرپاندا كېيىن؟! -

بۇ شېئىرمۇ؟ قارىماققا شېئىردەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى تۇراق، قاپىيە، مىسرا، كۆپلىبېت دېگەن شېئىر قائىدىلىرى بۇنىڭدا ياخشى ئىپادىلەنگەن، لېكىن تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، بۇ شېئىر ئەمەس! شائىر مويسىپىت ئالىم ئالدىمغا مەن ئۈچۈن چىگىش ۋە قىيىن بولغان «نېمىشقا قەدىمىي، مەدەنىي، ئىجادكار مىللەت ئىرپاندا كېيىن قالدىڭلار؟» دېگەن بىر سوئالنى تاشلىدى، دېگەن ئادەتتىكى جۈملىلەرنى ھېچقانداق شائىرانە ئەقىل ئىشلەتمەي «شېئىر» لاشتۇرۇپ قويغان.

يۇقىرىقى بىر كۆپلىبېت شېئىردا ئالغا سۈرۈلگەن مەسىلە مېنىڭچە، رېئال مەسىلە. بۇ بىر كۆپلىبېت شېئىر رېئالىزمغا مەنسۇپ. لېكىن، خۇددى پابلونېرۇدا ئېيتقان «رېئالىزمچىلا بولسا بولمايدۇ» دېگەن دائىرىدىكى «رېئالىزم» بولۇپ، بۇ رېئاللىق بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى رېئالىزمغا ئايلىنالمىغان. ئۇ تۇرمۇشتىكى ئاددىي پىكىر ھالىتىدە قېلىپ، شېئىرىي پىكىرگە، يەنى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن شېئىرىي پىكىرگە ئايلىنالمىغان.

شائىرنىڭ ۋەزىپىسى خۇددى بېلىنىسكىي ئېيتقاندەك ئابستراكت (يۇقىرىقى كۆپلىبېتتىكى پىكىر ئابستراكت پىكىر) پىكىرنى كونكرېت، تەسىرلىك ۋە گۈزەل پىكىرگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولسىمۇ، يۇقىرىقى بىر كۆپلىبېت شېئىرنىڭ ئاپتورى بۇ ۋەزىپىسنى ئورۇندىيالمىغان. دېمەك، بۇ شائىر بىرى، ئابستراكت پىكىرنى شېئىرىي پىكىرگە ئايلاندۇرالمىغان بولسا، يەنە بىرى، تۇرمۇشتىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان بىر مەسىلىنى شۇ پېتى ئىپادىلەپ، «ھەممە ئادەم بىلمەيدىغان» دەرىجىگە كۆتۈرەلمىگەن ياكى ئۇلگە — تېپىك بىر كونكرېت سۈرەت ئارقىلىق ئۆز كىتابخانلىرىنى ئويلاندۇرىدىغان، تەسىرلەندۈرىدىغان ھالەتتە ئىپادىلىيەلمىگەن.

2. پابلونېرۇدا يەنە «يازغان شېئىرنى ئۆزى بىلەن خوتۇنىلا چۈشىنىدىغان بولسا ياكى دوت-كالۋالارمۇ چۈشىنىدىغان بولسا ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر» دېگەنىدى. شېئىر ئەلۋەتتە، باشقىلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن يېزىلىدۇ. ئوقۇغان ئادەم ئۇ شېئىرنى قانچىلىك ئەقىل ئىشلىتىسمۇ چۈشىنەلمىسە ياكى ھەممە نېمىسى چىنتا يېيىلغان چاۋىدەك بولسا، ھېچقانداق تەسىر ئالالمايدۇ. نەتىجىدە بۇ شېئىرنىڭ ھېچقانداق رولى بولمايدۇ. ھازىر

www.uyghurkitap.com



چىقىۋاتقان يېڭى شېئىرلار ئىچىدە شائىر ئۆزى بىلەن ئۆزى چۈشەندۈرۈپ قويغان خوتۇندىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان، تېپىشماق شېئىرلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ شېئىرلاردىن كىشىلەر بىزار بولماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە چاۋىسى چىتقا يېيىلغان شېئىرلارمۇ تېخىچە ئېلان قىلىنماقتا. ھەتتا بەزى ئوبزورچىلار بۇنداق شېئىرلارنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىماقتا. يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان بىر كۇپلېت شېئىر مېنىڭچە، ھەممە نىمىسى چىتقا يېيىلغان، دۆت-كالۋالارمۇ چۈشىنىدىغان، كىتابخاندا قايتا تەسەۋۋۇر قوزغىمايدىغان شېئىردىن ئىبارەت. ئەدەبىي ئوبزورچى: «مانا بۇ شېئىردىكى رىتورىك سوئاللارنى كىممۇ ئاڭلىماسلىقتا سالالايدۇ؟ كىممۇ ئۆز ۋىجدانىنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىغا زەن سالماي تۇرالايدۇ؟» دەپ يازىدۇ، ھەر قانداق ئادەتتىكى سوئال جۈملە ئەلۋەتتە كىشىنى ئۇنىڭ جاۋابى ئۈستىدە ئويلاندۇرىدۇ. بۇنى مۇشۇ كۇپلېتنىڭ كامالەتكە يەتكەن شېئىرىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن تۇغۇلغان دېيىلسە، تامامەن توغرا بولمايدۇ. مۇشۇنداق كۇپلېتلارنى «شېئىرىي پاساھەت، شېئىرىي ھېكمەت، شېئىرىي بالاغەت، شېئىرىي تىل جەھەتتىن قارىغاندىمۇ ئاددىي-ساددا، ئەمما گۈزەل شېئىرلار كاتېگورىيىسىگە تەۋە» دېسە، شائىر دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئادەم، شېئىر دېگەن بۇ تەسىرلىك ھېكمەت تولىمۇ چاكىنىلاشتۇرۇلغان بولمامدۇ؟ بۇ، شائىرنى ۋە شېئىرنى مەدھىيىلەش ئەمەس، شائىر ۋە شېئىرنى چۈشەنمىگەن نادانىنىڭ دوست تارتىشى. «شېئىرنىڭ ئۆزى مەڭگۈ سوئالدۇر» دېگەن پىكىرنى توغرا دەپ قارايمەن. لېكىن ئۇ يۇقىرىقى كۇپلېتتىكى سوئالدەك بولسا مەڭگۈ سوئال بولالمايدۇ، بەلكى كىشىنى ئويغا سالىدىغان، ئوقۇغانسېرى گويا يېڭى-يېڭى مەزمۇنلار كۆرۈلىدىغان بولغاندىلا، مەڭگۈ سوئال بولالايدۇ. «سول» لۇشيەنىنىڭ تەسىرىدىن پىكىرنى قىيپالڭاچ ئوتتۇرىغا قويغان شېئىرلاردىن ئاللىقاچان سەسكەنگەنلىكىمىزنى دەپ كېلىۋاتقان يەردە يەنە بۇنداق شېئىرلارنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىساق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى قانداقمۇ دۇنيا سەۋىيىسىگە يەتكۈزىمىز؟ ئەڭ قىسقىسى، يۇقىرىقى كۇپلېتنا، شېئىرىي ئوبراز دېگەن نەرسە بولمىسا، ئۇنى يەنە ماختىساق بۇ بىزنىڭ نادانلىقىمىزنى ئىپادىلىمەمدۇ؟! ئوبزورچىلارنىڭ ۋەزىپىسى شېئىرلارغا توغرا باھا بېرىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ سۈپەت جەھەتتىن يەنىمۇ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. توغرا باھا بېرىش ئىلمىي باھا بېرىش بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق شەخسىي غەرەزلەردىن خالىي بولۇشى كېرەك. ئوبزورچى ئاشۇ بىر شېئىرنى شېئىرىيەتنىڭ قانۇن-قائىدىلىرى بىلەن توغرا تەھلىل قىلىپ، شۇ شېئىرنىڭ ئىگىسى ۋە مىللەتنىڭ شېئىرىيىتىگە توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم. ئەكسىچە، ئابستراكت سۆزلەر شېئىرىي شەكىلدە تىزىلغان يۇقىرىقى بىر كۇپلېتنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىغاندەك، ھەقىقىي شېئىر بولمىغانلارنى ماختىسا، بەلكى بۇنداق ماختاشلار شۇ شائىر ۋە شۇ مىللەت شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ.

«شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق

ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇپ، بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، توغرا يول بىلەن ئىلگىرىلىشىگە نىشان كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. دەل مۇشۇنداق بىرگېزىتنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر شېئىرنى كەلسە-كەلمەس ماختىغان بىر ماقالىنى باسقانلىقى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. يېتەكچى بىر ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى مانا مۇشۇنداق ئىلمىي بولمىغان، كۆزنى يۇمۇۋېلىپ قارىسىغا ماختايدىغان ناچار ماقالىلەرنى باسسا، بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز، بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز قانداقمۇ تەرەققىي قىلار؟ مۇشۇ مەسىلىگە قاراپ شۇنداق پىكىر-ئويغا كەلدىم: بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزدە سول لۇشيەن دەۋرىدىكى يالىڭاچ، ئاددىي، قۇرۇق سۆزلەرنىڭ تىزمىسى بولغان شېئىرلارنىڭ تېخىچە بازار تېپىپ، ھەتتا گېزىت-ژۇرناللاردا مەدھىيىلىنىشىنىڭ بىر سەۋەبى دەل بىزنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا، نەشرىيات ئورۇنلىرىمىزدا ئىكەن! بۇ مەسىلە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىشى كېرەك!

بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان يەنە بىر مەسىلە خۇددى پابلونېرۇدا دېگەندەك، ئۆزى بىلەن خوتۇنىلا چۈشىنىدىغان شېئىرلاردىن ئىبارەت.

يازغان شېئىرنى ئۆزى ۋە ئۆزى چۈشەندۈرۈپ قويغان خوتۇنىلا چۈشىنىدىغان شېئىرلارمۇ يېڭى شېئىرلار ئىچىدە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بەزىلەر بۇنداق يېڭى شېئىرلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن مۇھەررىر بۇ شېئىرنى چۈشىنىپ باسقانمىدۇ، دېمەكتە.

ئېشەك سۆرەپ ماڭغان بىر ھارۋا
كۆتۈرۈۋېلىپ ئالتۇن چەشلەرنى
ئاستا-ئاستا كېلىدۇ لەيلەپ،
تۇنۇگۈنلا قاپارغان قولۇم.
نېمە ئۈچۈن يىغلىماي يەنە
شۇنچە تاتلىق يۇرسەن مۇگدەپ
جېنىمغىنا كەپتەر چاقلىرىم
بۇزماي بۇغداي خامانلىرىنى
بەرگىن ماڭا رىۋايەت سۆزلەپ
بۇگۈن يەنە ئەكەلمسەڭ نان
ئورمىلىقتا تۇرۇپ ئومىقىم
سېنى قايتا قالىمەن كۈنلەپ.

ئالتۇن چەش بېسىلغان ھارۋا ئاستا لەيلەپ كەلمەكتە. دېھقانىنىڭ تۇنۇگۈن ئېغىر ئەمگەكتە قاپارغان قولى، ئەمدى تاتلىق مۇگدەپ (بىكار) يۇرگەنلىكتىن، نېمە ئۈچۈن يىغلىمىسۇن؟ بۇ تەسۋىرلەر ئارقىلىق شائىر زادى نېمە دېمەكچى؟ قاتتىق ئىشلىگەن دېھقان ئېشەك ھارۋىسىدا ئالتۇن چەش بېسىپ ئۆيىگە ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھوسۇل يەنىلا ئۇنى باياشاد قىلالمىغانلىقتىن يەنە ئىشلەي دېسە ئىش يوقلۇقىدىن يىغلاۋاتامدۇ؟

www.uyghurkitap.com

كېيىنكى ئالتە مىسرادا ۋەقەلىك كەينىگە يېنىپ تەسۋىرلىنىۋاتقاندەك ئىپادىلەنگەن. ياكى بۇ كېلەر يىلنىڭ خامان ۋە ئورمىسىمۇ؟! دېھقان جىنىدەك كەپتەرلىرىنى خامىنىنى بۇزماي، رىۋايەت سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇرۇن بىر قېتىم ئورما ۋاقتىدا نان ئەكەلمەي كۆنلەپ قالغان ئومىقىنى بۈگۈن يەنە ئورما ۋاقتىدا نان ئەكەلمىسەڭ سېنى قايتا كۆنلەيمەن، دەپ ئەسكەرتىدۇ. شۇنداق قىلىپ كېيىنكى ئالتە مىسرا بىزنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرۇپ، ئالدىنقى مىسرادا بىز چۈشەنگەن پىكىرلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتنى بارلىقىنى زادىلا ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. كەپتەر، رىۋايەت، ئومىقى، كۆنلەش، يىغلار زادى قانداق پىكىرنىڭ سىمۋولى؟

مېنىڭچە، يېڭى شېئىرلار ئىچىدىكى بۇنداق چۈشەنگىلى بولمايدىغان شېئىرلار تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ھالەتلەردىن خالىي بولمىغاچقا چۈشىنىش قىيىن بولماقتا.

1. بىر شېئىرنىڭ ئۆزىدە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ھەتتا بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ھەرخىل جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر كۆپ تەسۋىرلەنگەنلىكتىن، بۇلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ ئېنىق چۈشىنىش تەس.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان «دېھقان» دېگەن شېئىر مېنىڭ يۇقىرىقى پىكرىمگە مىسال بولالايدۇ. مەن يۇقىرىدا ئۇنىڭ 3-بۆلىكىنى مىسالغا ئالغانىدىم. بۇ بۆلەكتە ئالتۇن چەش بېسىلغان ئېشەك ھارۋىسى، تۈنۈگۈنكى ئەمگەكتە قاپارغان قول ئەمدى تاتلىق مۈگدىمەكتە، دېھقان يىغىسى، كەپتەرلەرنى خامانى بۇزماي رىۋايەت سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىش، ئومىقىغا ئورما ۋاقتىدا يەنە نان ئەكەلمىسە يەنە كۆنلەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش قاتارلىق بىر-بىرىگە ھەم باغلىنىدىغان، ھەم باغلانمايدىغان شەيئى ۋە ۋەقەلەرنىڭ تەسۋىرى كىتابخاننى تەبىئىي چوڭقۇر پىكىرگە سالىدۇ. بولۇپمۇ ئاخىرقى ئۈچ مىسرادىكى كەپتەرلەرنىڭ خامانىنى بۇزماي رىۋايەت سۆزلىشى، نان ئېلىپ كەلمىسە يەنە ئومىقىنى كۆنلەيدىغانلىقى قاتارلىقلارنى چۈشىنىش تېخىمۇ قىيىنلىشىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ئالدىنقى مىسرالار بىلەن نېمە مۇناسىۋەتنى بارلىقىنى ئادەتتىكى كىتابخان ھەتتا، خېلى كۆپ زىيالىيلارمۇ چۈشىنەلمەيدۇ.

يۇقىرىقى بۆلەكنىڭ ئالدىنقى ئالتە مىسراسىدا يىغىم تۈگىگەن، دېھقاننىڭ قاپارغان قولى بوشىغان مەنزىل تەسۋىرلەنگەن. كېيىنكى ئالتە مىسراسىدا بولسا خامان ۋە ئورما مەنزىلى سۆزلەنگەن. بۇ خامان ۋە ئورما مەنزىلى كېلەر يىلغا تەنمۇ ياكى يىغىمنىڭ ئالدىغا تەنمۇ؟ بۇ ئېنىق ئەمەس! كېلەر يىلغا تەن بولسا، ئالدىن خامان، كېيىن ئورما كېلىدۇ. شۇ يىلغا تەن بولسا، يىغىم، خامان، ئورما — نېمىشقا بۇ دېھقانچىلىق ئىشلىرى تەتۈر تەسۋىرلىنىدۇ؟ بۇنىڭ ئالدىنقى ۋەقەلىككە نېمە مۇناسىۋەتنى بار؟ بۇ مەنزىل مەسىلىسى كىتابخاننى قايمۇقتۇرىدىغان بىرىنچى چىگىشلىك، كىتابخاننى قايمۇقتۇرىدىغان ئىككىنچى چىگىشلىك بولسا، پىكىرلەرنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىشىدىكى سىردىن ئىبارەت. يىغىم ۋە دېھقاننىڭ قاپارغان قولىنىڭ بىكار قېلىشى بىلەن كەپتەرنىڭ خامانىنى بۇزماي

رىۋايەت سۆزلىشى، ئورمىلىققا ئومىقى نان ئەكەلمىسە كۆنلەپ قېلىشى قاتارلىقلارنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ كەپتەرنىڭ ئىككى خىل رىۋايىتى بار، بىرى، خامانىنى بۇزىدىغان، بىرى، خامانىنى بۇزمايدىغان رىۋايەت. لىرىك قەھرىمان «مەن» كەپتەرگە بۇزمايدىغان رىۋايەتنى سۆزلەشكە مۇراجىئەت قىلىدۇ. كەپتەر ئادەتتە تىنچلىقنىڭ، خاتىرجەملىكنىڭ، سەممىي ۋە ياۋاشلىقنىڭ سىمۋولى. بۇ خامانىنى ھەم بۇزىدىغان، ھەم بۇزمايدىغان كەپتەر زادى نېمىنىڭ سىمۋولى؟ ئۇ سۆزلەيدىغان رىۋايەت (رىۋايەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تارىخىي ھېكايىلەر رىۋايەت دېيىلىدۇ) قانداق تارىختۇ؟

دېمەك، ۋاقىت ۋە پىكىر جەھەتتىكى بۇ «سىر» ۋە چىگىشلىك بۇ بۆلەكتە شائىر دېمەكچى بولغان پىكىرنى چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. توغرا، شېئىر شېئىرىي مونتاژ، شېئىرىي سەكرەتمە ۋە شائىرنىڭ ھەممە نەرسە بولالىشىنى (ئەر، ئايال، گۈل، يوپۇرماق...) چەتكە قاقمايدۇ. يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان بۆلەكتىكىدەك ئالتۇن چەش بېسىلغان ھارۋا، بىكار قالغان دېھقاننىڭ قاداق باسقان قولى، كەپتەرگە رىۋايەت سۆزلەپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلىش، ئورمىلىققا نان ئەكەلمىسە ئومىقىنى يەنە كۆنلەش قاتارلىق مونتاژلانغان ۋەقەلەرنى يېزىشنى توسمايدۇ. مەسىلە بۇ مونتاژلانغان ۋەقەلەرنىڭ بىر-بىرىگە مەيلى تاشقى ياكى ئىچكى جەھەتتىن باغلىنىشىدا بىر ئېنىقلىق بولۇشى كېرەك. بۇنداق ئېنىقلىق بولماي يۇقىرىقىدەك مۇجمەللىك بولسا چۈشىنىش ئەلۋەتتە قىيىن.

2. يېڭى شېئىرلارنىڭ نەزەرىيىچىلىرى مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى: يېڭى-يېڭى ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى يارىتىپ، سىمۋوللۇق ئىبارىلەرنى كۆپەيتىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ سۆز بايلىقىنى تېخىمۇ بېيىتىش. بۇ تەكلىپ مېنىڭچە خاتا ئەمەس. بىر شائىر ياكى بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئالغاندىمۇ ئۇنىڭ شېئىرىيەت سۆز خەزىنىسىنىڭ باي ياكى كەمبەغەللىكى ئۇنىڭ شېئىرىيىتىنىڭ قانداقلىقىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ناۋائىينىڭ تىل خەزىنىسى خۇددى يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك گۈزەل ۋە رەڭدار بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ شۆھرىتىنى ئالەمگە يايدى. يۇقىرىدا مىسالغا ئالغان بەزى شېئىرلارنىڭ تىلى شېئىرىي تىل-ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە باي، ئوبرازلىق تىل ئەمەس، شۇنداق بولغانلىقتىن، ئابستراكت ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر شۇ پېتى قۇرلارغا تىزىلىپ قالغان.

يېڭى-يېڭى ستىلىستىك ۋاستىلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرگە يېڭى مەنە بېرىش، يېڭى سىمۋوللۇق سۆزلەرنى يارىتىش ئەلۋەتتە شېئىرىيىتىمىزنىڭ سۈپەت جەھەتتىن ياخشىلىنىشىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ مەسىلىدە يېڭى شېئىرلاردا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە.

بىرىنچى، شائىر ئۆزىلا چۈشىنىدىغان ستىلىستىك ۋاستىلەر بىلەن شېئىر يېزىش.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ياكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئىشلىتىلىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ مەنىسى ئاساسىدا راۋاجلاندۇرماي، بىراقلا يېڭى، تېخى ھېچكىم بىلمەيدىغان مەنە بېرىپ ياكى چەت ئەل شېئىرلىرىنىڭ سىمۋولى قاتارلىقلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، شېئىرلارنى چۈشىنىكسىز قىلىش. ئۈچىنچى، يېڭى شېئىرلارنى ئاڭسىز دورىغۇچى بەزىلەر كەلسە-كەلمەس سۆز-ئىبارىلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ چۈشىنىكسىز ۋە سىرلىق قىلىۋېتىش.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ستىلىستىك ۋاستىلىرىنى بېيىتىش ئەلۋەتتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى. مېنىڭچە، شائىرنىڭ ماھارىتى (ئەقىل ئىشلىتىش) دەل مانا مۇشۇ ستىلىستىك ۋاستىلەردە ئالاھىدە كۆرۈلىدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېۋ «شىنجاڭ گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ، مىرزاھىد كېرىمىنىڭ بىر شېئىرىغا يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. بولۇپمۇ بۇ شېئىردىكى «ئانا باغرى جەننەت» دەيدىغان يېڭى ئىبارىنى ئالاھىدە ماختىغانىدى. مەنمۇ بىر ماقالىمدە ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «ئايغا يۆلىنىپ ئولتۇرىمەن» دېگەن ئىبارىسىنى ئىجادىي دەپ كۆرسەتكەنىدىم. شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرىدا، خۇددى تېيىپجان ئېلىيېۋ ئېيتقاندەك ئەڭ يېڭى سۆز بىرىكمىلىرىنى ياكى ستىلىستىك ۋاستىلەرنى ئىشلىتەلمىسە، بۇ شېئىرنى تىل جەھەتتىن ياخشى شېئىر، شائىر ئەقىل ئىشلەتكەن دېگىلى بولماس. ئەمما، تىل جەھەتتىكى بۇنداق يېڭىلىقلار مېنىڭچە، ئىككى نۇقتىغا ئاساسلىنىشى كېرەك: بىرى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا بارلىققا كېلىشى كېرەك. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن چەتلەپ چەت ئەل تىلى خۇسۇسىيەتلىرى ياكى خىيالىي ئاساستا بارلىققا كەلسە، چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھالەت تەبىئىي كېلىپ چىقىدۇ. يەنە بىرى، ئۇيغۇر تىلى سۆز ۋە ئىبارىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى ئاساسىدا ياكى ئەسلىدىكى سىمۋوللۇق كۆچمە مەنىسى ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇش. ئۇيغۇر تۇرمۇش ئادىتىگە ئۇيغۇن بولۇش شېئىرلارنى «تېپىشماق» ياكى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھالەتتىن ساقلايدۇ.

ئومۇمەن «دۆت-كالۋالارمۇ چۈشىنىدىغان» شېئىرلار بىلەن «مەن-مەن دېگەنلەرمۇ چۈشىنەلمەيدىغان» شېئىرلارغا نىسبەتەن ئەمدى راستىنلا چەك قويۇش ۋاقتى يەتتى. «مەن بۈگۈنكىلەر ئۈچۈن ئەمەس، ئەتىكى سەۋىيىسى يۇقىرىلار ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن» دېگەن سەۋەبمۇ چويلىدا توختىمايدىغان سەۋەبتىن ئىبارەت. بۈگۈنكىلەر چۈشەنمىگەن شېئىرنى ئەتىدىكىلەر چۈشىنىشى ناتايىن، شائىر چۈشىنىكسىز شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆز كىتابخانلىرىنى قىينىغۇچى ۋە ئۆزىدىن زېرىكتۈرگۈچى ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان گۈزەل، جانلىق ۋە تەسىرلىك ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئېستېتىك لەززەت بېرىدىغان بولۇشى كېرەك. مېنىڭ قارىشىمچە، شېئىردا ئىشلىتىلگەن ستىلىستىك ۋاستىلەر، تەسۋىرلەر ئۇيغۇر تۇرمۇش ئادىتى، ئۇيغۇر تىلى ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇيغۇر تىلى مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولسىلا، ئۇ قانچىلىك مۇرەككەپ بولسىمۇ، چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، پىكىرنى ئوچۇق يېزىش رېئالىزم، پىكىرنى يېپىق ياكى گۇڭگا يېزىش رېئالىزم ئەمەس، يېپىق ياكى گۇڭگا يېزىش باشقا مېتودلارغا خاس، دەپ قاراش توغرا ئەمەس، ئوچۇق يېزىشنىلا تەشەببۇس قىلىپ، يېپىق ياكى گۇڭگا يېزىشنى رەت قىلىشمۇ بىر خىل ساۋاتسىزلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماي، بارچە گۈللەر ئېچىلىش، ھەممە بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس.

يېپىق، ئوچۇق ياكى گۇڭگا دېگەنلەر شېئىرىي پىكىرنىڭ شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىگە قارىتىلغان. ئوچۇق ئېيتقاندا، پىكىرنىڭ يېپىق، ئوچۇق ياكى گۇڭگا ئىپادىلىنىشىگە قارىتىلغان. ئوبراز-سۈرەت، بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى، جۈملىدىن شېئىردىكى ئوبراز سۆز بىلەن سىزىلغان سۈرەت، ھەر قانداق شەكىل، ئۇسلۇب، مېتودتىكى شېئىر بولسۇن، ھېسسىيات ياكى ۋەقەلىك بايان قىلىنغان شېئىر بولسۇن، زور سىياسىي-پەلسەپىۋى مەسىلىلەر بايان قىلىنغان ياكى ئىنساننىڭ ئادەتتىكى ھېس-تۇيغۇلىرى بايان قىلىنغان بولسۇن ھەممىسىدە ئوبراز بولىدۇ. ئوبراز بولمىسا بەدىئىي ئىجادىيەت، جۈملىدىن شېئىر بولمايدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، چەت ئەللەردىن تارتىپ ئۆزىمىزگىچە شېئىرىي پىكىر شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئېتتىشى كېرەك، بولمىسا بەدىئىي ئىجادىيەت بولمايدۇ، دېيىلىپ كەلدى. بۇ كۆز قاراش ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق. ھېلىمۇ كۈچكە ئىگە. چۈنكى، بەدىئىي ئىجادىيەت، جۈملىدىن شېئىرمۇ ئۆز كىتابخانىنىڭ نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېيتىپ بەرمەيدۇ، بەلكى تەسىرلەندۈرۈش ئارقىلىق كىتابخانىنى تەربىيىلەيدۇ. نېمىشقا كىشىلەر تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرىنى ئوقۇپ ھاياجانلانمايدۇ؟ نېمىشقا رۇبائىي، ھېكايە، دراما، كىنو، شېئىرلارنى ئوقۇپ ياكى كۆرۈپ ھاياجانلىنىدۇ؟ بۇ تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرىدە بولمايدىغان، پەقەت بەدىئىي ئەسەرلەردە بولىدىغان كۈچلۈك ھېسسىياتقا ئىگە ئوبرازلارنىڭ تەسىرىدىن تۇغۇلغان ھاياجان، خالاس. دېمەك پىكىر ئوچۇق-ئاشكارا ئېيتىلماي ئوبرازغا سىڭگەندىلا ئاندىن بەدىئىي پىكىر بولىدۇ. شېئىرىي ئوبرازغا سىڭگەن پىكىر شېئىرىي پىكىر بولىدۇ. ئوچۇق، يېپىق، گۇڭگا دېگەنلەر دەل شېئىرىي پىكىرنىڭ شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئېتتىشىگە قارىتىلغان. شېئىرىي پىكىر سۈزۈك سۇ ئاستىدا ياتقان تاشتەك ياكى ئۇسما قويۇلغان قاشتەك ئەكس ئەتكەن شېئىرلارنى ئوچۇق پىكىرلىك شېئىرلار دېسەك بولار. سۈزۈك سۇ ۋە ئۇسما شېئىرىي ئوبراز بولۇپ، تاش ۋە قاش شېئىرىي پىكىردىن ئىبارەت. سىمۋوللۇق شېئىرلار ياكى شېئىرىي ئوبرازنى ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەھلىل قىلماي تۇرۇپ، شېئىرىي پىكىرنى ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان شېئىرلارنى شېئىرىي پىكرى يېپىق شېئىرلار دېيىشكە بولىدۇ. شائىر ئا. خوجايېۋ ئوخشاتقاندەك، تۇمان ئارقىسىدا غۇۋا كۆرۈنگەن قارىغايلاردەك شېئىرلارنى ياكى شېئىرىي پىكىرنىڭ چەكسىزلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە قاتمۇ قاتلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان.گۇڭگا پىكىرلىك شېئىرلارنى شېئىرىي پىكرى گۇڭگا شېئىرلار دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شېئىرلاردىكى شېئىرىي پىكىر مۇجمەل، بىلگىلى بولمايدىغان بولىدۇ، دەپ قاراش توغرا قاراش ئەمەس، تۇمان ئارقىسىدىكى كۆرۈنگەن نەرسە، ئېنىقكى، قارىغاي، ئۇ زادىلا نېمىلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسە ئەمەس. شېئىرىي پىكىرنىڭ گۈزەللىكى ئوچۇق پىكىرلىك شېئىرلاردىمۇ، يېپىق پىكىرلىك شېئىرلاردىمۇ ئوخشاشلا ئۇچرايدۇ. ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىمۇ، ھازىرقى زامان ۋە يېڭى دەۋر شېئىرلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇچرايدۇ، ئەلۋەتتە. ھازىر چىقىۋاتقان يېڭى شېئىرلاردا شېئىرىي پىكىرنىڭ گۈزەللىكى بىرقەدەر كۆچلۈك ئىپادىلەنمەكتە.

كلاسسىك شائىرىمىز سەككاكىنىڭ:

« جانىم كۆرگەن جاپانىڭ مىڭدەن بىرىنى
بولۇر گەر كۆرسە سەندان پارە-پارە. »

دېگەن ئىككى مىسرا غەزىلىدىكى شېئىرىي پىكىر ھەم ئوچۇق ئىپادىلەنگەن ھەم گۈزەلدۇر. لىرىك قەھرىمان « مەن » نىڭ جېنى كۆرگەن جاپانىڭ مىڭدەن بىرىنى تۆمۈرچىنىڭ سەندىلى كۆرسە پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ. جاپانىڭ بىرىدە بىر سەندەل پارە-پارە بولسا مىڭدە مىڭ سەندەل پارە-پارە بولىدۇ. « مەن » نىڭ جېنى كۆرگەن جاپا ئېيتقۇسىز ئېغىر ۋە چەكسىز بولۇپ، بۇ پىكىر يېپىق ئەمەس، ئوچۇق پىكىرلىك غەزەل بولسىمۇ، يەنە گۈزەل پىكىرلىك غەزەل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سان جەھەتتىن ئېنىق بولغان بۇ جاپا يەنىلا ئۆزىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە ئېغىرلىقى بىلەن گۈزەل ئىپادىلەنگەن دېيىشكە بولىدۇ.

شېئىرىي پىكىرنىڭ ئوچۇق-يېپىق ياكى گۈزەللىكى شېئىرىي ئوبراز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىجادىيەت مېتودى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. شۇڭا، رېئالىزم مېتودىدىكى شېئىرلار ئوچۇق، رومانتىزم قاتارلىق باشقا مېتودلاردىكى شېئىرلار يېپىق ياكى گۈزەل بولىدۇ دەيدىغان قاراش توغرا قاراش ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىللە شېئىرىي پىكرى ئوچۇق شېئىرلار ياخشى شېئىرلار، شېئىرىي پىكرى يېپىق ياكى گۈزەل شېئىرلار يامان شېئىرلار دەپ قاراشمۇ توغرا ئىلمىي قاراش ئەمەس. پىكىرنى ئوچۇق يازغان ياخشى دەپ شېئىرىي ئوبرازغا ئېتىبار بەرمەيدىغان، پىكىرگە ئەھمىيەت بېرىپ، بەدىئىيلىككە ئېتىبار بەرمەيدىغان ئەھۋاللار شېئىرىيىتىمىزدە كۆرۈلمەكتە.

بىر ناتىق ئاممىغا سۆز قىلدى. ئۇ « كۆكبېشى ئاگاھ بولۇڭ، ئۈستەڭ سۈيى دەريالارغا بىكار ئېقىپ كەتمىسۇن. بىكار ئاققۇزۇۋەتكۈچە نېسى بەرسىڭىز، نەق-نېسى ئارىلاش كەلسە يامانمۇ؟ توكچى ئۇستام، سىز باھانى ئويلاپ قويۇڭ، جىن چىراغنى قايتا ياقىدىغان كۈنلەر كەلمىسۇن، نەپسىڭىزدىن نەسلىڭ يېتىپ، سىزگىمۇ بىر كۈنلەر ھەسرەت چېكىش كەلمىسۇن » دېدى. ناتىق خەلق جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى سۆزلىگەنلىكتىن، ئاڭلىغۇچىلار قاتتىق چاۋاك چالدى.

بىر شائىر تۆۋەندىكىدەك شېئىر يازدى ۋە ئاممىغا ئوقۇپ بەردى:

ئۈستەڭ سۈيى، ئاگاھ بولۇڭ كۆكبېشى
دەريالارغا بىكار ئېقىش كەلمسۇن.
ئارىلاش كەلسۇن سودىڭىزغا نەق-نېسى،
لېكىن تامام نەققە سېتىش كەلمسۇن.
توكچى ئۈستام ئويلاپ قويۇڭ باھانى،
جىن چىراغنى قايتا يېقىش كەلمسۇن.
نەپسىڭىزدىن نەسلىك يېتىپ سىزگىمۇ
بىر كۈنلەردە ھەسرەت چېكىش كەلمسۇن.

ئوقۇلغاندىن كېيىن، شائىرغىمۇ خۇددى ناتىققا چېلىنغان چاۋاكتەك چاۋاك چېلىندى. بۇ ئىككى چاۋاك ناتىقنىڭ سۆزىدىكى مەزمۇن بىلەن شائىرنىڭ «شېئىر» ىدىكى مەزمۇنغا چېلىنغان. چۈنكى، يۇقىرىقى پارچە بوغۇم، تۇراق، رىتىم، قاپىيە جەھەتلەردىن شېئىرغا ئوخشىسىمۇ، بەدىئىيلىك جەھەتتىن پىشقان شېئىر ئەمەس، شائىرنىڭ شائىرانە ماھارىتى ئوچۇق ئىپادىلەنگەن شېئىر ئەمەس. بۇ يەردە شۇنداق بىر پىكىرنى دېيەم ئوشۇق كەتمەس: بىزنىڭ خەلقىمىزدە، بەزى زىيالىي-كادىرلىرىمىزدا ئاز-ياكى بارماق ۋەزنىدە تىزىلغاننىڭ ھەممىسىنى شېئىر دەيدىغان قاراش بار. ئۇنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىن ياخشى-يامان بولۇشىغا قارىماي، پەقەت مەزمۇنىغىلا قاراپ قىزغىن چاۋاك چالىدىغان ياكى چالمايدىغان ئەھۋاللار بار. توغرا، شېئىردا ئالغا سۈرۈلگەن پىكىر خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى پىكىر بولۇشى كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە بىر شېئىرغا نىسبەتەن ئالغاندا بىرىنچى ۋە مۇھىم تەرەپ. شائىر خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى شۇ پىكىرنى شائىرانە ماھارەت بىلەن (ئەقلى ئىشلىتىپ) شېئىرىي پىكىرگە، ئىجادىي بايان قىلىنغان شېئىرىي پىكىرگە ئايلاندۇرماي، شۇ پېتى تىزىپ قويسا، ئۇنى ياخشى شېئىر دېگىلى بولمايدۇ. شېئىر ئاددەتتىكى سۆزلەرنىڭ تىزىلمىسى ئەمەس، بەلكى شېئىرىي پىكىرنىڭ شېئىرىي تىل ئارقىلىق شېئىرىي ھېسسىيات تېمىپ تۇرغان شېئىرىي سۈرەتكە ئايلىنىشىدىن ئىبارەت. ئوچۇق يېزىشنى خەلق كۆڭلىدىكى ئوي-پىكىر، ئارمانلارنى شۇ پېتى شېئىرلاشتۇرۇش دەپ چۈشەنسەك توغرا بولمايدۇ. بۇ سەككىز مىسرادىكى مەزمۇننىڭ (سودىدا نەق-نېسى بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش، توك باھاسىنىڭ ئوسۇشىنى توكچى ئۈستامغا ئارتىش) توغرا بولمىغانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، بەدىئىيلىكى ئۈستىدە توختالساق، بۇ پارچىدا شائىرانە ماھارەت (ئەقلى ئىشلىتىش) ئاجىز ياكى يوق، شائىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھادىسىلەرنى مېخانىكىلىق ھالدا، شېئىر شەكلىدە تىزىپ قويغان بولۇپ، ھەقىقىي شېئىر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن.

«ئۈستەڭ سۈيى، ئاگاھ بولۇڭ كۆكبېشى،
دەريالارغا بىكار ئېقىش كەلمسۇن»

www.uyghurkitap.com

دېگەن ئىككى مىسرادىكى پىكىر «دېھقان» شېئىرىنىڭ

«ئېھ، كېۋەزلىك مېنىڭ سىردىشىم،
كۆلۈشمەڭلار مېنىڭ ھالىمغا.
قانداق قىلاي توك قاپاق مىراپ
سۇنى توسۇپ ئالسا بېشىدا»

دېگەن كۇپلېتىدا ياخشى بايان قىلىنغان. مېنىڭچە، كېيىنكىسىنى شېئىر دېسەك بولار. بۇنىڭدا شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي ئوبراز ۋە ئۆزىگە خاسلىق بار، شېئىرىي ھېسسىياتمۇ، شېئىرىي تىلمۇ بار، ئالدىنقىسىدا بولسا، بۇلار يوق دېيەرلىك، پەقەت ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئادەتتىكى پىكىر شېئىرىي شەكىلدە تىزىپ قويۇلغان.

شېئىر ئەڭ ئالدى بىلەن ئىجادىيەت، ئىجادىيەت دېگىنىمىز يېڭىنى يارىتىش دېگەنلىك بولىدۇ. يېڭىنى يارىتىش دېگەنلىك بولسا، باشقىلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنمىغان، پەقەت شۇ ئىجادىيەتچى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم يارىتىلغان دېگەنلىك، ئەلۋەتتە. بۇنداق ئىجادىيەت بىر شېئىرغا نىسبەتەن ئالغاندا، شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي ھېسسىيات ۋە شېئىرىي تىل جەھەتلەردە ئىپادىلىنىشى كېرەك. دەل شائىرنىڭ شائىرلىق ماھارىتى ياكى ئەقىل ئىشلىتىشى مانا مۇشۇ ئىجادىيەت جەھەتتە كۆرۈلىدۇ: ئەقىل ئىشلىتكەن-ئىشلەتمىگەنلىكى، شائىرانە ماھارىتى ئىپادىلەنگەن-ئىپادىلەنمىگەنلىكى ئۇنىڭ شېئىرىدا كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بەدىئىيلىك جەھەتتىن پىشىپ يېتىلمىگەن، پىكىر جەھەتتىن قانچىلىك ياخشى شېئىر بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر ئادەتتىكى سۆزلەرنىڭ تىزمىسى بولۇپ قالىدۇ. ئوچۇق يېزىش شېئىرىي پىكىرنى يەنىلا ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىدۇ. شېئىرىي ئوبرازدىن ئايرىلىپ ئىپادىلەنگەن پىكىر شېئىرىي پىكىرمۇ بولمايدۇ، بەلكى يۇقىرىقىدەك ئادەتتىكى پىكىرنىڭ قۇرلارغا تىزىلىشى بولۇپ قالىدۇ.

**تۆتىنچى، شېئىر شائىردىن جاپالىق ۋە قايتا-قايتا ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇلۇغ، ئىجادىي ئەمگەك.**

شېئىر يېزىش ئاسان ئەمەس. كۆپلىگەن كىشىلەر شېئىر يېزىش جەريانىنى جىددىي تولغاق ۋە ئادەمنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئوخشىتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئوخشىتىش تامامەن توغرا، شېئىر شائىرنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ چىقىدىغان ناخشا! شۇنداق ئىكەن، شائىر ئۆز شېئىرىنىڭ ھەر بىر سۆز، ھەر بىر مىسراسى ئۈستىدە چوڭقۇر، ئەتراپلىق ۋە قايتا-قايتا ئويلىنىشى زۆرۈر. مەشھۇر شائىرلارنىڭ ئۆز شېئىرلىرى ئۈستىدە — ئۇنىڭ ھەر بىر مىسراسى ئۈستىدە قايتا-قايتا ئىشلىگەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئاز ئەمەس. بۇنداق جاپالىق، ئەستايىدىل ئەمگەكتىن تەكرار-تەكرار ئۆتمىگەن شېئىرنىڭ خام بولۇپ قېلىشى تەبىئىي. ھازىر چىقىۋاتقان شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى پىشمىغان، خام، قول ئۇچىدىلا يېزىلغان شېئىرلار بولۇپ، بۇ شېئىرلاردا يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئوبزورچىلارمۇ بۇ يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلارنى كۆرمەي، بۇ شېئىرلارنى مەدھىيىلىمەكتە.

بۇ شېئىر ۋە بۇ شېئىرلار ھەققىدىكى مەدھىيىلەرنى گېزىت-ژۇرناللار باسماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەيلى ئاپتوردا بولسۇن، مەيلى مۇھەررىرلەردە بولسۇن، مەيلى ئوبزورچىلاردا بولسۇن، ئەستايىدىللىقنىڭ كەملىكىدىن بولغان.

1. شائىر ئۆز شېئىرىنىڭ ھەر بىر سۆزىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ ئورنىغا چۈشكەن-چۈشمىگەنلىكىگە، مەنىسىنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقىغا قاتتىق ئېتىبار بىلەن قارىشى ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن بىزنىڭ بەزى شېئىرلىرىمىزدا سۆزلەر ئورنىغا چۈشمىگەن، سۆزلەر توغرا مەنە بەرمىگەن، ھەتتا خاتا مەنە بېرىپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. بىر سۆز بەزىدە ئاشۇ بىر مىسراغا جان كىرگۈزىدىغان ياكى جېنىنى ئالىدىغان مىساللار كۆپ. سۆز كۆپ قىرلىق كېلىدۇ. شائىر شۇ سۆزنىڭ ھەربىر تەرىپىدىكى مەنىنى بىلىپ، ئۆز شېئىرىدا قانداق مەنە بىلەن كەلگەنلىكىنى تولۇق مۇقىملاشتۇرغاندىلا، ئاندىن بۇ سۆزنى شۇ يەرگە بېكىتىش كېرەك. ئەكسىچە، بىر تەرىپىدىكى مەنىنى كۆرۈپ، يەنە بىر تەرىپىدىكى مەنىنى كۆرمىسە، نەتىجىدە مەنىسى توغرا بولمىغان، قاملاشمىغان مىسرالار مەيدانغا كېلىدۇ. شېئىر ھەممىگە ئايانكى، چوڭقۇر ئىلھام ۋە كۈچلۈك ھاياجان بىلەن يېزىلىدىغان بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تىلىنى يېزىلىش جەريانىدا تولۇق دىققەت قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شېئىرنى يېزىپ بولۇپلا گېزىت-ژۇرناللارغا ئەۋەتىشكە ئالدىراش توغرا ئەمەس. مېنىڭ ئۆز تەجرىبەمدىن ئالغاندا، مۇھەررىر سۈپىتىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ھەر بىر سۆز، ھەربىر مىسراسىنى ئەستايىدىل ئويلىنىش تولىمۇ پايدىلىق.

«ئىلى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1994-يىل 25-ئىيۇن سانىنىڭ 4-بېتىگە «ساقلار ھەققىدە ئىككى ئېغىز گەپ» دېگەن بىر ئوبزور بېسىلغان. بۇ ئوبزور «ساقلار» دېگەن شېئىر ئۈستىدە يېزىلغان بولۇپ، ئوبزورچى بۇ شېئىرنى ياخشى يېزىلغان شېئىر دەپ مەدھىيىلىگەن. مەن بالىلار (ساقلار) ھەققىدە يېزىلغان بۇ شېئىرنى ئوقۇمىغانىكەنمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوبزور ئۈستىدە بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئوبزوردا بۇ شېئىرنىڭ تۆۋەندىكى بىر كۇپلېتى مىسالغا ئېلىنغان:

بولسا تۈن ئاسمانغا كۆز، يۇلتۇز سىلەر،
كۆكتە غايىب گەر قۇياش، كۈندۈز سىلەر،
كەلگۈسى ئۇيغۇرغا مىليون كۆز سىلەر،
دىلدىكى ئەجدادى قىلغان سۆز سىلەر،
شۇڭا كۆزلەر تۈندە ئويغاق ساقلار.

ئوبزوردا مۇشۇ بىر كۇپلېت ھەققىدە ئوبزورچى «كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ تۈندە يۇلتۇزدەك، كۈندۈزى قۇياشتەك چاقناپ، ئەجدادلار ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان مىليون يىللىق ئاجايىپ ئۇلۇغ غايە ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلارنىڭ، يەنى ئەۋلادلارنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى ‹دىلدىكى ئەجدادى قىلغان سۆز سىلەر› دەپ

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ سەمىگە سالىدۇ. يۇقىرىقى كۇپلېتنىڭ ئاخىرىدا 〈 شۇڭا كۆزلەر تۇندە ئويغاق ساقلار 〉 دەپ ساقلارغا بولغان پۈتۈن مېهرى-مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش بىلەن خۇلاسىلەيدۇ » دەپ يازىدۇ.

توغرا، ئالدىنقى تۆت مىسرانىڭ ھەر بىرى مۇستەقىل مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئاخىرقى مىسرا خۇلاسىدىن ئىبارەت، بىز تۆۋەندە مۇشۇ كۇپلېتنىڭ ھەر بىر مىسراسى ئۈستىدە توختىلىپ باقايلى:

بىرىنچى مىسرادىكى « كۆز بىلەن يۇلتۇز » سۆزى جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى، ئەمىسە كۆز نېمىگە سىمۋول قىلىنغان؟ يا يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزى كۆزمۇ؟ بۇ جۈملىدە ئېنىق ئەمەس. ئەگەر ئوبزورچى يازغاندەك ساقلار « تۇندە يۇلتۇزدەك » يانغان دېيىلسە، مېنىڭچە كۆز سۆزى ئورنىغا ئاي سۆزىنى ئالسا مۇۋاپىق بولاتتى. بۇ 2- مىسرادىكى پىكىرگىمۇ ماسلىشاتتى. چۈنكى، كۆز يورۇتقۇچى ئەمەس، بەلكى كۆرگۈچى، شۇنداق بولغانلىقتىن، تۈننى يورۇتۇش مەنىسىدە ئالماقچى بولغان بولسا، « ئاي » سۆزى كەلسە مۇۋاپىق بولاتتى.

ئىككىنچى مىسرا ئۈستىدە ئوبزورچى « كۈندۈزى قۇياشتەك چاقناپ » دەپلا ئۆتۈپ كەتكەن. ئاپتور « كۈندۈزى قۇياش غايىب بولۇپ كەتسە، سىلەر (ساقلار) كۈندۈز » دەپ قۇياشنىڭ ئورنىغا ساقلارنى دەسسىتىپ، ساقلارمۇ قۇياشتەك نۇر چاچالايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ، بۇ مېنىڭچە ياخشى مىسرا. ئاپتورمۇ، ئوبزورچىمۇ، مۇھەررىرمۇ ئۈچىنچى مىسرادىكى خاتالىقنى كۆرمىگەن. « كەلگۈسى ئۇيغۇرغا مىليون كۆز سىلەر » دېگەن مىسرادىكى « كەلگۈسى ئۇيغۇرغا مىليون كۆز » بولىدىغان ساقلار دەل « كەلگۈسى ئۇيغۇر » نىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ يا كەلگۈسىدىكى ئۇيغۇر ھازىرقى ساقلار بولماي كىم بولىدۇ؟ بۇ مىسرا دەل بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئەستايىدىل ئويلانمىغانلىقنىڭ نەتىجىسى.

تۆتىنچى مىسرادىكى « دىلىدىكى ئەجدادى » دېگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، دىل كىمنىڭ دىلى؟ ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ دىلىمۇ، ساقلارنىڭ ئۆزىنىڭ دىلىمۇ، زادى كىمنىڭ دىلى؟ شېئىرنىڭ مەنىسىدىن ئالغاندا، ساقلارنىڭ دىلى بولۇشى كېرەك، چۈنكى شائىر ساقلارنى ئەجدادلىرىغا سادىق دېمەكچىدەك قىلىدۇ، ئەگەر راست ساقلارنىڭ دىلى بولسا، ئۇ چاغدا بۇ شېئىرىي جۈملە شېئىر گراماتىكىسى جەھەتتىن توغرا تۈزۈلگەن بولىدۇ. « دىلىڭلاردىكى ئەجدادىڭلار قىلغان سۆز سىلەر » دەپ « دىل » نىڭ كىمگە تەئەللۇقلۇقىنى ئوچۇق ئېيتىش كېرەك بولىدۇ.

بەشىنچى مىسرا خۇلاسە مىسرا بولۇپ، ئوبزورچى بۇ مىسرانى بايان قىلغۇچىنىڭ ساقلارغا بولغان مېهىر-مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن مىسرا دەپ يازغان. بۇ يەردىكى « كۆزلەر » كىمنىڭ كۆزلىرى؟ ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆزلىرىمۇ يا بايان قىلغۇچىنىڭ كۆزلىرىمۇ؟ تازا ئېنىق ئەمەس، بۇ كۆزلەرنىڭ ئىگىسى شائىرنىڭ كۆڭلىدە بولۇپ، مىسراغا چۈشمىگەن: « تۇندە ئويغاق » دەپ « كېچىسى بېشىڭدا ئولتۇرۇپ چىقمەن » دېمەكچىمۇ؟ بۇ

مسرامۇ ئومۇمەن مەنسى ئېنق مسرا ئەمەس.

خۇلاسلىگەندە، ئۇبزورچى ئالاھىدە مەدھىيلىگەن بۇ بر كۇپلېت شېئر مەنە جەھەتتن توغرا ۋە ئېنق بولمغان بر كۇپلېت شېئردن ئبارەت. ئاپتور شېئرىيەت گراماتىكسغا تازا كۆڭۈل بۆلمگەنلكى ۋە ئۆز شېئرننڭ ھەر بر سۆز، ھەر بر مسراسى ئۈستدە ئەستايدل ئويلانمغانلقى سەۋەبدن يۇقرىقى بر كۇپلېت شېئردا بز كۆرستىپ ئۆتكەن خاتالق ۋە ئېنقسزلقلار يۈز بەرگەن.

يەنە بر مسال، «ئنسان» دېگەن ناخشا تېكستدا:

«تارىختا ئزناسى بار
ئنسان باسقان قەدەمنڭ»

دېگەن ئككى مسرا بار. بۇ ئككى مسرا بەدىئىيلك جەھەتتن ياخشى چقمغان بولۇپلا قالماي، بايان قلنغان پكرمۇ توغرا ئپادىلەنمگەن. ئنسان باسقان قەدەمنڭ ئۆزى — تارىخ، چۈنكى تارىخ ئنساننڭ بېسپ ئۆتكەن يولى. شۇنداق ئكەن، ئنسان باسقان قەدەم بلەن تارىخ ئككى نەرسە ئەمەس، بەلكى بر نەرسە بولۇپ، «تارىختا ئزناسى بار» دەپ «قەدەم» بلەن «تارىخ»نى ئككى نەرسە قلىپ قويۇش توغرا بولمغان. «ئزناسى» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تلىدا، مېنڭ چۈشنىشمچە «ئز» سۆزىگە قارىغاندا، مەنە جەھەتتن ئاجىزراق بولۇپ، ئاز-تولا بەلگىسى بار ئز دېگەن مەنىنى بلدۈرىدۇ. ئەگەر برىنچى مسرانى توغرا دەپ پەرەز قلساق، ئزناسى دېگەن سۆز تازا ئورنىغا چۈشمگەن ياكى پكرنى ئېنق، توغرا ۋە دەل ئپادىلەپ بېرەلمگەن سۆز بولىدۇ. شېئرلاردا بۇنداق ئورنىغا چۈشمگەن سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئومۇمەن، بزنڭ شېئرلىرىمزدا يۇقرىقىدەك گراماتىكا جەھەتتن، يەنى شېئرىيەت گراماتىكسى جەھەتتن توغرا بولمغان، مەزمۇن توغرا ئپادىلەنمگەن جۈملىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ھەتتا بەزى مسرالارنڭ تۈزۈلۈشى ئۇيغۇر تلى گراماتىكسغا خاس بولمغان، باشقا مىللەتلەر گراماتىكسغا خاس شەكلدە تۈزۈلىدۇ. شېئرىيىتىمزنڭ تلى جەھەتتن، بولۇپمۇ تلنى توغرا ئشلىتش، شېئرىيەت گراماتىكسغا رىئايە قلىش جەھەتتن توغرا تەرەققىي قلىش، مللىي ئالاھىدىلكى ۋە سۇپىتىنڭ يۇقرى كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن پايدىلىق. تل ئالملىرىنڭ شېئرىيەت گراماتىكسى ئۈستدە كۆپرەك ماقالە يېزىپ، شېئرىيىتىمزنڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمد قلمەن.

2. دېمەكچى بولغان ئككنچى مەسلىنى ماقالەمنڭ يۇقرىقى قسملىرىدا ئاساسەن دەپ بولدۇم. بۇنڭدا دېمەكچى بولغان پكرىم، بر شېئر ھەم مەزمۇن، ھەم بەدىئىيلك جەھەتتن ياخشى بولسۇن، برى ياخشى بولۇپ، برى ياخشى بولمسا، بولۇپمۇ بەدىئىيلكى ياخشى بولمسا، مەزمۇنى قانچىلك ياخشى بولغىنى بلەن شېئر بولمايدۇ. شائرلار ئۆزنڭ ھەر بر سۆز، ھەر بر مسرا، ھەر بر كۇپلېتى ئۈستدە ئەقل ئشلىتشى كېرەك، دېگەندن ئبارەت ئدى. مېنڭ بۇنڭدا دېمەكچى بولغان

www.uyghurkitap.com



ئاساسىي پىكرىم شائىرنىڭ ئەقىل ئىشلىتىش (شائىرانە ماھارەت) مەسىلىسىدىن ئىبارەت. سۆزلەرنى چىرايلىق تىزىپ، تۇراق، قاپىيىلىرىنى جايىدا كەلتۈرۈپ يازغان شېئىر بولسىمۇ، لېكىن شائىرنىڭ جاپالىق ۋە ئىجادىي ئەمگىكى (شائىرغا خاس بولغان جاپالىق ۋە ئىجادىي ئەمگىكى) كۆرۈلمىسە، مېنىڭچە ئۇنى ياخشى شېئىر، شائىرنىڭ شېئىرى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا خەت بىلىدىغان، ئاز-تولا ساۋاتى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شېئىر يازالايدۇ. لېكىن، شېئىر يازغان ئادەمنىڭ ھەممىسىنى شائىر دېگىلى بولمايدۇ. شائىرنىڭ شېئىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە شائىرانە ماھارىتى بىلەن ئادەتتىكى شېئىرلاردىن پەرقلىنىشى كېرەك. شائىرنىڭ شېئىرى بولۇش ئۈچۈن، مېنىڭچە شائىرانە ماھارەت ياكى ئەستايىدىل ۋە جاپالىق ئەقىل ئىشلىتىش جەريانىدىن ئۆتۈشى كېرەك، بۇنداق شائىرانە ماھارەت بىلەن يېزىلغان شېئىرلار تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ:

(1) ئۇ ئادەتتىكى پىكىر ۋە ئادەتتىكى سۆزلەرنىڭ شېئىرىي شەكىلدىكى تىزمىسى بولماي، بەلكى خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي، ئارزۇ-ئارمانلارنى گۈزەل، جانلىق ۋە تەسىرلىك شېئىرىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈپ، كۈچلۈك ھاياجان، شېئىرىي تىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك.

(2) شېئىر ئۆز كىتابخانىغا ئىلھام بېرىدىغان بولۇشى، ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىرىنى كىتابخان ئويلىنىدىغان، ئىزدىنىدىغان ۋە چۈشىنىدىغان بولۇشى كېرەك. ئۆز كىتابخانىنى ئويغا سالالمايدىغان، دېيىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئوچۇق-ئاشكارا ئېيتىۋېتىپ لاۋزىلىشىپ قالىدىغان، كىتابخان بىر ئوقۇپلا تاشلىۋېتىدىغان بولماسلىقى كېرەك. ئۆز كىتابخانىنى ئويغا سالالمايدىغان شېئىر ياخشى شېئىر ئەمەس. بەلكى «قانچىلىك ئويلىنىشقا بەرداشلىق بېرەلىگەن شېئىر» ياخشى شېئىر ھېسابلىنىدۇ.

(3) شېئىر ۋەز-نەسىھەتكە تولغان بولماستىن، كەڭ، گۈزەل تەسەۋۋۇرلار ياردىمى بىلەن رېئال ۋە خىيالىي دۇنيا گىرەلىشىپ كەتكەن گۈزەل سۈرەت بولۇشى لازىم. رېئال دۇنيا تەسۋىرلەنگەن شېئىرلاردىمۇ مول تەسەۋۋۇر گۈزەللىكى جەۋلان قىلىشى لازىم. دېگەنلىرى ئەقىلگە سىغىدىغان، دوت-كالۋالارمۇ چۈشىنەلەيدىغان بولسا، ئۇ ياخشى شېئىر ھېسابلانمايدۇ.

(4) شېئىر ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ. شائىر پۈتۈن ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت يولى بىلەن مېڭىپلا قالماي، ئۇنىڭ ھەر بىر شېئىرىمۇ ئىجادىيەت بولۇشى كېرەك. بىرەر پىكىرلىقنى كۆتۈرۈپ چىقمىغان شېئىر، مەيلى قانچىلىك چىرايلىق سۆزلەرنىڭ تىزمىسى بولمىسۇن، ئىجادىي شېئىر، ياخشى شېئىر بولالمايدۇ. شائىر «ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىدە بولغان»، ئەمما «ھېچكىمنىڭ قەلىمىدە كۆرۈلمىگەن» نەرسىنى يازغاندىلا، ئىجادىي شېئىر يازغان بولىدۇ. كەڭرەك ئېيتقاندا، يازماقچى بولغان ئوبيېكتىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق، ئىنچىكە ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ باشقىلار دېمىگەن ياكى بايقىمىغان يېڭى تەرىپىنى تېپىپ، ئۇنى ئۆز دىتى، ئۆز يۈرىكى بىلەن چۈشىنىپ، ياخشى كۆرۈپ، ئۆز ھاياجىنىنى ئۆز تىلى بىلەن سۆزلەپ بېرەلىگەن شائىرنىڭ شېئىرى ئىجادىي شېئىر بولىدۇ.

سىز ئەڭ سېغىنغان، تۆت كۆز بىلەن يولىغا قارىغان يارىڭىزنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا قانداق قىلىسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىنى، يارىڭىزنى تۆت كۆز بىلەن يولىغا قاراپ سېغىنغىنىڭىزنى قانداق ئىپادىلەيسىز؟ مۇھەببەت ۋە سېغىنىشتىن ئىبارەت بۇ پارتلىغان ھېسسىيات سۈرىتىنى ھاياجان ۋە گۈزەل تىل بىلەن قانداق سىزىپ چىقىسىز؟ بۇ سۈرەت سىزنىڭ قەلىمىڭىزنىڭلا سۈرىتى، بۇ ھېسسىيات سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنىڭلا ھېسسىياتى بولۇشى كېرەك!

يارنى كەپتۇ دېسە،
يۈگرەپ چىقاي باشىم بىلەن.
يارى يۈرگەن كوچىلارغا
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.

مۇھەببەت ۋە سېغىنىشتىن ئىبارەت بۇ پارتلىغان ھېسسىياتنى بۇنىڭدىن ئارتۇق گۈزەل سۈرەت، ئىندىۋىدۇئال ھېسسىيات، يېقىملىق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمىسا كېرەك، مانا بۇ ئىجادىيەت!

ئەگەر بىر شېئىر ئىجادىيەت بولمىسا، ئۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. بەزى شېئىر، بەزى شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئىندىۋىدۇئاللىقى (ئىجادىيەت ئۇسلۇبى) بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ئىسمىدىن ئايرىلسا، ئۆزىنىڭ بولماي قالىدۇ. شائىرانە ماھارەت ياكى شائىرانە ئەقىل ئىشلىتىش قانداقتۇر بوغۇم ساناپ ياكى ئەندىزىگە چۈشۈرۈپ مىسرا تىزىش، مىسرالارنىڭ تۇراق، قاپىيە ۋە رىتىمنى جايىدا كەلتۈرۈشلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن شەرتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان ئىجادىي شېئىر يېزىشتىن ئىبارەت. ئالدىنقىسىنى قىلماق ئاسان، شائىر بولۇش ئۈچۈن دەل كېيىنكىسىنى قىلىش كېرەك.

**بەشىنچى، چۈشكۈنلۈك ئۈمىد ۋە غۇرۇرغا ئايلانسۇن.**

بىر قىسىم ياش شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدا بىر خىل چۈشكۈن كەيپىيات خېلىلا ئېغىر ئىپادىلىنىمەكتە. ئۇلار ئۆز شېئىرلىرىدا كۆپىنچە ھىجران، جۇدالىق، قايغۇ-ھەسرەت، تەنتىرەش، قايمۇقۇش، يول تاپالماسلىقتەك روھىي ھالەتلەرنى كۆپرەك تەسۋىرلەپ نالە قىلماقتا. مۇھەببەتتىكى ھىجران ۋە جۇدالىق زارى بۇ ياشلارنىڭ شېئىرلىرىدىن خۇددى يىغىدەك ئاڭلانماقتا. شۇنداقلا ئۇلار تېما جەھەتتە مۇھەببەت تېمىسىدىن يىراققا ئۆتەلمەيۋاتىدۇ.

بىر ئادەم، بىر مىللەت، خەلققە نىسبەتەن ئالغاندا، ئۈمىدلىك ۋە غۇرۇرلۇق بولۇش-بولماسلىق ئۇنىڭ ئالغا بېسىش ۋە باسالماسلىقىنى، مۇھىمى، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تولۇق تونۇش-تونۇيالماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈمىدلىك ئادەملەردە ئىشەنچ، ئىرادە بولىدۇ. ئىشەنچ ۋە ئىرادە بولغان ئادەملەر ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ، مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئىشقىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ياكى يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. چۈشكۈنلۈك-ئۈمىدسىزلىك ئىكەنجىسىدىكى ئادەملەر ئىشەنچنى، غەيرەت-ئىرادىسىنى يوقاتقان بولىدۇ. غۇرۇر ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى، قولىدىن نېمە كېلىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇش بولۇپ، تونۇغانلاردا غۇرۇر،

www.uyghurkitap.com



تونۇمىغانلاردا مالايلىق كەيپىياتى بولىدۇ. سەن قولۇڭدىن نېمە كېلىدىغانلىقىنى، باشقىلاردەك سەنمۇ بىرەر ئىش قىلالايدىغانلىقىڭنى بىلسەڭ، «مەنمۇ ئادەم» دەپ باشقىلارنىڭ كۆزىگە ياكى ئاغزىغا قاراپ ياشىمايسەن، دېمەك سەندە غۇرۇر بولىدۇ. مىللەتمۇ، خەلقمۇ ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى، ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق تونۇيالىسا، غۇرۇرلۇق بولىدۇ. بىزنىڭ بەزى شېئىرلىرىمىزدا بۇنداق ئۈمىد ۋە غۇرۇر يوق دېيەرلىك بولۇپ، چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىكنى تەرغىب قىلماقتا. مەسىلەن، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1991-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان «سۈكۈتتىكى ئورمان» دېگەن شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

سۈكۈناتقا چۆمۈلگەن ئورمان،
قانداق خىيال يايغاندۇ ئىتەك؟!
ئۈيقۇدىمۇ ياپراقلار بۇدەم،
يا بىرىدىن تىڭشامدۇ چۆچەك؟!
سىردىشىغا تەلمۈرۈپ يەنە
ئەتراپلارنى ئاختۇرار تېرەك.
ئەنە قەدىم چىغىر يول بىلەن
يېتىپ كەلدى ماغدۇرسىز تىلەك.

بۇ ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈككە تولغان مىسرالار ئارقىلىق شائىر ئۆز كىتابخانلىرىغا نېمە دېمەكچى بولىدۇ؟ بۇ شېئىرنى سۆزمۇ سۆز، مىسرامۇ مىسرا تەھلىل قىلمىساقمۇ، ئۇنىڭدىكى «ماغدۇرسىز تىلەكنىڭ يېتىپ كېلىشى» دىن بىرخىل ئۈمىدسىزلىك-چۈشكۈنلۈك پىغانى خۇددى ئىس-تۈتەكتەك ئۆرلەۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان.

«قان ساتىمەن، ۋىجدان ساتمايمەن» دېگەن مەزمۇندىكى بىر ناخشا ھەممە يەردە ئېيتىلىپ يۈرمەكتە. بۇ ناخشا قارىماققا (گەپ تېكىستى ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ) تۇرمۇشتىكى خۇشامەتچىلىك، قۇلچىلىق، پارىخورلۇق، تەگسىزلىك ئىللەتلىرىگە قارشى شېئىردەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن يەنىلا بۇ ناخشىدا بىر خىل چىقىش يولى تاپالمىغان، ئارزۇ-ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە ئىرادىدىن ئايرىلغان «مەن» سۆزلىنىدۇ. بۇ قەھرىمان «مەن» گويا يۇقىرىدا بىز ساناپ ئۆتكەن ئىللەتلەر ئالدىدا باش ئەگمىگەن قەھرىماندەك كۆرۈنىسىمۇ، يەنىلا ئۇ تۇرمۇشتا چىقىش يولى تاپالمىغان بىچارىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان، شائىر قان سېتىشتىن ئىبارەت بۇ تۇرمۇش ھادىسىسىنى ۋاستە قىلىپ، تۇرمۇشتىكى يامان ئىللەتلەرنى پاش قىلغان دېگەندىمۇ، بۇ ۋاستە يەنىلا ياخشى ۋاستە بولمىغان. چۈنكى، خەلقىمىز قان سېتىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ياخشى ئادەملەر قان ساتمايدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، بۇ ۋاستە يەنىلا بىچارىلىكنىڭ، چىقىش يولى تاپالمىغانلىقنىڭ، يامان ئىللەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلماسلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالغان.

(ئاخىرى 84-بەتتە)

١

# خاتىرە ۋە ئەسلىمە

ئابدۇكېرىم هاشىم

## ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەر

(ئەسلىمە)

ئۇزاق يىللىق ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن نۇرغۇن ئەدىبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى، پەزىلىتى بىلەن ئۆز زامانداشلىرىنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئىز قالدۇرغان. ئۇلارنى پەخىرلىنىپ تىلغا ئېلىش بىزگە ئۇدۇم بولۇپ كەتسە كېرەك، هازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىسى ۋە دراماچىلىقىنىڭ ئاساسچىسى زۇنۇن قادىرىنى ئەسلىگىنىمدە ئۇنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كۈنلىرىمنى زامانداشلىرىم بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى. خەلقىمىز ئۇنى هەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.

### تۇنجى پاراڭ

1963-يىلى، سابىق شىنجاڭ داشۆ شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ تەتىل بولغان كۈنلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. مەكتەپ خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى قېيۇم ئاكا يۇقىرى سىنىپ بالىلىرىدىن ئەخمەت، ئۈمىد قاتارلىق بالىلارنى مەكتىپىمىزنىڭ قوغۇن-تاۋۇزلىرىنى سېتىپ، مەكتەپكە كىرىم قىلىشقا بۇيرۇغانىدى. تەتىلدە باشقا يەرگە بارىدىغان ئىشلىرىمىز بولمىغاچقا، بىزمۇ ئۇلارغا ياردەملىشىپ بەردۇق. بىر كۈنى چۈشتە ئەخمەتكام ئۆزىنىڭ قوغۇنلىرىنى داڭلاپ تازا ۋارقىراۋاتاتتى. ئارىدىن كىمدۇر بىرى:

— قاراڭلار، ئاۋۇ كېلىۋاتقانلار كىملەر؟ — دەپ قالدى. هەممىمىز ئۇ دېگەن تەرەپكە بۇرۇلدۇق. «يەنئەن يولى» نىڭ يۇقىرىسىدىن ئىككى ئادەم پاراڭلىشىپ ئاستا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىرىنى دەرهاللا تونۇدۇم. ئۇ «رۇخسارى» مۇقامىنىڭ ئىجادچىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكانتى زىكرى ئەلپەتتا ئىدى. يەنە بىرى كىمدۇ؟ ئەخمەتكام هەممىمىزنى هەيران قالدۇرۇپ:

— يازغۇچى زۇنۇن قادىرغۇ؟ — دېدى.

ئەخمەتكامنىڭ ئاشۇ گېپى بىلەن تەڭلا هەممىمىز زۇنۇن قادىرغا تىكىلدۇق. ئوتتۇرا بوي، گەۋدىلىك، كۆزلىرىدىن پاراسەت ۋە مېهرىبانلىق ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ ئادەم ئۇدۇلىمىزغا كېلىپ قالدى. ئەخمەتكام قوغۇنلىرىنى تېخىمۇ داڭلاشقا باشلىدى:

— كېلىڭ، كېلىڭ ئابىناۋاتكەن بۇ، شېكەرسۇيىمدۇيا، كېلىڭ!

ئەخمەتكامنىڭ بۇ گېپى بىلەن تەڭ زۇنۇن قادىرى بىلەن زىكرى ئەلپەتتا تەڭلا بىزگە يالت قىلىپ قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى. زۇنۇنكام ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ، بېشىنى سىپايىلىق بىلەن ئېگىپ رەھمەت ئېيتتى. بۇ مېنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان ئاق پىشماق ئادەمنى تۇنجى قېتىم يېقىندىن كۆرۈشۈم ئىدى. شۇ ھامان ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى باۋۇدۇن نىيازنىڭ «چېنىقىش» ھېكايىسىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي قىممىتى ھەققىدە ئۆتكەن دەرسى ئېسىمگە كەلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم»، «توي» قاتارلىق دراملىرىنى ۋە «ماغدۇر كەتكەندە»، «ئەسلەش» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇدۇم. بۇ ئەسەرلەر ماڭا رېئال ھايات زوقىنى بەخش ئېتىش بىلەن بىللە ئەل سۆيەر يازغۇچىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىمنى كۈچەيتتى.

ئارىدا تەتىل تۈگەپ، دەرسلەر باشلىنىپ كەتتى. بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلاردىن كىمدۇر بىرى سىنىپقا يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ئۈرۈمچى «تيانشان» مېھمانخانىسىدا پىپەن قىلىنىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كىردى ۋە ئاز ئۆتمەي ئۇنىڭ تارىمغا پالانغانلىقىنى ئاڭلاپ، مېنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ قەلبىدىمۇ ئاچچىق بىر ھەسرەت ئۇيۇپ قالدى. بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەردىن كېيىن سىنىپتىكى ھەممىمىز جىمىپ كەتتۇق. ئەتەي بولسا كېرەك، ساۋاقدىشىم زەينەپ توختى بىر ناخشا ئېيتىپ، ھەممىمىزنى روھلاندۇرۇۋەتتى:

دولقۇن كۈچلۈك شاۋقۇنلايدۇ،
كۈندىن-كۈنگە، يىلمۇ يىل.
سۆيۈشكەنلەر ئايرىلىدۇ،
ئايرىلمايدۇ ئەمما دىل...

شۇنىڭدىن كېيىن نى-نى بوران-چاپقۇنلۇق كۈنلەر ئۆتتى. ياش ۋە ئەقىل-ئىدراك جەھەتتىن چوڭ بولدۇق. ئاق-قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا ئۇ يەر-بۇيەردىن كىتابلارنى تېپىپ ئوقۇدۇق. لېكىن، ئاتاقلىق يازغۇچىنىڭ ھېچقانداق بىر يېڭى ئەسىرىنى كۆرمىدۇق ۋە ئاڭلىمىدۇق.

## جەنۇبقا سەپەر

1985-يىلى مەن ئۈچۈن ئالاھىدە بىر خۇشاللىق يىل بولدى. شۇ يىلى ئىيۇلدا، خوتەندە ئېچىلىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدىم. تەلىيىمگە ماڭا زۇنۇن قادىرى، تۇردى ساماساقلار بىلەن سەپەرداش بولۇپ بىللە مېڭىش نېسىپ بولۇپ قالدى. ماڭىدىغان كۈنى ئەتىگىنى زۇنۇنكام، تۇردىكام بىلەن بىللە ئەينى يىللاردىكى «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرىدىن روزى نىياز، مەھەممەت شانىيازلارمۇ ئاپتوبۇسقا چۈشتى. زۇنۇنكامنىڭ: «كىچىك قاقىرمۇسەن؟

ئاكاڭغا بەك ئوخشايدىكەنسەن...» دېگەن چاقچىقى بىلەن تەڭلا تونۇشۇپ كەتتۇق. تۇردى ساماساق ئاكىنى بولسا تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. «تيانشان باغرىدا»، «بەش تال ئوق» دېگەن ھېكايىلىرى بىلەن داڭق چىقارغان بۇ كەمتەر ئادەمنى بالىلىق دەۋرىمدىن باشلاپ بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇنىڭ بىلەننۇ تېزلا چىقىشىپ كەتتۇق. باشقا سەپەرداشلىرىمىز پاراڭچى بولغاچقا يول بويى كۈلكە-چاقچاق بىلەن ماڭدۇق.

**«ئارامبەخش ئاشخانىسى»دا**

جەنۇبنىڭ ئۇزۇن يولىنى بېسىپ كېلىۋاتىمىز. چىڭقى چۈشتە، توقسۇ ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدۇق. توقسۇ بازىرى بەكمۇ ئاۋات ئىدى. بازار ئوتتۇرىسىدا ئالدىغا رەڭگا رەڭ گۈللەر قويۇلغان بىر ئاشخانا دىققىتىمىزنى تارتتى. ئاشخانا ئالدىغا كېلىشىمىزگە كارىۋات ئۈستىدىكى زىلچىدا ئولتۇرغان سېمىز ئايال: «كېلىڭسىلە ئەزىز مېھمانلار، مېھمانلارغا قارايلى!» دېدى. بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئالدىمىزغا پاكار، دوغىلاقىنا بىر چوكان چىقىپ: «قېنى خاس ئۆيگە» دېدى تەبەسسۇم بىلەن ۋە ئالدىمىزغا قىزىق چاي كەلتۈردى. چايدىن بىر يۇتۇمدىن ئىچىپ تۇراتتۇق، چوكان: «خوش، مېھمانلارنىڭ نېمە يېگۈسى باركىن؟» دەپ سورىدى. ھەممىمىز زۇنۇنكامغا قارىدۇق:

— ئوخشىتىپ بىر لەغمەن يەيلى، قورومىنىڭ شوخلىسى جىقراق بولسۇن، — دېدى زۇنۇنكام. ياش چوكان كۈلۈپ:

— لەغمەن دېگەنلىرىدىن قارىغاندا ئىلىخودىن ئوخشىماملا، — دېدى.

— مەن سىلىگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى تۇردى ساماساق ئاكا زۇنۇنكامنى كۆرسىتىپ، — بۇ كىشى يازغۇچى زۇنۇن قادىرى بولىدۇ.

ياش چوكان شۇ ھامان يۈگۈرۈپ كېلىپ زۇنۇنكامنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ چىڭگىمدە تۇتۇپ، قايتا-قايتا سىلكىپ تۇرۇپ:

— سىلىنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم، مانا بۈگۈن بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى، مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆردۈم، — دېدى.

لەغمەن تولىمۇ ئوخشاپتىكەن، ھۇزۇرلىنىپ يېدۇق. تاماقتىن كېيىن پۇل تۆلەشكە يانچۇق ئاختۇردۇق.

— مۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلىشمىسىلا، خاپا بولىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى ھېلىقى سېمىز ئايال، — پۇل ئالمايمەن. زۇنۇنكامنى مېھمان قىلغىنىم بولسۇن، لېكىن بىر تەلىپىم بار، ئاشخانامنىڭ نامى يوق، زۇنۇنكام بىرئات قويۇپ بەرسە، خاتىرە بولۇپ قالسۇن.

زۇنۇنكام بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە خېلى ئويلانغاندىن كېيىن دېدى:

— ماقۇل ئەمسە، بىز يول يۈرۈپ چارچاپ، سىزنىڭ ئاشخانىڭىزدا ئارام ئالدۇق، كۆڭلىمىزدىكى تاماقنى يەپ راھەتلەندۇق. شۇڭا بۇ ئاشخانىڭىزنىڭ ئىسمى «ئارامبەخش ئاشخانىسى» بولسۇن، قانداق؟

— ۋاي، تولىمۇ ئوبدان ئىسىم بولدى، تەۋەررۇك ئىش بولدى.

ئاشخانا ئىگىسى تۇرانخان بىزنى خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى ۋە ماشىنىمىز

www.uyghurkitap.com

قوزغالغۇچە قاراپ تۇردى.

## تونۇش ۋە ناتونۇشلار

سەپەر ئۈستىدە، ئاقسۇدىكى بىر ئاۋات بازاردا توختاپ تاماق يېمەكچى بولدۇق. بىز زۇنۇنكام بىلەن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تاۋۇز يېگەچ پاراڭ قىلدۇق. زۇنۇنكامنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەر ئۇ ئون سەككىز يىلدىن ئارتۇقراق خارۇ زارلىق بىلەن ئۆتكەن لۈكچو دېگەن يەرگە ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بىر ناتونۇش ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى قىزغىن، سەمىمىي ۋە ئىنتايىن تەۋەززۇ بىلەن قايتا-قايتا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. زۇنۇنكامنىڭ سالامەتلىكىنى، ئۆي ئىچىنى، خىزمىتىنى، ھەتتا ھازىرغىچە خەلق ئاغزىدىن چۈشمەي ۋاتقان شان-شۆھرىتىنى بىرمۇ بىر تىزىپ ھال-ئەھۋاللىشىپ كەتتى. بىز بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن تولىمۇ تەسىرلەندۇق. دەم ئېلىش ۋاقتىمىز توشۇپ، ماشىنا ماڭماقچى بولدى. بىز بۇ ناتونۇش ئادەم بىلەن خوشلىشىشىمىزغا توغرا كەلدى. ھېلىقى ئادەم زۇنۇنكامنىڭ قولىنى زادىلا قويۇپ بەرمەيتتى.

— زۇنۇنئاخۇنكا، ھۇزۇرىمىزدا بىر ئاخشام ئويناپ كەتسىلە، بىشىمىز ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولاتتى.

— خوش، رەھمەت، — زۇنۇنكام كەمتەرلىك بىلەن بۇ ناتونۇش ئادەم بىلەن خوشلاشتى، — ئامان بولساق ئۇمۇ بولۇپ قالار.

— زۇنۇنكا بايىقى ناتونۇش كىشى كىم؟ — ماشىنا يولغا چىقىپ خېلى ئۇزاقلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سورىدۇق، — بەكمۇ يېقىن ئادىمىڭىز ئوخشايدۇ-ھە؟

— نەدىكىنى، — دېدى زۇنۇنكام مىيىقىدا كۈلۈپ، — مەن لۈكچودا تۇرغان ئون سەككىز يىلدا جېنىمنى ئېلىپ، جاڭگالدا قويغان زالىم يېزا ئەمەلدارلىرىدىن بىرى مۇشۇ ئىدى.

— نېمە؟! — باياتىن زۇنۇنكامنىڭ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈللۈك، كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدىن ئەقلىمىز ھەيران قالدى. بىز تەرەپ-تەرەپتىن:

— زۇنۇنكا يۈزىگە تۈكۈرسىڭىزچۇ... گەپىنىڭ سېسىقىنى قىلىپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتسىڭىزچۇ... — دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتۇق.

— ياق، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ، ئۇنىڭ نادانلىقىغا ئېچىنىشىمىز كېرەك، — زۇنۇنكام بىزگە قاراپ كۈلۈپ كۆزەينىكىنى تۈزەپ قويدى.

## بىر تال ئالما

خوتەندىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىمىز ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. يەنىلا زۇنۇنكام بىلەن بىر گۇرۇپپىدا بولغىنىم بەكمۇ كۆڭۈللۈك ۋە ياخشى بىر پۇرسەت بولدى. ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىغا سوۋغات قىلىپ يازغان «ئىبە ئانا يەر» ناملىق ھېكايەمنى گۇرۇپپا يىغىنىدا ئوقۇغىنىمدا زۇنۇنكامنىڭ:

— ئابدۇكېرىم، يازغىنىڭ ھېكايىمۇ، نەسىرمۇ؟ — دېگەن بىر ئېغىز پىكرى بىلەن ئۇجۇقۇپ كەتتىم. ئۇ:

ــ يازغىنىڭ تازا ھېكايىلىك خۇسۇسىيەت ئالالماپتۇ، ئەمما ياخشى نەسىر ئىكەن، لىرىكىلىق تۈس ئاپتۇ. مېنىڭچە ۋەتەنپەرۋەرلىك مەدھىيىلەنگەن بۇ ئەسەرنىڭ كېڭەيتىپ ئىشلىسەڭ بولغۇدەك، ــ دېدى.

كېيىن مەن ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، بۇ ئەسەرنى پۈتتۈردۈم. بۇ كىتاب بۈلتۈر مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ تۆھپەمنى ھەرگىزمۇ زۇنۇنكامنىڭ ئەجرىدىن ئايرىپ قارىيالمايمەن.

يېقىن ئارىلىقتا قارىقاش ناھىيىسىگە ئېكسكۇرسىيىگە باردۇق. كەچلىك كۆتۈۋېلىش يىغىلىشىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى تەكلىپ قىلىنىپ تۆردىن ئورۇن ئالغانىدى. ھەر قېتىملىق ئېكسكۇرسىيە، كۈتۈۋېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا زۇنۇنكامنى ھەر قانچە تەكلىپ قىلىپمۇ رەئىس سەھنىسىدە ياكى تۆردە ئولتۇرغۇزالمايتتى، دائىم دېگۈدەك كۆپچىلىك ئارىسىدا ئولتۇرۇۋالاتتى. بۇ قېتىمقى كەچلىك كۈتۈۋېلىشتا ئۇلار زۇنۇنكامنى مەجبۇرىي تۆرگە ئولتۇرغۇزدى. يىغىن باشلىنىپ دەسلەپتە قارىقاش ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ياش ناخشىچى قىز ناخشىغا تەكلىپ قىلىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى بىلەن ھەممىزنى مەھلىيا قىلىۋالدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر دانە قىزىل ئالما چىراغ نۇرىدا چوغدەك چاقناپ تۇراتتى.

ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ،
شاخ-شېخىدا مەي بولۇپ.
يار بىزدىن يامانلاپتۇ،
بۇلۇت توسقان ئاي بولۇپ...

ناخشىچى قىز ناخشىنى ناھايىتى جاراڭلىق ئېيتتى. ئۇ ناخشا ئېيتقاچ رەئىس سەھنىسى تەرەپكە تەلپۈنەتتى. بىز قولىدىكى ئالمىنى باشلىقلارنىڭ بىرىگە بېرىپ، كۆڭلىنى ئالاي دېيدىمىكىن دەپ پەرەز قىلىشتۇق. لېكىن، ناخشىچى قىز ناخشىسىنى تۈگىتىپ، قولىدىكى بايىقى بىر تال ئالمىنى زۇنۇنكامغا تۇتتى. زۇنۇنكام ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن ئالمىنى قوبۇل قىلدى. كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشتىن ھەممىز گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتۇق.

كېيىن قارىقاش ناھىيە ھاكىمى ئابلا يۈسۈپنىڭ: ئىللىق ئاغىنىلەر بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشۈپ قويايلى، خاتىرە بولۇپ قالسۇن، دېگەن تەكلىپى بىلەن بەش يۈز ئەللىك يىللىق ياڭاق دەرىخىنىڭ ئالدىدا زۇنۇنكامنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتۇق. كېيىن مەتمىن ھوشۇر ئاكا سۈرەتتىن ھەر بىرىمىزگە بىر پارچىدىن بېرىپ:

ــ ئەڭ مۇھىمى، زۇنۇنكام بىلەن بىللە چۈشكەنلىكىمىز مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالدى ــ دېدى.

مانا بۇ ئىشلارغا كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئون يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. مەتمىن ھوشۇر ئاكا توغرا ئېيتىپتىكەن، ئاشۇ قىممەتلىك سۈرەت مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

# «تارىم» ژۇرنىلى نەسرىي ئەسەرلەر سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

1995 - يىل 21 - دېكابىر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يىغىن زالىدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەسرىي ئەسەرلەر سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ئەللىكتىن ئارتۇق ئاپتور ۋە بىر قىسىم تەھرىر ھەيئەتلەر قاتناشتى.

1995 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنالدا «40 يىللىققا سوۋغا» دېگەن مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، 3 - قېتىملىق «تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئەسەر قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى يولغا قويغان. 1 - ساندىن 10 - سانغىچە بۇ سەھىپىدە جەمئىي 23 پارچە ئەسەر ئېلان قىلىنغان. مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىن قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ھەربىر ژانىردىن بىردىن جەمئىي بەش ئەسەر «تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا تاللانغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى ئىزچىل «تارىم» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ، «تارىم» ژۇرنىلىنى قىزغىن قوللاپ كەلگەن بەش ئاپتور «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتورى قىلىپ باھالانغان. يىغىندا ئالدى بىلەن 3 - قېتىملىق «تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بەش ئەسەر بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بەش مۇنەۋۋەر ئاپتورى مۇكاپاتلاندى.

3 - قېتىملىق «تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر مۇنۇلار:

1. «لاي سۇ ئىچكەن جانلار» (پوۋېست) ئەنۋەر مۇھەممەت (1 -، 2 - سان)
2. «ھايات ۋە بۇرچ» (ئەدەبىي ئاخبارات) قەيسەر مىجىت (6 - سان)
3. «چار خوراز» (ھېكايە) مەمتىمىن ھوشۇر (8 - سان)
4. «سېھىرلىك سىرلار» (شېئىر) ئارسلان (10 - سان)
5. «(تارىم) ژۇرنىلىدا يېقىنقى ئون يىلدا ئېلان قىلىنغان ئوبزورلارنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى» (ئوبزور) مەتتۇرسۇن ئېلى (8 - سان)

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاپتور مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاپتورلار مۇنۇلار:

1. جالالىدىن بەھرام 2. نۇرمۇھەممەت توختى 3. ئەنۋەر مۇھەممەت 4. ئابلىز ئوسمان 5. ئەخمەتجان قۇربان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى قىزغىن قوللاپ كېلىۋاتقان 19 ئاپتورغا ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى نامىدىن ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلدى. بۇ

ئاپتورلار تۆۋەندىكىچە :

مۇھەممەتجان سادىق، مۇھەممەتجان راشىدىن، نۇرمۇھەممەت توختى، ئەنۋەر مۇھەممەت، جالالىدىن بەھرام، مۇھەممەت خېۋىر، ماخمۇت مۇھەممەت، ئابلىز ئوسمان، راخمانجان قۇربان، سۇلتان ھاشىم، باھارگۈل ساۋۇت، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، ئابدۇللا ساۋۇت، قەيسەر مىجىت، تۇردىھاجى ئابدۇغوپۇر، ئەركىن روزى، مۇھەممەت ئىمىن، ياسىن زىلال، ئادىلجان تۇنىياز قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇزۇندىن بۇيان ژۇرنىلىمىزنىڭ گۈزەل-سەنئەت خىزمىتىگە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ كېلىۋاتقان رەسسام مەھەممەت ئايۇپقىمۇ ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مەھەممەت شاۋۇدۇن نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا نۇقتىلىق سۆز قىلدى.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى زوردۇن سابىر ھەمدە ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇسالام توختى، باش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر قاتارلىقلار نەسرىي ئەسەر ئىجادىيىتىدىكى سۈپەت مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا سۆز قىلىشتى. ئۇلار نۆۋەتتە نەسرىي ئەسەر ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ سۈپەتنىڭ يۇقىرى بولمايۋاتقانلىقىنى، نادىر ئەسەر يارىتىش ئۈچۈن سۈپەتنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك پىكىر-تەلەپلىرىنى بەردى.

يىغىنغا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى روزى ھوشۇر ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئېلى زاھىت ۋە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدرىس بارات قاتارلىقلارمۇ قاتناشتى.

يىغىنغا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئارسلان رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئۆز خەۋىرىمىز)

## خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈردى

خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى لوپ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن 1995-يىل مارتتا لوپ ناھىيىسىدە نورۇز بايرىمى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 46 يىللىقى، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆكتەبىردە دېكلاماتسىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. پائالىيەتكە ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 200 ئاپتور قاتناشتى. بەش ئاپتور شېئىر ئوقۇدى.

ئۆكتەبىردە خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى

www.uyghurkitap.com



تەھرىر بۆلۈمى كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ 30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئىئانە توپلاپ، كېرىيە ناھىيىسىدە 1995-يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى جۇرئەت مەتمىن «ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. يىغىندا ئىجادىيەتتە تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان تۆت ئەدىبكە تون كىيدۈرۈلدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى بىرلىكتە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەللىكتىن ئارتۇق ئاپتورنى قارىقاش ناھىيىسىنىڭ سۇ سىگمەس ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ۋە ئۇلۇغ ئاتا سۇ قۇرۇلۇشى ئورنىغا ئېلىپ چىقىپ، تۇرمۇش ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.

(خەۋەرنى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەمىنلىگەن)

△ يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى قوغداش، ئورۇنداش ھوقۇقىنىڭ دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقى، ئەسەر ھوقۇقى بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە 1995-يىل 7-ئاۋغۇستتىن 16-ئاۋغۇستقىچە ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى.

△ جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى ئىلمىي جەمئىيىتى يېقىندا شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرىدە قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، بېيجىڭ سىفەن داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، جۇڭگو خەلق داشۆسى قاتارلىق 34 ئورۇننىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان مەملىكەت خاراكتېرلىك تەشكىلات.

△ ئاتاقلىق ئەدەبىي تەنقىدچى ۋاڭ يۈي، شاۋيۈنشۈلار دائىمىي قانۇن مەسلىھەتچىسى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ نورمال ئىلمىي، ئەقلىي، ئەدەبىي تەنقىد ھوقۇقىنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى. بۇ دۆلىتىمىز ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدىكى تۇنجى ئىش.

△ 1995-يىل 19-ئاۋغۇست لى رۈي، ۋاڭ ئەنيى، موبەن، لياڭ شاۋشىڭ، جاۋ بېنفۇ، چيۇفۇجىن، لى كاڭيۈي، ۋۇنوزىڭ، يەن جىگو، ۋاڭ يىڭچى قاتارلىق ئون ئاتاقلىق يازغۇچى دۆلەتلىك نەشرىيات ئىدارىسى ۋە ئاخبارات-نەشرىيات مەھكىمىسىگە بىرلىشىپ ئىمزالىق ئەرز سۇنۇپ، گۇاڭجۇ نەشرىياتى بىلەن خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى ئۇستىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئوغرىلىقچە باسقان ۋە ساتقان دەپ ئەرز قىلدى.

# ژۇرنىلىمىزغا ئېلان بېرىشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

سىز بىلىسىز، ژۇرنىلىمىز مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان تىرازى كۆپ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، تەسىرى چوڭ ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال. ژۇرنىلىمىز يېڭى يىلدىن باشلاپ ئېلان كەسپىنىمۇ يولغا قويۇپ، سىزنى ئەۋزەل ئېلان مۇنبىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ژۇرنىلىمىز دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرى، يېزا-بازار كارخانىلىرى ۋە بىرلەشمە مەبلەغلىق كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەل بازارلىرىدا كەڭ بازار تېپىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەشۋىقات ھەم ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش سورۇنى بولۇپ، سىز ئۈچۈن قىزغىن مۇلازىمەت قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىزغا ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملىك ۋە يېزىق ئېلانلىرىنى بېرىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەخسلەرنىڭ ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملىك ھەم يېزىق ئېلانلىرىمۇ ۋەكالىتەن بېجىرىلىدۇ. كارخانا ئورۇنلىرى، كارخانىچىلار ۋە شەخسلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزغا ئېلان بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«تارىم» ژۇرنىلى ئېلان بۆلۈمى

ئالاقىلاشقۇچى: قېيۇم تۇرسۇن. تېلېفون: 4516214
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-نومۇر.
ئېلان كەسپى رۇخسەتنامىسى: 新工商广字 01005419 号
ھېساب ئاچقان بانكا: ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسى نۇرلۇق يول باشقارمىسى
ھېسابات نومۇرى: 511261098


# 本刊欢迎刊登广告

尊敬的读者朋友：

您知道本刊是国内外公开发行。发行量大，发行范围广，影响较大的大型文学月刊。本刊从新年开始开展刊登广告业务，为您刊登广告开劈广阔天地·本刊愿成为全民，集体，个体工商企业。乡镇企业和合资企业产品在国内外拓宽市场。进行宣传和交流信息的园地并热情为您服务。本刊将刊登各种内容，图文并茂的广告。代办个人各种内容图文并茂的广告。欢迎各企业。企业家和个人在本刊刊登广告。

«塔里木»杂志广告部

联系人：克尤木。吐尔逊
电话：4516214
地址：乌鲁木齐市友好南路22号
广告业务许可证：新工商广字 01005419号
开户银行：乌鲁木齐市建设银行光明路分理处
帐号： 511261098






تارىم

《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：《博格达》 电子排版中心
正文印刷：乌鲁木齐市印刷厂
封面印刷：《新疆日报》社印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅、零售：各地邮局所

1996-يىل 2-سان (420-سان)، 45-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى. مۇقاۋىسى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

国际标准刊号： ISSN 1002-9044
国内统一刊号： CN 65-1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58-66　定价　4.00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66-58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码：830000 پوچتا نومۇرى:

广告许可证：新工商广字 01005419 号